ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## مۇقەددىمە

تارىخ چاقى چۆگىلەيدۇ شىددەتلىك،
جانلانماقتا دۇنيا بۈگۈن تەۋرەشتە.
قۇل قىلىنغان مەملىكەتلەر، مىللەتلەر،
قۇدرەت تېپىپ ئۇلغايماقتا كۆرەشتە.
كۆرەش بىلەن ئىزلىمەكتە بولانغان —
ھوقۇقىنى، ھۆرلىگىنى، بەختىنى.
ئۆز تۇغىنى كۆتەرمەكتە دۇنيادا،
جەڭلەر ئارا ئالغا باشلاپ خەلقىنى.
قارا تونلەك زۇلمەت يىرتىپ زاۋاللىق،
تەمتىرەتتى زوراۋانلار ئەھلىنى.
چىرىلىشلارنىڭ ئالەمشۇمۇل بورىنى،
لىڭشىتماقتا جاھانگىرلار تەختىنى.
ئادالەتسىز ۋە بىۋاپا ئەسىرلەر،
بولدى ئۇلار كەڭ جاھاننىڭ خاقانى.
ھوقۇق، بايلىق، ھاكىمىيەت شۇلاردا،
ۋە زامانمۇ ئاشۇلارنىڭ زامانى.
ئۆلىدۇپ بېرىپ قاراقچىلىق، ئىستىلا،
مۇستەملىكە قىلدى نۇرغۇن دۆلەتنى.
زورلۇق بىلەن قىلدى يۇرتسىز، ۋەتەنسىز،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆز ۋەتىنى بولغان كۆپلەپ مىللەتنى.
بۇلاپ - تالاپ ئاجىز كىچىك ئەللەرنى،
رەزىل، قەبىھ، جىنايەتلىك ئىش قىلدى.
يەر يۈزىنى بوياپ قىزىل قان بىلەن،
سانسىز ھايات باھارىنى قىش قىلدى.
ئىنسانىيەت تارىخىغا قاراڭلار!
قانلار بىلەن يېزىلغاندۇر ھەر بېتى.
قۇرلىرىدا نالە - پەريات ھىلىمۇ —
غەزەپ بىلەن ياڭراپ تۇرار شۇ پېتى.
كۈرەش مەۋجۇت زۇلۇم بولسا قايەردە،
كەلدى ئەمدى ئەرك - ئازاتلىق نۆۋىتى.
قول خەلقلەر كۆتىرىلدى ئويغىنىپ،
قايناپ - تېشىپ شىجائىتى، جۇرئىتى.
تارىخ چاقى چۆگىلەيدۇ شىددەتلىك،
جانلانماقتا دۇنيا بۈگۈن تەۋرەشتە.
ئاجىز، كىچىك مەملىكەتلەر، مىللەتلەر،
قۇدرەت تېپىپ ئۇلغايماقتا كۈرەشتە.
ئېزىلگەنلەر كۆتەرمەكتە قەددىنى،
روناق تېپىپ بۇ مۇقەددەس ئىسياندا.
جەڭلەر ئارا مەشئەل بولۇپ چوغلىنىپ،
يېڭى تاڭدەك نۇر چاچماقتا جاھاندا.
ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدا نۇرلاندى،
بۇ كۈرەشنىڭ بىر مەشئىلى پەلەستىن.
پەلەستىننىڭ باتۇر ئوغۇل - قىزلىرى،
نىجات يولى ئىزلىمەكتە كۈرەشتىن.
شان - شۆھرەتلىك چېلىشلىرى ئۇلارنىڭ

ھاياجانغا سالدى پۈتۈن دۇنيانى.
ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئالىمى،
مەدەت بېرىپ قوللىماقتا ئۇلارنى.
ئەكس سادا بەردى مېنىڭ قەلبىمدە،
ئۇلار ئېلىپ بارغان جەڭلەر بورانى.
بوران سۈپەت مىسرالاردىن گۈل تىزىپ،
قوشاق قېتىپ ئۇلۇغلايمەن ئۇلارنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1- باپ

# ئەلى بوۋا

شامال قارا بۇلۇتلارنى ئۇچۇرۇپ،
ئاسمان بويلاپ ئېلىپ بارار ئۇزاققا.
دېڭىز ئاپپاق كۆۋۈكلەرنى چاچرىتىپ،
دولقۇنلىنىپ ئۇرۇلىدۇ قىرغاققا.
فيۇرالنىڭ ئەم تۇمانلىق كۈنلىرى،
چۆگىلەيدۇ تۇمان دالا، ئېتىزدا.
دولقۇن بىلەن گاھى لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ،
تالاي جەسەت لەيلەپ يۈرەر دېڭىزدا.
ۋەھشى قۇشلار چىقىرايدۇ نەدىدۇ،
ئۇندا خاراپ بولغان گۈزەل ۋادىلار.
توپ - توپ بولۇپ ئۆلۈكلەرگە قونۇشار،
كېرىپ قارا قاناتىنى قاغىلار.
شامال ئېلىپ كېلەر تۈرلۈك سادانى:
نالە - پەريات، يىغا - زارە ۋە قاغاش.
تانكىلارنىڭ گۈلدۈرلىشى، ئېتىشما،
بەزەن تۇتۇق، بەزەن ئېنىق پارتلاش...

ئېلىپ كېلەر بەزەن ئاچچىق ھۇشقىتىپ،
ئوتتا كۆيگەن ئادەم ۋە قان ھىدىنى.
شامال بىلەن بىسىپ كېلەر ئەتراپنى،
يانغىنلارنىڭ تۈن رەڭگىدەك تۈتۈنى.
قارا چېچى شامال بىلەن چۇگۇلۇپ،
قېچىپ كېلەر ياش بىر ئەرەب ئايالى.
قوللىرىدا بۇدرۇققىنا، قارا كۆز —
بوۋاق ئۇنىڭ جان رىشتىسى، نىھالى.
بۆرىلەردىن قاچقان تەنھا كېيىكتەك،
قاچار ئايال، يېتىپ كېلەر قىرغاققا.
ئارقىسىدىن ئاپتوماتلىق يەھۇدى،
قوغلاپ ئۇنى سۈرۈپ كېلەر بۇياققا.
مەنزىل يېتىپ، توختاپ قالدى ياش ئايال،
قەھرلەنگەن چەكسىز دېڭىز ئالدىدا.
قوغلاپ كېلەر قۇچاق يېيىپ يەھۇدى،
دەھشەت سېلىپ ۋە ۋاقىراپ ئارقىدا.
دېڭىز قاينار ئاسمان بىلەن تۇتۇشۇپ،
دولقۇنلىرى چېپىپ كېلەر، شاقىرار.
ئايال باقار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ،
كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى يالتىرار.
كۆز ئالدىدا: كۆيۈۋاتقان ئانا يەر،
ئۇرۇش ئوتى ئارا قالغان ئۆلكىلەر.
تاغ - ئېدىرلار ئاق رومالغا ئورۇلۇپ،
تۇمان ئارا ماتەم سۈپەت كۆرىنەر...
ئاخىرقى دەم، ئاستا ۋىدالىشىپ ئۇ،
بىر نەپەسكە قاراپ ئالدى ئۇزاققا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالىنى، قويدى قويۇپ
تاشلار ئارا قويۇپ قويدى بالىنى،
ۋە قىيالماي قاراپ قالدى بوۋاقنى.
— ئۇلاچىم يوق، كەچۈر مېنى يۇلتۇزۇم،
قالدىڭ ئەمدى ئانىسىز ھەم ۋەتەنسىز.
سېنى تاشلاپ كېتەر بولدۇم قۇندۇزۇم،
دولقۇنلارغا كۆمۈلگەيمەن كېپەنسىز.
ئاتاڭ ئۆلدى ئاشۇ جوھۇت قولىدا،
قارا تېخى، مېنى مۇنداق قوغلايدۇ.
قاچىمىم قوزام، پاك ئۆلۈمگە ئىنتىزار،
تىرىك قالسام نامۇسۇمنى بۇلايدۇ.
شېھىد روھى ئازاپلىنار ئاتاڭنىڭ!
ۋىجدان بىلەن ئۆلەي ۋەتەن ئالدىدا.
ۋەتەن ئۈچۈن جان ئېلىپ ۋە جان بېرىپ،
قېرىنداشلار جەڭ قىلماقتا ۋادىدا.
ئەمدى سېنى ئاق سۈت بېرىپ كىم باقار؟
يېتىم بولۇپ قالار بولدۇڭ يۇلتۇزۇم.
ئۇماققىنا قولىلىرىڭدىن كىم سۆيەر؟
يۈزى ئالما، چېچى قارا قۇندۇزۇم.
دىدى ئانا، خىتاپ قىلدى ۋاقىراپ:
گۇناسىزمەن سەن ۋە ئاتاڭ ئالدىدا.
ئەلۋىدا ئەي دەرت ـ ئەلەملىك پەلەستىن،
ئەركىن ئۆسكەن ئانا يۇرتلار، ئەلۋىدا!
يېقىنلاشقان يەھۇدىغا بىر قاراپ،
ئاخىرقى رەت سۆيۈپ قويدى قىزنى.
ئاچچىق غەزەپ، ئەلەم بىلەن ۋاقىراپ،
دولقۇنلارغا ئاتتى قەتئىي ئۆزىنى.

قوچىغىغا ئالدى دېڭىز ئايالنى،
ئاپپاق دولقۇن ئېلىپ كەتتى يىراققا.
كۆزلىرىدە يېنىپ ۋەھشى ئىشتىياق،
يەھۇدىمۇ يېتىپ كەلدى قىرغاققا.
ئۇ كۆردىكى، گۈزەل ئايال يوق بولدى،
ئاق كۆپىنىگى دولقۇنلاردا لەيلەيدۇ.
شۇنچە ئاپپاق... پەقەت كۆلدە نىلۇپەر
ياز كۈنلىرى ئەنە شۇنداق گۈللەيدۇ.
ئەلەم قىلدى بۇ كۆرىنىش جوھۇتقا،
گويا ئىلان يۈرىگىنى تىلغايدۇ.
سادا چىقتى: نەم قىرغاقتا سوغ ئۆتۈپ،
يۈگەكتىكى بوۋاق ئاچچىق يىغلايدۇ.
كۆردى ئۇنى، قان يۈگەردى كۆزىگە،
خوشال بولۇپ قول ئۇزاتتى قىلىچقا.
نىيەت قىلدى چاناپ تاشلاپ بوۋاقنى،
تۇتالمىغان ئايالدىن ئۆچ ئېلىشقا.
ھوزۇرلىنىپ قان تۆكۈشنىڭ ئالدىدا،
ئۇ ھىجىيىپ، سوغۇق كۈلۈپ تۇراتتى.
تۇيۇقسىزلا، ئۇچۇپ كەلگەن بىر تال ئوق،
ئۇنى شۇئان تاشلار ئارا غۇلاتتى.
شامال كېزەر قىرغاقلاردا بى تىنىم،
غەزەپ بىلەن كۆتىرىلەر دولقۇنلار.
قانغا پاتقان يەھۇدىنىڭ ئۈستىگە،
قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەلدى قۇزغۇنلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

× ×

قارا ئۇنى! ئۆلتۈرمەكچى بوۋاقنى...
ئەلى بوۋا غەزەپلىنەر قورادا.
بۆرى سۈپەت قاراقچىلار، قاتىللار!
ئادەمگە خاس سېزىم بارمۇ ئۇلاردا؟
پاك سەبىلەر كۆز ئاچامدۇ دۇنياغا،
تۇغۇلۇپلا تىغ ئاستىدا ئۆلسەك، دەپ؟
بۇ جوھۇتلار كۆرەڭلەيدۇ نىمانچە،
ئويلىشامدۇ ئەرەپلەرنى بۆزەك دەپ!
شۇنداق يەنە ئوق ئېتىڭلار بالىلىرىم،
دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار ئاياۋسىز.
ئاسان ئەمەس پەلەستىننى قول قىلماق،
ئىسيان ئارا قالسۇن ئۇلار ئامالسىز.
ئاپتوماتقا شىددەت بىلەن ئوق بېسىپ،
بۇيرۇق بېرەر بوۋاي تەمكىن، جەڭگىۋار.
تۆشۈكلەردىن قورۇل ئېلىپ كوچىنى،
ئوغۇللىرى، كېلىنلىرى ئوق ئاتار.
جەڭ ئەۋجىدە پۇرۇخلايدۇ، قاينايدۇ،
يالقۇن ئارا قالغان دېڭىز مەلىسى.
ئېتىشماقتا قوراللانغان ئەرەپلەر،
ھويلىلاردىن ئوق ياغدۇرۇپ ھەممىسى.
تەڭ كېلەلمەي يەھۇدىلار قوشۇنى،
يۆتكەپ كەلدى تانكىلارنى، توپلارنى.
گۈمبۈرلىتىپ ئۇچۇرۇشتى مەلىگە
ئامېرىكىنىڭ ماركىسى بار ئوقلارنى.

ئوت تۆۋرۈگى كۆتىرىلدى قورادا،
ھۇجرىلارنى ۋەيران قىلدى پارتلاش.
ئەلى بوۋا ئاستاغىنا يىقىلدى...
ئوغۇللىرى يۆلەپ ئالدى ئالدىراش.
يارىلاندىم... دېدى بوۋاي ئەندىكىپ،
مېنى قويۇپ جەڭ قىلىڭلار باللىرىم.
يۇرتىمىزغا بېسىپ كەلگەن دۇشمەننى،
تۇپراق بىلەن تەڭ قىلىڭلار باللىرىم.
— كۆچ تەڭ ئەمەس، ئۇلار يەنە كۆپەيدى،
چېكىنىڭلار... دەيدۇ قاسىم — چوڭ ئوغلى.
خوپ ئېتىشتۇق، بوش كەلمىدۇق ھىلى ھەم،
جوھۇتلارنىڭ تالاپىتى زور بولدى.
دەل تەككۆچى ئوقلىرىمىز، زەربىمىز،
قالار بولدى يەھۇدىلار ياددا.
ھايات بولساق داۋام قىلار بۇ كۈرەش،
كۆچنى ساقلاپ چېكىنىڭلار ۋاقتىدا.
مۇنداق ئوڭاي يوقالمايدۇ پەلەستىن!
ئېلىشارمىز ئامان بولساق ئەل ئارا.
جان بەرمەڭلەر تانكىلاردا دەسسىلىپ،
قەرزدارمىز تېخى ۋەتەن ئالدىدا.
ھەمدەم بولۇپ يول ئېلىڭلار شىمالغا،
قوغداش ئۈچۈن مەن قالىمەن بۇ يەردە.
ماڭغىن ئاتا! باققىنىڭغا رازى بول،
ۋە دۇئا قىل قۇربان بولسام ئەگەردە!
دېدى قاسىم، ئوق ياغدۇرۇپ كوچىغا،
ھۇجۇمدىكى دۇشمەنلەرنى ئۆلتەردى.

ئوغلى ھامىد قولتۇقلىدى بوۋاينى،
كىچىك كېلىن بوۋىغىنى كۆتەردى.
قورا كۆيەر ... چېكىنگەن بۇ ئائىلە،
بۇك باراخسان خىرمىنزارغا يول ئالدى.
ئوغلى قالدى، جەڭ ۋە يانغىن ئىچىدە،
بوۋاي غەمكىن، يۈرىگىدە ئوت قالدى.

× ×

پارتلىغان ئوقلار توزاڭ كۆتىرەر،
كوچىلاردىن، ئېتىزلاردىن، قىرلاردىن.
بوۋاي كەتمەس چوڭ خورمىغا يۆلىنىپ،
كۆز ئالالماي كۆيۈۋاتقان قورادىن.
كۆيەر ئۇنىڭ ھۇجرىلىرى، ھويلىسى،
بوۋىلاردىن مىراس قالغان ماكانى.
نەقىش تۈۋرۈك پېشايۋانلار ۋە بالكون،
ئۆمرى ئۆتكەن مېھرى ئىسسىق جاھانى.
ئاتا-ئانا كەبى ئەزىز باشپانا،
كۆيەر ئەدى بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا.
خاتىرىلەر پەيدا بولۇپ ئوت ئارا،
كارۋان بولۇپ كېزەر ئۇنىڭ ياددىدا.
بىر-بىرىنىڭ چىردىغىنى ئۆچۈرمەي،
ئۆتكەن مۇندا قانچە-قانچە ئەجدادى.
مېھنەت بىلەن ئۆتكەن ھالال تەر تۆكۈپ،
مېھنەت ئەھلى — ئىشچان ئەرەپ ئەۋلادى.
ئۇلار ئاشۇ ئۆيلەر ئارا ياشىغان،

ھۆجرىلىرى ئىسسىق، يورۇق ۋە گۈللۈك.
ياڭراپ تۇرغان ئۇندا ھايات شاۋقۇنى،
قەدىم ئەرەپ كوچىلىرىدەك كۆڭۈللۈك.
گۈزەل گۈللەر كۈلۈپ تۇرغان كەڭ قورا،
تەرىكچىلىك ئىشقى بىلەن قايىنغان.
باغلىرىدا خورما ئۆسكەن بۆك بولۇپ،
بوستانىدا ياز قۇشلىرى سايرىغان.
ئىز قالدۇرۇپ بۇندا تالاي نەسىللەر،
ئۆچكەن يۇلتۇز بولۇپ ئۆتتى ھەممىسى.
نۆۋەت ئېلىپ ئۇمۇ ئۆسۈپ ئەر بولدى،
ۋە تۇغۇلدى ئوغۇللىرى، نەۋرىسى...
ئەسكە چۈشەر گۈزەل گۆدەك يىللىرى،
ئانا - ئانا سۆيگۈسىدە ئۆتكەن دەم؛
بالا ئىدى ئۇمۇ سەبى، خىيالچان،
بەكمۇ ئۇزاق - ئۇزاق يىللار مۇقەددەم.
تال بارىڭى كۆكىرەتتى ھويلىدا،
ئېچىلاتتى ھەشقىپىچەك گۈللىرى.
تۈۋرۈكلەرنىڭ زەيتۇن رەڭلىك نەقشىدە،
يالتىرايتتى كۈلۈپ قۇياش نۇرلىرى.
يۈكسەك بولۇپ ئاق بۇلۇتلار ئىچىدە،
ئايلىناتتى مەلىدىكى گۈمبەزلەر.
دالالاردا دولقۇنلايتتى زىرائەت،
ئېتىزلاردا ئېچىلاتتى كېۋەزلەر.
قىقاس سېلىپ، توپ - توپ دېڭىز قۇشلىرى،
ئۆيلەرگىچە پەسلەپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى.
كۆپ - كۆك بولۇپ نۇرلىناتتى كەڭ دېڭىز،

چەكسىز سۇلار دىلنى مەپتۇن ئېتەتتى.
ئىشتىن يېنىپ ئۇنىڭ دىخان دادىسى،
چاي ئىچەتتى پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ.
شىر سۈرەتلىك كونا گىلەم ئۈستىدە،
سۆزلىشەتتى ئاتا- بالا بىر بولۇپ.
ئاي نۇرلىرى سوزۇلغاندا باراڭدىن،
چۆچەك ئېيتىپ بېرەر ئىدى دادىسى.
ئۇيقۇسىراپ ۋە بۆشۈككە يۆلىنىپ،
مۇڭلۇقىنا كۈيلەر ئىدى ئانىسى ...
... ... ... ... ... ... ...
ئاينىڭ ئاپپاق نۇرلىرىغا كۆمۈلۈپ،
نەي چالاتتى يىگىت بولۇپ ئۆگزىدە.
ئاق يەلكەنلەر گويا گۈلدەك ئېچىلغان،
تۈن ئۇيقىسى باسقان دېڭىز كۆكسىدە.
سامان يولى سوزۇلاتتى كۆك بويلاپ،
مەخمەل تۈنگە نەقىش قىلىپ ئاق ئىزنى.
تۈن ئاسمىنى قىلار ئىدى گۈلدەستە،
كۈلۈپ تۇرغان مىليونلىغان يۇلتۇزنى.
دىل ئىشقىدىن سادا بېرىپ نەي ئۈنى،
تارقىلاتتى ئاق شولىلىق ھاۋادا.
قانچە ئارزۇ، قانچە ئوتلار بار ئىدى،
نەيدىن چىققان ئاشۇ گۈزەل سادادا.
جۇشقۇنلىنىپ چۈشۈپ دەرھال ئۆگزىدىن،
قوشاق توقۇپ كېتەر ئىدى قىرغاقتا.
كۈتەر ئىدى بوستان چاچلىق سۆيگۈنى،
ئاق كۆينەكتە ئايدەك بولۇپ ئۇزاقتا.

كۈتەر نازۇك ئەرەپ قىزى، ئەتراپقا —
قورقۇپ قاراپ، پەرەنجىگە ئورۇلۇپ.
ۋە يىگىتمۇ قەدەم ئېلىپ شۇ ياققا،
يېقىنلىشار تارتىنىپ ھەم قورۇنۇپ.
ئاي نۇرلىرى سۆيەر دېڭىز، بۇلاقنى،
ئاي نۇرىنى سۆيەر ئارام ئېلىپ يەر،
دېڭىز سۈيى كېلىپ سۆيەر قىرغاقنى،
ۋە ئۇلارمۇ سۆزسىز، ئاستا سۆيۈشەر...
تويى بولۇپ ئۆتكەن ئىدى شۇ ئۆيدە،
خاتىرىدىن چىقمايدۇ ئۇ توي كۈنى.
ئۈزۈلمەستىن كىرىپ كەلگەن ھويلىغا،
مېھمانلارنىڭ قوۋناق، خوشال تۈركۈمى.
مەلىداشلار خىزمەت قىلغان ھويلىدا،
ئويناپ - كۈلۈپ، غىزا ۋە نان كۆتىرىپ.
كىرىپ كەلگەن گۇرۇھ - گۇرۇھ ئاياللار،
گويا گۈلدەك ياسىنىشىپ ۋە كۈلۈپ.
مويسىپىتلەر سەللە ئوراپ، تون كىيىپ،
ئولتۇرۇشقان قۇرۇپ مەغرۇر بەدەشقان.
يىگىت - قىزلار سورۇن تۈزۈپ بوستاندا،
ناخشا ئېيتقان ۋە ئۇسۇللار ئويناشقان.
شات ناغرىچى ناغرا چالغان ئۆگزىدە،
پەدە يۆتكەپ تۈرلۈك - تۈمەن ناۋاغا.
سۇنەي ئۈنى ياڭرىغاندا، جامائەت —
ھەيۋەت كۈندەك چۈشكەن ئىدى ساماغا.
قورا ئۆزرە گويا جەننەت قۇشىدەك،
قاھ - قاھ كۈلۈپ ئۇچۇپ ئۆتكەن سائادەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئېسىدە قالدى مەڭگۈ نىكاھتا،
قېرى موللا سوزۇپ ئېيتقان قىرائەت.
قۇرداشلىرى تىلەك تىلەپ ئاسمانغا،
ئوقىيا ئاتتى، ئوقلار ئۇچتى ۋىژىلداپ.
قىزلار ئارا كېلىن بولۇپ بوستان چاچ،
ئولتۇراتتى مەمنۇن ئەمما مىشىلداپ ...
... ... ... ...... ... ... ...
ئاتا - ئانا مەرھۇم بولدى شۇ ئۆيدە،
ئۇزاپ چىقتى ئىككى قۇتلۇق جىنازا.
ئارقىسىدىن شېھىد بولدى ئايالى،
كەلدى شۇنداق كۈتۈلمىگەن بۇ قازا.
بېرىتانىيە باسقىن قىلدى يۇرتىنى،
يامراپ كەتتى چىلىلمىغان مېھمانلار.
قالدى ۋەتەن تۆمۈر تاپان ئاستىدا،
كۆتىرىلدى جەڭ يالقۇنى، بورانلار.
نامايىشتا ئايالىغا ئوق تەگدى،
يېتىم بولۇپ قورا قالدى، باغ قالدى.
يېتىم قالدى ئوغلى قاسىم ۋە ھامىد،
يۈرەكلەردە ئۇنتۇلغۇسىز داغ قالدى.
تىرىكچىلىك يوقاتتى ئۆز رەڭگىنى،
گويا شامال ھوۋلاپ كىردى ئۆيىگە.
قان - ياش تۆكۈپ ئايالىنى كۆمدى ئۇ،
بوستاندىكى سەبدە گۈلنىڭ تۈۋىگە.
تالاي تۈنلەر كەتمەي قەۋرە يېنىدىن،
ياراتقانغا قىلدى ئاچچىق نالىلار.
يىغلىشاتتى ھېچنەرسىگە چۈشەنمەي،

يېتىم قالغان كىچىككىنە باللار...
... ... ... ... ... ... ... ...
خاتىرىلەر شۇ ئۆي بىلەن باغلىنىپ،
ئۇيلار بوۋاي قەلبىنى تولۇپ ئازاپقا.
يانغىن دوزاخ ئۆتلىرىدەك ئۆرلەيدۇ،
ئوقلار ئەجەل تارقىتىدۇ ئەتراپقا.
چاقماق يانار ئەلى بوۋا كۆزىدە،
سەللىسىنى قىزىل بوياپ ئاقار قان.
ۋە قەلبىدە قارا بوران كۆتىرەر،
قانلىق قىساس، غەزەپ - نەپرەت، ھاياجان.
— يۈرگىن ئاتا، — دەيدۇ ھامىد ئەنسىرەپ،
يەھۇدىلار يېقىن... چاپسان ماڭايلى!
قېرىنداشلار چېكىنمەكتە ئېتىشىپ،
بىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بارايلى.
ئۇ، بوۋاينى قولتۇقلىدى ئاۋايلاپ،
قوزغىلىشتى ۋە شىمالغا يول ئالدى.
چېكىنگەنلەر كەتتى ئەمدى ئۇزاقلاپ،
ۋە قارىسى تۇمان ئارا يوقالدى.

× ×

يەھۇدىلار باسقىن قىلىپ كەلمەكتە،
ئوق يامغۇرى شالاڭلىغان يوللاردىن.
جىددى جەڭدە ئوقى تۈگەپ قاسىجىنىڭ،
چېكىنمەكچى بولدى دەرھال قورادىن.
ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە ھويلىدا،

قاراپ تۇرغان ئايالنى كۆردى ئۇ.
ئەجەپلەندى: سەن نىمىشقا كەتمىدىڭ؟
— كېتەلمىدىم! غەمكىنگىنە كۈلدى ئۇ.
ئەپۇ قىلغىن ئۆمۈرلۈگۈم ھەم دوستۇم،
كېتەلمىدىم سېنى مۇندا قالدۇرۇپ.
ئۆلسەكمۇ ھەم جەڭدە بىللە ئۆلەيلى،
جەسىدىمىز قالسۇن دىدىم بىر بولۇپ.
جەڭدىن خالى پانا ئىزلەپ جېنىمغا،
ئوق ئىچىدە قالدۇرايمۇ يارىمنى؟
ئۇرۇش، يانغىن، ۋەيرانچىلىق ئىچىدە،
يالغۇز قېلىپ نىلەر كېچەر ھالىمنى؟
يۇرتىمىز قېلىپ ھەم سېنىڭدىن ئايرىلىپ،
سەرسان بولۇپ كېزەي ئەمدى نەلەردە!
تەقدىرىمىز كەلدى شۇنداق بىتەلەي،
ۋەتىنىمىز قالدى ئېغىر كۈنلەردە...
نىمە كۆرسەم بىللە بولاي سەن بىلەن!
دىدى ئايال كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.
ۋە تەشۋىشتە ئالدىراتتى ئېرىنى:
— يۈرگىن ئەمدى كېتەيلى بىز باش ئېلىپ.
— توختا ... دەيدۇ قاسىم ئاستا ئويلىنىپ،
يىتىم قالدى تۆمۈرچىنىڭ بالىسى.
باش - پاناسىز! ئۇ يىغلايدۇ قىرغاقتا،
دولقۇنلارغا غەرق بولدى ئانىسى.
ئۇنى بىللە ئېپ كېتەيلى قۇتقۇزۇپ،
تاشلار ئارا مۆكۈنەيلى تۈنگىچە.
ۋە قاچىمىز يىروسالىم تەرەپكە،

خەۋپ - خەتەردىن ساقلار بىزنى تۈن كېچە.
— ئانا بولۇپ چىڭ قىلىمەن مەن ئۇنى ...
دىدى ئايال كۆڭلى يورۇپ شاتلاندى.
شۇدەم كىرىپ كەلدى ئىككى يەھۇدى،
ئۇلار دەرھال قانلىق جەڭگە ئاتلاندى.
يەكمۇ - يەك ۋە قوچاغلاشما جەڭ بولدى،
هالاك قىلدى قاسىم بىرنى نەيزىلەپ.
كېسەك ئېتىپ ياردەم بەردى ئايالى،
يەنە بىرى قالدى ئاجىز، تەنتىرەپ.
ئالا - سىرە بولۇپ كۆكۈش كۆزلىرى،
قاچماق بولدى، نەيزە يېدى يەلكىدىن.
لەيلىگەنچە چۈشتى قوقاس ئۈستىگە،
كۆزگى غازاڭ ئۈزۈلگەندەك بەرگىدىن.
قول تۇتۇشۇپ قاسىم بىلەن ئايالى،
يۈگرەشتى، قىرغاق تامان يول ئالدى.
كۆيۈۋاتقان خارابىلار ئىچىدە،
ئىس - تۈتەككە پۈركەندى ۋە يوقالدى.

× ×

يەھۇدىلار كوماندىرى جىك. شازار،
ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرەر هاكاۋۇر.
قىلىچىدىن تامچىلايدۇ يېڭى قان،
كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرار ۋەھشى نۇر.
— غالىپ بۈگۈن ئۇلۇغ ئىسرائىلىيە،
كەلدي دەۋران بىزگە تەلەي يار بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىسيانىدىكى ئەرەپلەرنى قىرىڭلار!
قالسۇن ئۇلار ماكانسىز ھەم خار بولۇپ.
ئەجەل قۇشى پەرۋاز قىلسۇن ئېخىمۇ،
ئىختىيارسىز، ئىلكىمىزدە ھەر تەرەپ.
قاچقانلارنى تۇتۇپ تىرىك كۆمۈڭلار،
بالىلارنى ئۆلتۈرۈڭلار نەيزىلەپ.
ئىگرىماقتا مۇندا سانسىز يارىدارلار،
بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈڭلار ئوت بىلەن.
يېڭى ئەلگە كەلتۈرۈڭلار شەرەپ - شان،
قانلار تۆكۈپ ئاچقان يېڭى يۇرت بىلەن.
بايراق تىكلەپ يەھۇدىلار دۆلىتى،
يانغىن ئارا كەلدى بۈگۈن دۇنياغا.
تېخى بىزنىڭ خەرىتىمىز كۆپ كىچىك،
ئېرىشەيلى يېڭى زېمىن، سۇلارغا.
ئەمدى تارىخ بەتلىرىدىن ئىز - تىزسىز،
ئۆچۈرۈلگەي پەلەستىن — بۇ كونا نام.
ئەرەپلەرنىڭ ئۇرۇق - پۇشتى قالمىسۇن،
قالسا ئۇلار ئالماق بولار ئىنتىقام.

پەلەستىننىڭ خارابىسى ئۈستىدە،
يەھۇدىلار دۆلەت قۇرساق نى ئەجەپ!
كېڭەيتىمىز چېگرىلارنى يەنىمۇ،
پەقەت مۇندا ئالساق مەھكەم تىرەجەپ.
زېمىن - زېمىن ... زېمىن ئەمەس گوياكى،
شېرىن ھەسەل ھەم قەنت تاپتۇق بۇ يەردە.
ياشار ئىدۇق چەتئەللەردە بىۋەتەن،
يېڭى، گۈزەل ۋەتەن تاپتۇق بۇ يەردە.

تازىلاڭلار ... بۇ يەر ئەمدى بىزنىڭكى!
بۇندا كۆچەن يەھۇدىلار ياشايدۇ.
جەسەت بىلەن ئۇغۇتلاڭلار يەرلەرنى،
مۇنبەت يەردە ئاشلىق، پاختا ئۇخشايدۇ.
سوزۇپ ئالغا ئاق پەلەيلىك قولىنى،
شازار بۇيرۇق بىرەر بوغۇق ۋاقىراپ.
ۋە لەۋلىرى تىترەيدۇ ئەسەبى،
يەھۇدىلار تارقىلىشار ئالدىراپ ...

× ×

ئەلى بوۋا قوراسىدا ئوت كۆيەر،
ھۆل دەرەختلەر ئىسلىنىدۇ بوستاندا.
قارا قويۇن كۆتىرىلەر ھويلىدا،
شامال قوقاس - كۈللەر بىلەن ئۇچقاندا.
شازار كىرەر بۇ خارابە قوراغا،
ۋە پاپىروس چېكەر تاشتا ئولتۇرۇپ،
پاپىروستىن چىققان كۆكۈش تۈتۈنلەر،
كۆتىرىلەر ھالقا - ھالقا ئىس بولۇپ.
كۈل قويۇنى قاپلاپ قارا بولۇتتەك،
قورا ئارا چۆگىلەيدۇ، ئوينايدۇ.
قويۇن پىكىر ئويغىتىدۇ شازاردا،
ئەتراپلارغا قاراپ مەمنۇن ئويلايدۇ.
شۇنچە مۇنبەت، شۇنچە گۈزەل بۇ يەرلەر،
چەكسىز ئىكەن ئېكىنزارى، دالاسى.
مانا ئەمدى ئەتە - ئۆگۈن بۇ يەردە،

قەد كۆتىرەر فابرىكىنىڭ بىناسى...
مەبلەغ سېلىپ مەيدان، زاۋۇت قۇرىمەن،
خام ئەشيامۇ، كاپىتالمۇ ئۆزۈمدىن.
كۆچۈپ كېلەر ئەرزان باھا ئىشچىلار،
ۋە يۆتكەيمەن ئائىلەمنى لوندۇندىن.
باللىرىمنى ئەكىلىمەن، ئۇلارنى —
بىزار قىلغان ئىدى لوندۇن تۇمانى.
گۈللەيدىغان بولدى راسا ئىگىلىك،
كەڭ ئىستىقبال ئاچتى ئۇرۇش گۈلخانى.
دالالاردا ئاق پاختىلار ئېچىلىپ،
ئىشقا چۈشەر پۇل تاپقۇچى ئىمارەت.
گەزلىمىلەر توقۇپ چىقىپ رەڭمۇ - رەڭ،
تۆكۈپ سېتىپ قىلاي ئەددى رىقابەت.
چەتئەللەردە پايدا ئېلىپ ھەسسىلەپ،
تىكلىنىمەن سۇنمايدىغان باي بولۇپ.
ئابروي - ئاتاق، شانۇ - شەۋكەت كۆكتە.
پاقىرايمەن يېڭى چىققان ئاي بولۇپ.
سېلىپ يەنە قەنت زاۋۇدى بۇ يەردە،
مەيدان قۇرۇپ تېرىتىمەن قىزىلچا.
دېڭىز بويى ئاق دولقۇنلۇق قىرغاقتا،
سالدۇرىمەن مېھمانخانا ۋە داچا.
ياز كۈنلىرى قىلىپ سەيلى - ساياھەت،
ئارام ئىزلەپ كېلەر ئەزىز مېھمانلار.
كىرىم بولۇپ كاپىتالىم كۆپىيەر،
ۋە سالىمەن يېڭى - يېڭى قورغانلار...
ئويلاپ - ئويلاپ كۆڭلى تولار شازارنىڭ،

ئەجەپمۇ باپ ماكان تاپتىم بۇ يەردە.
دېڭىز بويى، خورمىزارلىق مەھەللەر،
يېڭى زېمىن، جاھان تاپتىم بۇ يەردە.
باقار ئۆيگە، ئىت سۆڭەككە باققاندەك،
ھاققانىسېرى ئارتار ئۇنىڭ ئىخلاسى.
ۋە ئويلايدۇ ئەمدى مېنىڭ بوپ قالدى،
ئەرەپنىڭ بۇ خاراپ بولغان قوراسى.
ئەتراپىنى ئوراپ تۇرار باغلىرى،
تەييار ئىگەن ئۈزۈم، خورما، ئالمىلار.
قانات يېيىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا،
خىيال سۈرۈپ كۆكلەپ تۇرار پالمىلار.
سالاي بۇندا كۆپ قەۋەتلىك ئىمارەت،
دەرىزىلەر قاراپ تۇرسۇن دېڭىزغا.
تۇرۇشىنىڭدۇ تۆگىمىشىگە ئاز قالدى،
پىلانلىرىم چوشكەي ئەمدى بۇ ئىزغا.
يانغىن كۆلى باسقان ئەرەپ جايىدا،
بىنا قۇرسام بۇلار نېمە يامانى!
تۇرمۇش شۇنداق بولۇپ كەلدى ئەزەلدىن:
زامان — قورال بىلەن پۇلنىڭ زامانى.
سوغۇق قاراپ يالتىرىغان ئوتلارغا،
ئولتۇرىدۇ شازار ھامان ئويلۇنۇپ.
شامال بىلەن ئۇچۇپ يۈرگەن كۆل - چاڭلار
كۆرىنىدۇ كۆزلىرىدىگە پۇل بولۇپ

× ×

شىمالدىكى ئېدىرلارغا ياماشتى،

يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان ئەرەپلەر،
سەپەر قىلىپ بومباردىمان ئاستىدا،
تارتتى ئۇلار تالاي مۇشكۇل ۋە دەرتلەر.
ئەلى بوۋا ئازاپلاندى يول بويى،
ماغدۇرىدىن كەتتى ئاخىر قانسىراپ.
يىقىلدى ئۇ تاغ دەرىخى تۈۋىدە،
ۋە ئەھۋالى ئېغىرلاشتى ھالسىراپ.
خانۇ - ۋەيران بۇ ئائىلە بېشىغا،
قىلىچ تارتىپ كەلدى يېڭى كۈلپەتلەر.
ئەلى بوۋا ئۆتەر بولدى دۇنيادىن،
ئەتراپىنى ئوراپ ئالدى ئەرەپلەر.
ئاخىرقى دەم بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا،
جىلۋە قىلدى كۆيۈۋاتقان دىيارى.
تۇرار ئۇنىڭ قارشىسىدا باش ئېگىپ،
كۆز ياش تۆكۈپ ھامىد بىلەن ئايالى.
جان تالىشار كۈلپەت چەككەن جەڭگاۋار،
يەھۇدىلار باسقۇنىنىڭ قۇربانى.
ئۇ سۆزلىدى ئۈزۈك - ئۈزۈك ... قىينىلىپ،
ھاسىل بولدى تارىخ، ۋەتەن بايانى:
— ئادالەتسىز، قان ۋە ياشلىق دۇنيانى،
ئەمدى تەرك ئېتەر بولدۇم باللىرىم.
ئازاتلىقنى ۋە غەلىبىنى كۆرەلمەي،
كۆزۈم ئوچۇق كېتەر بولدۇم باللىرىم.
كۆل ئىچىدە قالدى يۇرتۇم، ئائىلەم،
سىلەرگە يوق بۆلۈپ بېرەر مىراسىم.
پەقەت مەندىن قالسۇن مەڭگۈ يادىگار،

ئازادلىققا بولغان ئۈمىت، ئىخلاسىم.
خەلق روناق تاپماس يۇرتسىز، ۋەتەنسىز.
ئانا يۇرتنى سۆيۈگۈچىلار جان - تەن بىلەن.
ئىسكەنجىدە قالدى ئانا پەلەستىن،
قۇتقۇزغۇچىلار ئۇنى چېلىش، جەڭ بىلەن.
ئەرەبلەرنىڭ قەدىم يېرى پەلەستىن.
ئاتا - بوۋا، ئۇرۇق - ئەۋلات ماكانى.
دەۋرلەرگە جان بېغىشلاپ نەسىللەر،
بەرپا قىلغان ئۇندا ھايات ئىمكانى.
پەلەستىننىڭ ھەربىر ماڭدام يېرىدە،
ئەرەبلەرنىڭ تۆككەن ياقۇت تەرى بار.
ۋادىلىرى، تاغلىرى ۋە چۆلىدە،
قورغان، تالاي يېزا - قىشلاق، شەھرى بار.
ئويناپ ئاققان ھەربىر ئېرىق - ئۆستەڭدە،
جانغا شىپا ئابى ھايات سۈيى بار.
ھەر بىر بازار، چايخانا ۋە ئۆتەڭدە،
ئۆز نەغمىسى، ياڭراپ تۇرغان كۈيى بار.
قەد كۆتەرگەن بۇندا قەدىم قەسىرلەر،
ھەر بىر تاشتا قۇرغۇچىلار جېنى بار.
تاڭ بالقىسا، تۇپراق پارلار قىپ - قىزىل،
بۇ تۇپراقتا ئەرەبلەرنىڭ قېنى بار.
ئەسىرلەردە خۇشبۇي پۇراق قالدۇرۇپ،
گۈللەپ كەلدى بۇندا ئەرەپ گۈلزارى.
ئۆلمەس گۇۋا: كۆپ ئاسارى - ئەتىقە،
ۋە قىلچىلىق بوۋىلارنىڭ مازارى.
ھەم گۇۋادۇر كۆك گۈمبەزلىك مېچىتلەر،

تاملىرىدا پارلار ئەرەپ سەنئىتى.
تارىخىمىز قۇرلىرىدۇر ئۇندىكى،
گۈل ۋە نەقىش — ھۈنەرۋەنلەر مېھنىتى.
تىمسالىمىز — يۇلتۇز بىلەن يېرىم ئاي،
كەلدى بىزگە مەنزىل بولۇپ، يول ئېچىپ.
يېشىل بايراق لەپىلدىدى كۆك ئارا،
چەكسىز ئۇزاق ئەسىرلەرگە نۇر چېچىپ.
ئىگىسى بىز بۇ جانىجان تۇپراقنىڭ،
يات خەلقنىڭ ھېچ ھەققى يوق بۇ يەردە.
مىللى ھوقۇق ھاسىل بولار تالاشسىز،
قايسى خەلق ئۆتكەن بولسا قايەردە.
بۇ ھەقىقەت بولدى لېكىن دەپسەندە...
جاھانگىرلار، باسقۇنچىلار قولىدا.
باشقىلارنى تۇتتى ئۇلار كىشەندە،
ۋە قۇل قىلدى بۇلاش - تالاش كويىدا.
چوڭ بېلىقلار يېدى كىچىك بېلىقنى
قىلدى ئۇلار مۇتىھەملىك ۋە زورلۇق.
بىزمۇ نۇرغۇن كۆلپەپ تارتقان ئۇلاردىن،
تارىخىمىز بولغان بوران - جۇدۇنلۇق.
روماللىقلار بېسىۋالغان بۇ يەرنى،
مۇندىن توغرا ئىككى مىڭ يىل مۇقەددەم.
كېيىن كەلدى ماكىدونلار، پارسىلار،
ۋە ۋاۋىلۇن... ئۆرتەپ يۇرتنى ئوت بىلەن.
كەلدى دېڭىز تۇمانلىرى مىسالى،
ياۋروپانىڭ ئاق كىرستلىق قوشۇنى.
بۇلار بەرى قىلىپ ئىسيان ئىچىدە،

ئۇزاق زامان تاپالمىغان ھۇشىنى.
شۇ زاماننىڭ زالىم جاھانگىرلىرى،
ئەنە شۇنداق پەلەستىنىنى قول قىلدى.
سانسىزلىغان ئەرەپلەرنى ئۆلتۈرۈپ،
ئەرنى شەھىد ۋە ئايالنى تول قىلدى.
ئەرەپلەرنىڭ بۇ بەختسىز ۋەتىنى،
تالاي زامان قالدى قانلىق كىشەندە.
قاراقچىلىق، جاھانگىرلىك بايرىقى،
ئۆۋەت ئېلىپ قولدىن - قولغا ئۆتكەندە.
بۇ باسقىنلار ۋە ئۇرۇشلار تۆپەيلى،
ئاشۇلارنىڭ بوپ قالمىدى پەلەستىن.
زوراۋانلار يوق قىلىشنى ئويلىدى،
ياشاپ كەلدى، يوقالمىدى پەلەستىن.
قارا بۇلۇت توپىلاشقاندا ۋەتەنگە،
چاقماق سۆپەت بۇلۇت ياردى ئوغلانلار.
قوغداش ئۈچۈن ھاياتىنى، ئەركىنى،
جەڭلەر قىلدى ۋە كۆتەردى بورانلار.
يېڭى ئاپەت پەيدا بولدى تارىختا،
ياۋروپانى باستى ئۇرۇش قىيانى.
گېرمانىيە، بىرىتانىيە... باشقىلار،
ئىتتىقا ئوخشاش تالاشقاندا دۇنيانى.
قوشۇن تارتىپ بېسىۋالدى بۇ يۇرتنى،
بىرىتانىيە — جاھان ئارا جاھانگىر.
ئىستىلاسىز، ئەسلى ئەرەپ يۇرتىغا،
ئىنگىلىزدىن ھاكىم قويدى بىر-بىر.
ئېلان قىلدى ئۇزلىرىنى ھامىي دەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدۇق مۇستەملىكە، بېقىندى.
مەھكۇم بولدى پەلەستىنلىك ئەرەبلەر،
ھوقۇقى يوق قېقىندى ۋە سوقۇندى.
گەپ چىرايلىق: ئۇلار ھامى بولمىسا،
قولىمىزدىن كەلمەيدىكەن ياشاشمۇ.
گويا ئىكەن ئىگىلىك ھوقۇق دەۋاسى،
ئۆزىمىزنى مەن ئەرەپ، دەپ ئاتاشمۇ.
پەقەت ئۇلار قابىل ئىمىش ھەممىگە،
دۆلەتچىلىك ئىكەن بىزگە نالايىق.
كۈن تەس ئىكەن ئېنگىلىزلار بولمىسا،
يامان كۈندە قالار ئىمىش خالايىق.
ئېپ كەپتىمىش تەرەققىيات، تېخنىكا ...
چەكسىز ياردەم، مەدەنىيەت، ئىلغارلىق ...
يېڭى قانۇن، ئالماشتۇرۇش، سائادەت،
زامانىۋى ئەسلىھەلەر، قولايلىق ...
ئېنگىلىزلار چىچەن، ئۇلۇغ خەلق ئىمىش،
ئۇلار بىلەن ئايلىنارمىش بار جاھان.
قالاق ئىمىش پەلەستىنلىك ئەرەبلەر،
ھېچنەرسىگە ئەقلى يەتمەس ۋە نادان.
پەقەت يۇۋاش قۇلاق سالساق ئۇلارغا،
دۇنيا گۈزەل، ئىقبالىمىز ساز ئىكەن.
ئۇلار ئېلىپ كەلگەن مېھرى - شەپقەتكە،
قوشاق توقۇپ، داستان ئېيتساق ئاز ئىكەن.
ۋەھاكازا ... ئۇلار كېلىپ ئاز كۈندە،
كۆردۇق راسا بەخت بىلەن شەپقەتنى.
ھېچنەرسىگە بولالمىدۇق پىر ئىگە،

ئىنگىلىزلار تالان قىلدى ئەرەپنى.
پاراخوتلار قاتناپ كەتتى موكىدەك،
سۇدەك ئاقتى ئاشلىق بىلەن پاختىمىز.
جەۋرى - جاپا، نامراتچىلىق ئىچىدە،
قۇلدەك ئىشلەپ ئۆتتى بىزنىڭ ۋاقتىمىز.
ۋە كۆچۈردى ئۇلار يەھۇدىلارنى،
توپ - توپ قىلىپ تىرىپ كەلدى دۇنيادىن.
كۆڭلى قارا ئەنگىلىيە بايلىرى،
پايدىلانماق بولدى ئەمدى ئۇلاردىن.
قۇرۇپ بۇندا يەھۇدىلار دۆلىتى،
سالماق بولدى ئەرەپلەرگە قوش قىلىپ.
قالماق بولدى بۇندا مەڭگۈ، ئۇلارنى —
تاجاۋۇزكار، تاياندۇچى كۈچ قىلىپ.
مۇشكۇل بولدى پەلەستىننىڭ تەقدىرى،
مەۋجۇت ياشاش بولۇپ قالدى ناتايىن.
دەۋران سۈرۈپ بۇ ۋەتەنىمىز كۆچەنلەر،
ھەممە يەردە بولۇۋالدى خوجايىن.
كۆچۈپ كەلدى ئۇلار قارا قاغىدەك،
ۋە دالاغا يامرىغاندەك چېكەتكە.
ئەرەپ يۇرتى ماكان بولدى ئۇلارغا،
خەۋپ يەتتى بۇ قەدىمىي دۆلەتكە.
ھەممە يەردە زاۋۇت قۇرۇپ، ئۆي سېلىپ،
پەلەستىننى ئالدى ئۇلار ئىلكىگە.
ئامېرىكىنىڭ ب د ت سى يېقىندا،
ئېلىمىزنى بۆلۈۋەتتى ئىككىگە.
گويا بۆرى ماكان تۇتتى قوتاندا،

ۋە بۇلبۇللار ئۇگىسىدا ھۇقۇشلار.
زىدل - زىلىگە كەلدى پۈتۈن پەلەستىن،
باشلاندى، بۇ قانلىق تالاش - ئۇرۇشلار.
ئۇرۇش ئاچتى قانخور ئىسرائىلىيە،
ئامېرىكىنىڭ ھارام تۇققان بالىسى.
ئەرەپلەرنى قوغلىماقتا يۇرتىدىن...
كۆككە يەتتى مەزلۇم ئەرەپ نالىسى.
قېرىنداشلار! تاشلىماڭلار قورالنى،
قۇتقۇزىدۇ يۇرتنى پەقەت چېلىشلا!
مېھرى - شەپقەت دېگەنلىرى قۇرۇق گەپ،
مانا شۇنداق دۇنيادىكى بۇ ئىشلار...
گويا شىرىن پىشقان خورما مىسالى:
ئۇنى دېخان پەرۋىش قىلىپ كۆكلەتتى.
كۆيۈپ - پىشىپ ئوغۇت بەردى، سۇغاردى،
ھالال مېھنەت تەرى بىلەن گۈللەتتى.
گۈزەت قىلدى ئۇنى تۈنلەر ئۇيقىسىز،
قۇياش بولۇپ يورۇق بەردى تاڭلىرى.
خورما پىشتى قىزىرىپ ۋە مېزىلىك،
خوشاللاندى دېخان ھەمدە بالىلىرى.
پەيدا بولدى قوراللانغان قاراقچى،
ۋە خورمىنى دەۋا قىلدى مېنىڭ دەپ.
قان يىغلىتىپ قوغلىۋەتتى دېخاننى،
بۇ خورمىدا ھەققىڭ بارمۇ سېنىڭ؟ دەپ.
ئويلىمىدى كۆچەتنى كىم قويغان،
كىم بولۇشى كېرەك خورما ئىگىسى؟
كۆزى چۈشتى ئۇنىڭ گۈزەل مېۋىگە،

ئاڭا نېمە دېخاننىڭ قان يېغىسى؟
خۇددى شۇنداق بولۇپ كەلدى تارىختىن،
پەلەستىننىڭ ئىگىلىرى كۆپ چېكتى.
ياتلار يېدى يۇرتىنىڭ ئاش ۋە نېنىنى،
پەلەستىنلىك جۇلجۇل قالدى، ئېچىكتى.
ئاستىن - ئۈستۈن قىلىڭلار بۇ تارىخنى!
قېرىنداشلار! ۋەتەنسىزلىك يامان دەرت.
ۋەتەنسىزلەر خۇددى يېتىم بالىدەك،
خالى بولماس غۇربەتچىلىك ۋە كۈلپەت...
كۆڭلۈم سۇنۇق كېتەر بولدۇم دۇنيادىن،
بۇ ھاياتتىن نۇر ئالمىدىم بالىلىرىم.
ئانا ۋەتەن ئۈچۈن بولار جەڭلەردە،
سىلەر بىلەن بولالمىدىم بالىلىرىم...
دېدى بوۋاي، ئاستاغىنا جىم بولدى،
ھالسىراپ ۋە ئۈزۈك - ئۈزۈك تىن ئېلىپ.
نەزەر ئۆرۈپ پېتىۋاتقان قۇياشقا،
قالدى ئۇزاق خىيال بىلەن تىكىلىپ.
قۇياش پاتار يالقۇنلىنىپ چوغ بولۇپ،
قان رەڭگىنى ئالغان يورۇق ئۇپۇقلار.
ئوراۋالغان پېتىۋاتقان قۇياشنى،
قويۇقلاشقان قات - قات قارا بۇلۇتلار.
خۇددى قوتاز يايلىسىدەك قاپ - قارا...
ۋە قۇياشنى قوغلاپ بارار سايىدەك.
قۇياش پاتار شۇنچە گۈزەل چوغلىنىپ،
تاڭدا قىزىل پورەك ئاچقان لالىدەك.
يانغان ئوتتەك يالتىرايدۇ بىر قىلىچ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەپەق - بۇلۇت ئۇرۇش ئاچقان جىبەكتە.
ئەكس ئېتەر ئۇنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى
جەڭ ئىشقىدا يېنىپ تۇرغان يۈرەكتە.
ياش يالقۇنلار ئەلى بوۋا كۆزىدە،
نۇر چېچىلار سەللىدىكى قىيىدىن.
جانلاندۇرۇپ ئەڭ ئاداققى ھاياجان،
كۆمۈش ساپلىق خەنجەر ئالار يېنىدىن.
قاراپ بوۋاي قۇياشقا ۋە خەنجەرگە،
ئىككى قوللاپ تۇتار ئۇنى ھامىدقا.
ئالغىن نىجات قۇرالىنى دەيدۇ ئۇ،
ۋە نىجاتكار بولغىن ئوغلۇم بۇ يۇرتقا.
قۇياشقا باق! ئۇ ياشايدۇ جەڭ بىلەن،
نۇر قىلىچى قارا قانداق چاقنايدۇ.
ۋە زۇلمەتنى يېرىپ چىقار تۈن بويى،
تاڭدا گۈزەل كۈلۈپ كۆككە پاتمايدۇ.
جەڭ خەنجىرى قالسۇن ئەمدى سەن بىلەن،
ئۇمۇ چاقنار قۇياش، چاقماق نۇرىدەك.
ئۇنداق قۇددۇس قەسىرلىرى نەقشى بار،
بۇ نەقشلەر كۈلەر سامان يولىدەك.
بىرىنتانلارغا قارشى ئىسيان يىللىرى،
سوققان ئۇنى جەڭگە ئاتاپ بوۋىلار...
خەنجەرلىكلەر خار بولمايدۇ دۇنيادا،
خەنجەر بىلەن ئەركىن ھايات قۇرۇلار!
تازىم قىلىپ ئۆلۈۋاتقان بوۋايغا،
ئالار رەھىمد شولا چاچقان خەنجەرنى.
لەۋلىرىنى ئاپىرىدۇ پولاتقا،

ۋە يۈكۈنۈپ سۆيەر قىزغىن ئۇ يەرنى.
قېنى قىزىپ قاينار ئۇندا تۇيغۇلار،
ئېتەر ئاتا قارشىسىدا قەسەمياد:
— ۋارىسىڭمەن، بولغىن ئاتا خاتىرجەم،
سۆزلىرىڭنى ئۇنۇتمايمەن ئۆمۈرباد.
كۆرەشتىكى بوۋىلارنىڭ خەنجىرى،
ئوغلانلارغا مىراس بولۇپ قالدۇ.
مەنمۇ شېھىد بولسام جەڭدە مۇبادا،
ئۇنى ئوغلۇم — زۇلپىقارىم ئالدۇ...
— خەير ئەمدى دەيدۇ بوۋا،— بالىلىرىم،
مېنى مۇشۇ تاققا دەپنە ئېتىڭلار!
تاغ گۈللىرى چېچەكلىسۇن قەۋرەمدە...
تۇپرىقىمدا قۇرئان ئوقۇپ كېتىڭلار!
قارا بۇلۇت قاپلاپ ئالدى ئاسماننى،
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى يىراقتا.
ئەلى بوۋا بىر سىلكىنىپ جان بەردى،
ۋە ئەرەپلەر قالدى پەريات - پىراقتا.
قەۋرە كولاپ دەپنە قىلدى بوۋايىنى،
ھۆكۈم سۈردى ماتەم سارا بىر ھالەت.
تۇمانلاشقان تاغ - ئېدىرلار ئىچىدە،
ئەكس سادا بەردى مۇڭلۇق قىرائەت.
ئاق باغلىدى ھال رومالنى پارچىلاپ،
ھامىد بىلەن ياش ئابالى — رائىلە.
گۆگۈم بىلەن داۋام قىلىپ سەپەرنى،
يولغا چىقتى يېتىم قالغان ئائىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

× ×

تۇمانلاشقان دېڭىز غەمكىن چايقىلار،
قاراڭغۇلۇق جىمىرلىغان كېچىدە.
پىچىرلايدۇ ھالسىزلانغان دولقۇنلار
سوغۇق زۇلمەت، ئەنسىز ئۇيقۇسى ئىچىدە.
چېچىپ بەزەن ساغۇچ ئۆلۈم شولىسى،
ئاي بۇلۇتتىن بالقىپ قالار ئالدىراپ.
قىرغاقتىكى مۇردىلارنىڭ چىشلىرى،
كۆرۈندۇ خىرە-شىرە يالتىراپ.
قەۋرىستانلار جىم-جىتلىقنى قاپلىغان،
تۈن پەردىسى قويۇقلاشقان قىرغاقنى.
ئۇ ساقلايدۇ نەم تاشلارنىڭ ئۈستىدە،
يېتىم قالغان ئۇيقۇدىكى بوۋاقنى.
بوۋاق ئۇزاق يىغلاپ ياتتى ئۇ يەردە،
ھېچكىم ئۇنى بەزلىمىدى يەپىلەپ.
تونۇش ئانا چىرايىنى كۆرمىدى،
چاچلىرىنى ئويىنمىدى ئەركىلەپ.
يەشەي قويدى ھېچكىم ئۇنى يۆگەكتىن،
ئىمتىمىدى سۆزلەپ شىرىن ۋە ئوتلۇق.
ئۇچۇپ ئۆتتى قارا ئىسلار ئۈستىدىن،
پەقەت ئاسمان قاراپ تۇردى بۇلۇتلۇق.
ئەندىكتۈرۈپ چۈشتى دولقۇن تامچىسى،
كۆز ئالدىنى تۇستى تاشلار يالىڭاچ.
يىغلاپ ياتتى كىچىككىنە بىچارە،

ھۆل قىرغاقنا سوغۇق ئۆتۈپ، قوساق ئاچ.
لەۋلىرىنى تامشىپ ھەر يان ئۆرىدى،
ئەزىز ئانا كۆكرىگىنى ئىسكەدەپ.
لېكىن ئۇ يوق... يەتتى ئاخىر ھارغىنلىق،
ئۇخلاپ قالدى يىغلاپ - يىغلاپ ئېسەدەپ.
ياش تاەچىسى گۆلگە چۈشكەن شەبنەمدەك،
توختاپ قالدى ئۇزۇن كىرپىك كۆزىدە.
ئۇخلار، بەزەن ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ ئۇ،
چۈشلەر ئەكسى ئىپادە بوپ يۈزىدە.
دولقۇن چاچراپ نەمخۇش بولغان يۆگەكتىن،
سۈت پۇرىقى تارقىلىدۇ ھەريانغا.
تۈن قوينىدا يېتىپ بارار بۇ پۇراق،
جەسەت ئىچرە ئۇگا سالغان ئىلانغا.
ئىلان سويلاپ چىقار جەسەت ئاغزىدىن،
ۋە يول ئالار جەلىپ قىلغان پۇراققا.
ئاينىڭ خىرە شولىسىدا پاقىراپ،
يېقىنلىشار ئۇخلاپ ياتقان بوۋاققا.
شاراقلىتىپ قىرغاقتىكى تاشلارنى،
پەيدا بولار شۇئان قەدەم تىۋىشى.
يېتىپ كېلەر قاسىم بىلەن ئايالى،
دىللىرىدا يېتىم بوۋاق تەشۋىشى.
— تىرىك ئىكەن! دەيدۇ قاسىم شات بولۇپ، —
ھۆلدە قاپتۇ... يېشىۋاغىن يۆگەكتىن.
ۋە ئالدىراپ پەشمىتىنى سالار ئۇ،
— ھە! بۇنىڭغا ئوراپ ئالغىن بۆلەكتىن.
قاراۋۇللار كېزىپ يۈرەر قىرغاقتا...

بول سارىيە! ئوخانمىسۇن... ئالدىرا!
باشقا يول يوق، دېڭىز بىلەن كېتىمىز،
يول ئالايلى تاڭ ئېتىشىنىڭ ئالدىدا.
سارىيە تېز جابدۇپ ئالدى بوۋاقنى،
ئەر ۋە ئايال قېيىق تامان يۈگرەشتى.
ئىلان يەتتى بوۋاق ياتقان ئورۇنغا،
ۋىشىلدىدى، تۇغاچ بولۇپ يۆگەشتى.
سۈت پۇرىقى يوقاپ كەتتى ئەتراپتىن،
ئۇنى ئىستەپ ئىلان يەنە يول ئالدى.
كەزدى ئۇزاق تاشتىن - تاشقا ئۆمىلەپ،
بىلەلمىدى، پۇراق نەگە يوقالدى؟

× ×

قېيىق ئۈزەر دولقۇنلاردا ئۇچقاندەك،
يېنىك ئۇرۇپ بارار قاسىم پالاقنى.
ئۈنسىز يىغلاپ ئولتۇرىدۇ سارىيە،
باغرىغا چىڭ بېسىپ ئېلىپ بوۋاقنى.
بوۋاق ئۇخلار ئىسسىپ ئارام ئىلكىدە،
نىجات تاپتى تۆمۈرچىنىڭ بۇ قىزى.
كۆزلىرىنى ئېلىپ ئايال بوۋاقتىن،
باقار كۆككە: پارلار قوتۇپ يۇلتۇزى...
پارلار يۇلتۇز شۇنچە گۈزەل، شۇنچە ئاق،
ۋە نۇرلىنار چەكسىز ئۇزاق - ئۇزاقتا.
ئايال ئاڭا باقار مۆلمۈق تەلمۈرۈپ،
ئىختىيارسىز پىچىرلايدۇ ئۇ ئاستا:

— ئەي سەن يۇلتۇز، ئەي سەن قۇتۇپ يۇلتۇزى،
مەڭگۈ چاقناپ كەلدىڭ شۇنداق زۇلمەتتە.
باقتى ساڭا ئىشەنچ بىلەن سانسىزلار،
زۇلۇم چېكىپ قالغان چاغدا كۈلپەتتە.
ئىنسان بالىسى ياشاپ كەلدى سەن بىلەن،
نۇرسىز تۈندە سەندىن يورۇق نۇر تاپتى.
تالاي كارۋان ئۆتتى ساڭا سېغىنىپ،
قايغۇ-ئەلەم سەھراسىدىن يول تاپتى.
سەن ئاسماندا كۈلۈپ-پارلاپ تۇرمىساڭ،
چەكسىز ئالەم بولار ئىدى گۆرۈستان.
تارتقان دەرتلەر بىلىنمەيدۇ سەن بىلەن،
دۇنيا سوغۇق ئەمما كۆڭۈل گۈلىستان.
ئاپپاق سۈبھى گۈللىرىدەك ئېچىلىپ،
سەن ياشايسەن مەزلۇم خەلق قەلبىدە.
يورىتىسەن غەم تۇمانلىق دىللارنى،
ياشاش زوۋقى ھاسىل قىلىپ ھەممىدە.
سېنىڭ ئۆلمەس چاقناشلىرىڭ ئەۋجىدىن
كۆپ دەرتمەنلەر قۇۋۋەت ئالدى، روھ ئالدى.
بۇ دۇنيادا خارلانغانلار تالاي رەت،
ئەرك-ئازاتلىق يوللىرىدا قوزغالدى.
يۇرتىمىزنى تارتىۋالدى يەھۇدى،
غەزەپ-نەپرەت بىلەن يانار قەلبىمىز.
گويا يېشىل ياشناپ تۇرغان گۈل ئىدۇق،
يانغىنلاردا كۆيدى چىچەك، بەرگىمىز.
بىز ئۆلمەسەك، ئانا ۋەتەن ئۆلمەيدۇ!
بەرگى كۆيسە كۆكلەپ چىقار يىلتىزى.
مۇقەددەس جەڭ يوللىرىنى يورۇتقىن،
ئەي سەن يۇلتۇز، ئەي سەن ئۈممەت يۇلتۇزى!...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 2 - باپ

## مۇساپىرلار

دەرىخلەردىن ماراپ باھار قۇياشى،
ئىللىتىدۇ كېچىككىنە ھوجرىنى.
گۈللەر ئۆتتەك يېنىپ تۇرغان تاملاردا،
تەۋرىنىدۇ ئالتۇن نۇرلار دولقۇنى.
تەكچىلەرنىڭ، مېھراپلارنىڭ ئۈستىدە،
كۆز چاقنىتار قىزىل، سېرىق، ئاق لالە.
يالترايدۇ كۆكۈچ قىلىپ ئىشلەنگەن،
پەتنۇستىكى چەينەك بىلەن پىيالە.
نۇرلار ئوينار چاپراس يوللۇق پالاستا،
ۋە چېچەكلەر نەقىشلەنگەن تۈۋرۈكتە.
ھاسىل قىلار ھەسەن - ھۈسەن تۈسىنى،
ئويما گۈللۈك، بوغۇم - بوغۇم بۆشۈكتە.
ئەگمىلىرى، بوغۇملىرى بۆشۈكنىڭ،
ھۈنارلىق قەسىرلەرگە ئوخشايدۇ.
ئۇ مۇلايىم ھەركەت بىلەن تەۋرىنەر،
ۋە بەزىدە سىلىققىنا توختايدۇ.
قوشاق بىلەن ئەللەي ئېيتار رائىلە،



ئۇزاقلاردا كېزەر ئۇنىڭ خىيالى.
ئىمىپ يېتىپ كېتەر ئاستا ئۇيقۇغا،
ئۇنىڭ رەڭدار بۆشۈكتىكى ئوغلانى.
— ئەللەي، ئەللەي، ئۇخلا قوزام زۇلپىقار،
ئۇخلا قوزام، دىلخۇمارىم، تاتلىقىم.
غەمكىن كۈندە پانا بولدى بۇ دىيار،
ئۇخلا قوزام، يۈرەك - باغرىم، ئاپپىقىم...
مىليونلىغان پەلەستىنلىك ئەرەپلەر،
سەرسان بولۇپ مۇساپىرغا ئايلاندى.
تارقاپ كەتتى لاچىن ئۇرغان قۇشلاردەك،
يۈرەكلىرى ھەسرەت بىلەن داغلاندى.
ھايات ئىزلەپ خوشنا ئەرەپ ئەللەردىن،
ئەلەم بىلەن تاشلاپ چىققۇق ۋەتەننى.
ئۇلۇق ئىگەم كۆرسەتمىسۇن ھېچكىمگە،
چەككەن جاپا، تارتقان قايغۇ - ئەلەمنى.
بوۋاك قالدى تاغ دەرىخى تۈۋىدە،
مۇسىبەتتە سۈرىنگە يول ئالدۇق.
ماغدۇر كېتىپ، ئېغىر ھاردۇق يەتكەندە،
ئولتۇرمايلى، دېدۇق يەنە قوزغالدۇق.
قانلىق قىساس ئۈمىدىدە روھلىنىپ،
ئايلار بويى يۈردۇق شۇنداق پىيادە.
ياۋا كۆكتات يېدۇق يولدا ئاچ قالساق،
ھېرىپ - ئېچىپ ئورۇقلىدۇق زىيادە.
ئاھ، تۆكۈلدى قانچە - قانچە كۆز ياشلار،
چۆل - جەزىرە ئوتلىرىدا داغ قالدى.
ياردار دىلدىن چىققان قانچە نالىلەر،

ياغراپ ئۆتۈپ ھاۋالاردا يوقالدى.
چاچراپ چىقىپ تاغ - تاشلارنى قىزارتىپ،
قانلار ئاقتى تىتما - تالاڭ تاپاندىن.
چۆل گۈللىرى مەڭگۈ قىزىل رەڭ ئالدى،
مۇساپىرلار چېچىپ ئۆتكەن شۇ قاندىن.
يولدا قالدى قانچە - قانچە دەرتمەنلەر،
ئادا بولۇپ ئاتا - بالا، تۇققاندىن.
گۈلدۈرماما ئاۋاز ئالدى دەھشەتلىك،
سەپەردىكى يىغا - زارە، پىغاندىن.
يېتىپ كەلدۇق ئاخىر تىرىك قالغانلار،
جېنىمىزغا پانا بولدى سۈرىيە.
بۆلۈپ بەردى يەۋاتقان ئاش - نېنىنى،
غەمگۈزار ۋە ئانا بولدى سۈرىيە.
ئىللىق كۈلۈپ بۇندا ئەرەپ قۇياشى،
پەلەستىنلىك تۇققىنىغا نۇر بەردى.
دولقۇنلىنىپ ئىلۇنتىس ۋە يىفىرات①
ھېرىپ - چاڭقاپ كەلگەنلەرگە سۇ بەردى.
ئەللەي بالام زۇلپىقارىم... سەن كىچىك،
مۆلدۈرلەيسەن، ھېچنەرسىنى ئۇقمايسەن.
ساڭا پەقەت ئاناڭ بولسا بولغىنى،
ئېمسەن - دە، تاتلىقىنا ئۇخلايسەن.
سەن بىلمەيسەن كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن،
ئانا يۇرتۇڭ يىراقلاردا قالغانىنى.
سەن بىلمەيسەن يەھۇدىلار دۆلىتى،
ئۇنى تامام ئىشغال قىلىپ ئالغانىنى.

① سۈرىيەدىكى دەريالار.



ئادالەتسىز سەن تۇغۇلغان بۇ دۇنيا،
ئوغلۇم ئەزىز ۋەتەن قالدى كىشەندە.
يالقۇنلۇنۇپ ئۆچمەيدىغان ئوت بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىشقى قالدى مەڭگۈ بۇ تەندە.
ۋەتەن مېھرى — ساڭا بەرگەن ئاق سۈتۈم،
پەلەستىننىڭ ئىشقى بىلەن چوڭايغىن!
ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەشكۈچى جەڭچى بول،
قورال تۇتۇپ جەڭلەر ئارا ئۇلغايغىن!
زۇلپىقار دەپ قويغان سېنىڭ ئېتىڭنى،
پەلەستىننىڭ زۇلپىقارى بول بالام.
بەخش ئەتكىن ۋەتىنىڭگە ئازاتلىق،
ئازاتلىقنىڭ، گۈل باھارى بول بالام!
قانچە ئارزۇ، قانچە ئۈمىت سىڭدۈرگەن،
بوۋاڭ ئاتاپ قويغان چاغدا بۇ ئاتنى.
دىگەن ئىدى: ئىز باسىدۇ نەسىللەر،
تەييارلايمىز قوراللانغان ئەۋلاتنى.
زۇلۇم - زۇلمەت باقى ئەمەس بىزلەرگە،
قاراڭغۇ تۈن ئارقىسىدىن كۈن چىقار...
بىزمۇ ھازىر ئاتاڭ بىلەن كۆرەشتە،
سەندۇ ئۆسۈپ كۆرەشچى بول زۇلپىقار!...
خىيال بىلەن ئەللەي ئېيتار رائىلە،
ۋە چاقنايدۇ ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى.
قوشاقلارغا تولدۇرىدۇ ھېجرىنى،
دىلدىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق سۆزلىرى.
كىرىپ كەلدى ھامىد شۇدەم ئىشىكتىن،
زۇلپىقارغا قاراپ قويدى ئولتۇرۇپ.

كۈلۈمسىرەپ، ھارماڭ! — دېدى رائىلە،
چاي ئۇزاتتى پىيالىنى تولدۇرۇپ.
— بىسمىللا ئاچتۇق، — دېدى ھامىد چاي ئىچىپ،
دان ئېكمىز تاپساق ئەمدى ئورۇقلۇق.
ئاشلىق تېرىپ، قورال - ياراق ئالىمىز،
قورال بىلەن كىيلەر بىزگە يورۇقلۇق...

× ×

تولدى پارلاق ئۈمىت بىلەن غەيرەتكە،
ھامىدلارنىڭ ھايات قايناق ھوجرىسى.
بىر مىشكاپتا يازغى بۇغداي كۆتىرىپ
كىرىپ كەلدى سۈرىيەلىك خوشنىسى.
ئۆزۈر سوراپ ئۇ ئولتۇردى سۇپىدا،
دېدى: خەۋەر ئالالمىدىم بالىلىرىم.
ئورۇقلۇقتىن تارتىپسىلەر خىجالەت،
بۇنى ئورۇق قىلسۇن دېدىم بالىلىرىم.
تىكلەپ قويسا ئۆرە تۇرماس بوش تاغار،
ھاياتلىقتا ئاشلىق كېرەك، نان كېرەك.
تېخى تالاي جەڭلەر كۈتەر سىلەرنى،
جەڭچى ئۈچۈن قورال كېرەك، دان كېرەك.
رەھمەت! — دەيدۇ ھامىد غەمخور بوۋايغا،
پانا بولۇپ ماكان بەردىڭ ئاتىجان.
بەردىڭ بىزگە لازىمەتلىك نەرسىلەر،
ئۆيسىز ھوجرا ۋە نان بەردىڭ ئاتىجان.
ئېغىر كۈندە يېشىمىزنى سىلىدىڭ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنۇتمايمىز قىلغىنىڭنى ئەبەدى.
ئېلىپ كىردىڭ بۈگۈن بىزگە ئورۇقلۇق.
بىزدە ھازىر مۇشۇ نەرسە كەم ئىدى...
— ھەي ... بالىلىرىم... دەيدۇ بوۋاي خورسىنىپ،
تارتقان بىزمۇ مۇساپىرلىق دەردىنى.
كىشەنلەنگەن چاغدا گۈزەل سۈرىيە،
كۆرگەن ئىدۇق يامان كۈننىڭ ھەممىنى.
جاھان كەزمەي، يۇرتىمىزدا تۇرۇپمۇ،
يۇرتسىز قېلىپ بولغان ئىدۇق مۇساپىر.
تۆككەن ياشلار، تارتقان دەرتلەر ئاز ئەمەس،
تۈگىمەيدۇ سۆزلەپ كەلسەم بىرمۇ - بىر.
ئەرەپلەرنىڭ يېرى تۇرۇپ سۈرىيە،
ماكان ۋە يەر زارلىقىنى تارتقان بىز.
ئاش ۋە ناننىڭ ئېلى تۇرۇپ سۈرىيە،
يەمەك - ئىچمەك خارلىقىنى تارتقان بىز.
شاللىقلارنىڭ ئىگىسى بىز، بىز ئەمەس،
ئاق سەدەپتەك گۈرۈچنى يىگەنلەر.
باغچىزارلار ئىگىسى بىز، بىز ئەمەس،
گەزلىمىدىن يۇمشاق كىيىم كىيگەنلەر.
گۈللەپ تۇرغان زەيتۇنلارنى بىز تىككەن،
بىزنىڭ ئەمەس زەيتۇن يېغى، مېۋىسى.
ئاق بۇلۇتتەك پادىلارنى بىز باققان،
بىزنىڭ ئەمەس گۆشى، يۇڭى، تېرىسى.
بولغان چاغدا ئەرەپلەرنىڭ قولىدا،
مۇھەببەتلىك ماكان ئىدى سۈرىيە.
يايراپ تۇرغان شەرق قۇياشى نۇرىدا،

جانان ئىدى ۋە جان ئىدى سۆرىيە.
مۇستەملىكە ئازاۋىنى كۆرمىگەن،
ئەركىن - ئازات ۋەتەن ئىدى سۆرىيە.
ئەرەپلەرنىڭ مېھنىتىدە گۈللىگەن،
روناق تاپقان كۆلگەن ئىدى سۆرىيە.
ئوتتۇرا دېڭىز يامغۇرلىرى شاقىراپ،
يۇيۇپ تۇرغان ئۇنىڭ نەپىس كۆكسىنى.
تۈرلۈك - تۈرلۈك گۈل - چېچەكلەر پاقىراپ،
بېزەپ تۇرغان مەڭگۈ گۈزەل ھۆسنىنى.
قەد كۆتەرگەن تاغلار تۇمان ئىچىدە،
رومال ئارتىپ قىيا باققان قىز كەبى.
شامال ئۇچقان بۇلۇتلارنى لەيلىتىپ،
شۇۋىرلىغان گويا شېرىن سۆز كەبى.
ۋادىلارغا، كەڭلىكلەرگە جان بېرىپ،
ئانا دەريا ئاققان جۇشقۇن شوخلىنىپ.
ئۆزىمىزنىڭ ئىدى بۇندا ھەممىسى،
كەلگۈمىزگە باقار ئىدۇق روھلىنىپ.
فرانسۇزلار بېسىپ كەلدى قاچانكى،
ئەللىق ۋەتەن كەتتى بىردىن يوق بولۇپ.
ئەرەپلەرنى ئۆگەيلىدى سۆرىيە،
قالدۇق بۇندا يۈرەك - يېرىم، دىل سۇنۇق.
قاراقچىنى باقتى دالا، ئېكىنزار،
باسقۇنچىلار مۈلكى بولدى ھەممىسى.
ۋە ئۆزىمىز قۇرۇپ چىققان شەھەرلەر،
ئۆزىمىزگە بولدى قۇللۇق تۈرمىسى.
ياتلار زۇلمى گويا ئېغىر تاغ بولۇپ،



بىلىمىزنى ئەگدى شۇنداق بالىلىرىم،
جاھانگىرلار، زورۇۋانلار دەستىدىن،
قايغۇ - ئەلەم كەلدى شۇنداق بالىلىرىم.
بۈگۈن ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ سۆرىيە،
قۇرماقتىمىز ئۇنى مېھنەت، پەم بىلەن.
ئەركىمىزنى ئالدۇق قانلىق كۆرەشتە،
دۈشمەنلەرنى قوغلاۋەتتۇق جەڭ بىلەن.
ياردارلىنىپ جىنايەتلىك ئۇرۇشتا،
شۇ كۈلپەتتە قالدى بۈگۈن پەلەستىن.
ھاكىم بولۇپ كەلگىندىلەر، كۆچمەنلەر،
يانغىنلاردا ياندى بۈگۈن پەلەستىن.
كۈرەشتىدۇر مۇستەقىللىق، نىجاتلىق،
قوراللىنىپ چېلىشقىلار بالىلىرىم.
سىلەر بىلەن بىللە بارلىق ئەرەپلەر،
دۈشمەن بىلەن ئېلىشقىلار بالىلىرىم.
دىدى بوۋاي دولقۇنلىنىپ توختىدى،
مۇساپىرلار قالدى چەكسىز خوش بولۇپ.
بوۋاي چىقتى، ھامىد قىلىپ ئېھتىرام،
ھويلىغىچە ئۇزاتتى قول قوشتۇرۇپ.

× ×

قويچى ئەرەپ تاغدىن چۈشۈپ بىر كۈنى،
كىرىپ كەلدى مۇساپىرلار ئىچىگە.
ياردەم قىلماق بولۇپ كۈلپەت ئەھلىگە،
ھەيدەپ كەپتۇ بىرقانچە قوي - ئۆچكە.

ئۇ، ئائىلە، كەپىلەرنى ئارىلاپ،
ماللىرىنى بىر - ئىككىدىن تارقاتتى.
ئىككى قوزا تەقدىم قىلدى ھامىدقا،
ۋە ھوجرىدا كۈلۈپ تۇرۇپ سوز قاتتى:
— قوزىلارنى بېقىپ قويغىن ئەي ئوغلان،
ساڭا بەردىم، كۆپەيسۇن ۋە مال بولسۇن.
لازىم بولسا ياراپ قالار دىنارغا،
قىسىلغاندا دەردىڭلارغا دال بولسۇن.
مەنمۇ ئوغلان ساڭا ئوخشاش مۇساپىر،
ئانا ئېلىم قالغان بەكمۇ يىراقتا.
ئۇ ۋەتىنىڭ پەلەستىندىن كۆپ نېرى،
كۆپ - كۆك، چەكسىز دېڭىزدىنمۇ ئۇياقتا.
چۆلى ئالتۇن، تېغى كۈمۈش ئۇ يەرنىڭ،
ئۇ — ئىسپانلار، قوزغىلاڭلار ۋەتىنى.
تەقدىرىمىز ئوخشاش كەلدى بىزلەرنىڭ،
جەڭلەر ئارا تەرك قىلغان مەن ئۇنى.
جەڭ باللىرى — ئۇ يەردىكى ئەرەپلەر،
دۇنيا بىلەر ئالجىرىيە — بۇ نامنى.
قولغا چۈشكەن ئىدىم بولۇپ يارىدار،
فىرانسۇزلار باستۇرغاندا ئىسيانىنى.
تۇتۇپ ئېلىپ مېنى دۈشمەن كىشەنلەپ،
ئوكيانىدىكى ئاراللارغا پالىدى.
كىشەن بىلەن سالدى قارا ئىشلارغا،
ئۇرۇپ - قىيناپ ئازاپلىدى، خارلىدى.
يىللار ئۆتتى نادامەتتە، مېھنەتتە،
ئاخىر مېنى سۈرىيىگە يۆتكىدى.



سولاپ قويدى، سۈرىيەمۇ ئۇ چاغدا
بىزگە ئوخشاش مۇستەملىكە يۇرت ئىدى.
قوزغالغاندا سۈرىيەلىك ئەرەپلەر،
ئازات قىلدى مېنى ئۇلۇغ ئىسيانلار.
ئەرەپ كۈنى چاقناپ چىقتى بۇ يەردە،
پاچاقلاندى تۈرمە بىلەن زىندانلار.
مەنمۇ شۇ چاغ قورال ئېلىپ قولۇمغا،
ئەرك - ئازاتلىق جەڭلىرىگە قاتناشتىم.
زەپەر تۇغى لەپىلدىگەن تىنىچ دەم،
ماكان تېپىپ، قويچى بولۇپ ئالماشتىم.
ئۆتتۈم يېشىل تاغلار ئارا قوي بېقىپ،
ئارام تاپتى سۈرگۈن كۆرگەن بۇ جېنىم.
كېچە - كۈندۈز جىلۋە قىلىپ ئالدىمدا،
خىيالىمدىن چىقماس ھەرگىز ۋەتىنىم.
قويچى ئەرەپ بالىسىدىم ئۆزەممۇ،
تېرى ئاتلاس تاغلىرىدا تۇغۇلغان.
ئالجىرىيە كۆللىرىدىن سۇ ئىچىپ،
گۈزەل جىلغا، سەھرالاردا چوڭ بولغان.
قانداق ئېسىل ۋەتەن ئىدى، ئۈستىدە —
ئۇچار ئىدى ئوكيانلار تۇمانى.
دېڭىز بويى، شەھەرلەردە تارتقان بوي،
قەدىم ئەرەپ قەلئەلىرى، قورغانى.
سۈزۈك ئىدى ئالتۇن ئۈزۈك كۆزىدەك
تاتلىق سۇلۇق كىچىك - كىچىك كۆللىرى.
دولقۇنلايتتى ئوكيانىدەك بىپايان،
ئالتۇن قۇملۇق ئۇلۇق سەھرا چۆللىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەد كۆتەرگەن شىمال بىلەن جەنۇپتا،
تېرى ئاتلاس، سەھرا ئاتلاس تاغلىرى.
مول يامغۇرلۇق قىرغاقلاردا گۈللىگەن،
چەكسىز يېشىل ئۈزۈمزارى، باغلىرى.
ئاتلانتىكتىن ئۇچۇپ كەلگەن توپ قۇشلار،
ئاسمىنىدا قانات قاقار، چۆگىلەر.
كەھرىۋالار مارجىنىدەك تىزىلىپ،
قۇملۇقلاردىن ئۆتەر ئىدى تۆگىلەر...

ۋەتەن دەردى يامان ئىكەن، ئەي ئوغلان،
دائىم ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن يۈرىمەن.
سېغىنغاندا قوشاق قېتىپ كۆيلەيمەن،
ئۇنى كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرىمەن.
ئەس - يادىمدىن، چۈشلىرىمدىن چىقمايدۇ،
سەپداشلىرىم — ئىسياندىكى يارانلار.
شۇ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرماق كويىدا،
ئۇيۇشقان بىز ۋە باشلىغان ئىسيانلار.
يۈز يىللاركى، فرانسىيە قوشۇنى،
بوزەك قىلدى، كەلدى ئۇنى تىزگىنلەپ.
مىليون گېكتار ئۈزۈمزار ۋە يەرلەرنى،
چەتئەللىكلەر ئالدى تامام ئىگەللەپ.
ئۆتۈپ كەتتى فرانسىيە قولىغا،
زاۋۇتلىرى، بايلىقلىرى، كانلىرى.
فرانسىيە بايلىرىنى سەمرىتتى،
ئەرەپلەرنىڭ تەرلىرى ۋە قانلىرى.
جىنايەتلىك مۇستەملىكە تۈزۈمى،
ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلدى مىللەتكە.



بىز كۆرەشتە مۇستەقىللىق جاكالاپ،
ئايلانماقچى ئىدۇق ئەركىن دۆلەتكە.
ئېلىمىزگە ئالماق بولۇپ كۆرەشكەن،
تالاندىكى يەرلەرنى ۋە كانلارنى.
ئېرىشتۈرمەكچى ئىدۇق يېڭى ھاياتقا،
جەۋرى چەككەن ۋە تالانغان جانلارنى.
جەڭلەر بىلەن بەرمەكچىدۇق خاتىمە،
بىزنى ئەزگەن بۇ ئەسىرى كۈلپەتكە.
يولغا قويۇپ يېڭى مىللى مائارىپ،
مەدەنىيەت بەرمەكچىدۇق مىللەتكە.
مۇددىئامىز: ئەرەپلەر ئۆز ئېلىدە،
قاراڭغۇلۇق - جاھالەتتە قالمىسۇن.
ساۋاتسىزلىق، بىلىمسىزلىك ئېلىكىدە،
روھى قۇللۇق، ئاسارەتتە قالمىسۇن.
ئۆزىمىزنىڭ بولسۇن بۇندا مەكتەپلەر،
ئەرەپتىنمۇ چىقسۇن تېخنىك، ئىنژېنېر.
دوختۇر، ھەربى، سىياسىئون ۋە خادىم
ئۆزىمىزدىن بولسۇن دىدۇق بىرمۇ - بىر.
فرانسوزلار بىلەلىگەن ھەممىنى،
ئەرەپ خەلقى بىلەلمەيمىش نىمىشقا؟
چەتئەللىكلەر ئېتەلىگەن ئىشلارنى،
ئالجىرىيە ئېتەلمەيمىش نىمىشقا؟
شۇنداق ئوغلان! مۇستەقىللىق جاكالاپ،
تىكلىمەكچى ئىدۇق ئىگىلىك ھوقۇقى.
چەتئەللىكلەر! يوقىلىڭلار بۇ يەردىن،
ئەرەپلەرنىڭ مۈلكى دىدۇق بار - يوقى.

مەن بۇندامەن، ئوت ئىچىدە ۋەتىنىم،
سەپداشلىرىم ھازىرمۇ شۇ كۆرەشتە.
ئۇ تۇغرۇلۇق تالاي خەۋەر ئاڭلىدىم،
قوزغىلاڭلار ئىكەن بۈگۈن ئۆرلەشتە.
ئىشقا ئاشار ئۈمىدىمىز مۇقەررەر،
ئالجىرىيە قولىمىزغا ئۆتكەندە.
مەنسۇپ بولار مىللى، روھى گۈللىنىش
ھەممە نەرسە بىزنىڭ بولسا ۋەتەندە.
مەنمۇ بۇندا تۇرالمايمەن ئۇزاققا،
كەتمەكچىمەن ئازراقىنا پۇل تېپىپ.
قىلىپ ئۇنى پاراخوتلار كىراسى،
دولقۇنلىغان دېڭىزلاردىن يول تېپىپ.
شۇنداق ئوغلان، جەڭ قايىنىغان ئېلىدىگە،
گويا قۇشتەك قانات قېقىپ كېتىمەن.
ئىسيانىدىكى ئالجىرىيە چىللايدۇ...
شۇ ۋەتەنگە جاننى پىدا ئېتىمەن.
دىدى قويچى، كۆلۈمسىرەپ شوخ بولدى،
نۆۋەت ئېلىپ ھامىد قىزغىن سۆز ئاچتى.
ئىككى جەڭچى، ئىككى دەرتمەن مۇساپىر،
ئاشۇ كۈنى ئۇزاقىچە مۇڭداشتى...

× ×

كۆك قەلئەلەر غايىپ بولدى نەزەردىن،
كەچكى گۈگۈم قاپلاپ ئالدى ھەممىنى.
سوغۇق كۈلۈپ پەيدا بولدى يۇلتۇزلار،



ۋە يورۇتتى يېروسالىم شەھرىنى.
ئىشتىن قايتتى ھېرىپ - ئېچىپ ئەرەپلەر،
كەپىلەردىن تۈتۈن چىقتى، جانلاندى.
شاۋقۇنلىنىپ كەمبەغەللەر مەلىسى،
ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىر ماكانغا ئايلاندى.
كەچكى تاماق قىلار ئۇلاردا ئانىلار،
ئاچ بالىلار تەلمۈرىدۇ قازانغا.
خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ ئاتىلار،
غەمكىن قاراپ غېرىبانە ماكانغا.
قاسىم تېخى قايتالمىدى شەھەردىن،
كەچكى تاماق ئېچىلمىدى كەپىدە.
ئويچان، بۆشۈك تەۋرەتمەكتە سارىيە،
ئەللەي ئېيتار ھىسلار قايناپ قەلبىدە:
— ئەللەي قوزام، ئەللەي قوزام، يىتىمچەم،
ئەللەي قوزام، كۆزى يورۇق يۇلتۇزۇم.
ئۇخلىۋالغىن ئاتاڭ قايتىپ كەلگىچە،
يۈزى ئالما، چېچى قارا قوندۇزۇم.
باقتۇق سېنى ئۆزىمىز ئاچ بولساقمۇ،
بېقىش تېپىپ، تىرىك قالدىڭ ئاپىغىم.
كىيىندۈردۇق ھەم يالىڭاچ بولساقمۇ،
بولۇپ قالدىڭ ئۈمىدىم ۋە شاتلىغىم...
ئامال قانچە، كۆنۈپ قالدىڭ ئاخىرى،
تېخى بالا كۆرمىگەن ياش ئاناڭغا.
ۋىلىققىدە كۈلۈپ بەردىڭ نەچچە رەت،
سېنى جاندىن ئەزىز كۆرگەن ئاتاڭغا.
ئۇ شەھەرگە كەتكەن بۈگۈن ئىش ئىزلەپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايلار بولدى ئىش ئىزلەيدۇ ئۇ شۇنداق.
ئىشسىز قالدۇق ئۆز ئېمىزنىڭ شەھرىدە،
قاچانغىچە ئۆتەرمىز كىن مۇشۇنداق.
بۇ مۇقەددەس قەدىم ئەرەپ شەھرىنى،
يەھۇدىلار سورايدىغان بوپ قاپتۇ.
كەلگىندىلەر ئىگەللەپتۇ ھەممىنى،
ئەرەپلەردىن ئىگىدارچىلىق يوقاپتۇ.
كۆپ ئەرەپلەر كېتىپ قاپتۇ ئۇرۇشتا،
يىراق - يىراق ئەللەر تامان يول ئاپتۇ.
كۆچمەنلەرگە ئاش - نان بېرىپ زاۋۇتلار،
ئەرەپلەرنى زادى ئىشقا ئالماپتۇ.
كەلگىندىلەر تېخى شۇنچە ھاكاۋۇر،
چەتكە قېقىپ، خارلىماقتا ئەرەپنى.
ماكان قۇرۇپ ئېلىپ ئەرەپ شەھرىدە،
بوزەك قىلىپ، تالىماقتا ئەرەپنى.
كۆچمەنلەرنىڭ يانچۇغىغا چۈشمەكتە،
ئەرەپلەرنىڭ مېھنەت تەرى، بايلىقى.
تېخى قانچە گۈزەل گەپ ۋە رەڭۋازلىق،
تېخى بۇندا ب د ت نىڭ بايرىقى.
نىقاپلىنىپ ئاشۇ بايراق ئاستىدا،
چېرىغىمىزنى ئۆچۈرمەكتە ئامېرىكا.
ھەر قەيەردىن تېرىپ - تۆشەپ ئۇلارنى،
سۈرئەت بىلەن كۆچۈرمەكتە ئامېرىكا.
ئۇ ئالدىراپ كۆچمەنلەرنى كۆپەيتىپ،
مەڭگۈ بېسىپ ئالماق بولۇپ شەھەرنى.
ۋە دۇنيادا يەھۇدىلار يېرى دەپ،



دەۋا - دەستەك قىلماق بولۇپ بۇ يەرنى.
ئۇ ئالدىراپ، ئەرەپلەرنى ئازايتىپ،
خالىغانچە مىللىي زۇلۇم قىلىشقا.
ئەسلى ئەرەپ يەرلىرىنى ئىگەللەپ،
ئەرەپلەرنى يەردىن مەھرۇم قىلىشقا.
ھوقۇقسىز ۋە يېرىمىز بولمىسا،
دىلغا ئازار يېتەر ئىكەن جان قوزام.
ئىگىدارچىلىق قولدىن كەتسە ۋەتەندە،
ھەممە قولدىن كېتەر ئىكەن جان قوزام...
مەن سۆزلەيمەن، كۈلۈپ قاراپ ياتسەن،
كاشكى ئىدى بۇ گەپلەرنى چۈشەنسەڭ.
ساڭا پەقەت بۇلماق بولسا بولغىنى،
يەۋالساڭ - دە، ئەركىلىسەڭ ۋە كۈلسەڭ.
بۆشۈكتىكى مارجاننىڭنى ئوينايسەن،
ئېيتىپ بەرسەم مۇڭلۇق قوشاق ۋە ئەللەي.
چۈشەنمەيسەن مەشئۇم، قارا كۈنلەرنى،
ۋە بىلمەيسەن تەقدىرىڭنى بەتتەلەي.
سەن بىلمەيسەن ياش تۆمۈرچى داداڭنىڭ،
ئۆلگىنىنى ئۇرۇش، ئاپەت، ئوپقۇندا.
سەن بىلمەيسەن گۈزەل، مەسۇم ئاناڭنىڭ،
مەڭگۈ غايىپ بولغىنىنى دولقۇندا.
سەن دۇنياغا كەلگەن ئاشۇ كۈنلەردە،
ئۇلار ئۈچۈن مىسالى تاڭ ئاتقانتى.
ئۇلار سېنى ئەتىۋارلاپ ۋە ئاسراپ،
قانچە ئارزۇ - ئۈمىد بىلەن باققانتى.
ئانا بولماق قانچە ئۇلۇغ دۇنيادا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتا بولماق قانچە بەخت، خوشاللىق.
بالا- ئۆيىنىڭ يېنىپ تۇرغان چىرىغى،
بالا بىلەن يۈرەك پۈتۈن ۋە جانلىق.
ئاتا- ئانا يۆلەنچۈكۈم بار، دەيدۇ،
كۆزلىرىگە كۆرۈنمەيدۇ بىساتىمۇ.
بالا بىلەن تۇرمۇش ئۆتەر كۆڭۈللۈك،
بالىسىزلار كۈنى كۈنگە ھېساپمۇ؟
بارغان ئىدىم سىڭنىڭ بۆشۈك تويىغا،
سوغات ئېلىپ ۋە داستىخان كۆتىرىپ.
كىچىكلەرمۇ كەلگەن سىڭنى قۇتلۇقلاپ،
بايرام قىلغان خوشال چۇقان كۆتىرىپ.
بوشۇگىنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ،
تۆشۈك ئۇغاچ يىگەن ئىدى باللار.
كۈلۈپ قاراپ تۇتۇپ بۇدرۇق قولىنى.
يېڭى مېھمان! دىگەن ئىدى باللار.
يۇمۇلتىپ جەينىمىزدا ئاۋايلاپ،
قېرى موللا جەملە، دەپ نام بەرگەن.
ئاتاڭ خوشال، رەھمەت ئېيتىپ موللىغا،
ھەققى ئۈچۈن دىنار بەرگەن، نان بەرگەن.
ھەي.... جىگەرىم، بۈگۈن ئەمدى ئۇلار يوق،
كۆپ ۋاقتسىز تەرك قىلدى دۇنيانى.
بولدى ئۇلار سىنى يىتىم ئەيلىگەن،
قاراقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ قۇربانى.
ئەللەي قوزام، پاخلانىغىنا جەملەم،
ئەللەي قوزام، سەن بىلمەيسەن ئۇلارنى.
ساڭا يېڭى ئانا بولدۇم ئەمدى مەن،



ئۆتكۈزەيلى بىللە غېرىپ يىللارنى.
چوڭىيارسەن مېھرىم بىلەن گۈزىلىم،
چۈشىنەرسەن ۋە بىلەرسەن ھەممىنى.
كېلەر شۇ كۈن، ئۆمرۈم بولسا كۆرەرمەن،
قوراللانغان قارا چاچلىق جەڭچىنى.
يىتىملەرنىڭ نىجاتكارى بولۇپ قال،
كۆزى نۇرلۇق تۈن يۇلتۇزى جەملە.
كۆزلىرىڭنى يۇمغىن ئەمدى ئارام ئال،
پەلەستىننىڭ يىتىم قىزى جەملە.

× ×

ئەل جىمىقىپ، تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە،
قايتتى قاسىم ئۇيقۇدىكى شەھەردىن.
ئۇنى كۈتۈپ ئوخاق ئىدى سارىيە،
سورىدى ئۇ: ئىش تاپتىڭمۇ بىر يەردىن؟
— نەدىكى ئىش! — دىدى قاسىم، — تاۋۇشى
تىترەپ چىقتى، ئەكس ئەتتى ھاياجان.
يۇلتۇز نۇرى يالت قىلدى-دە، كۆرۈندى،
ماڭلىيىدا قېتىپ قالغان قىزىل قان.
كۆردى ئۇنى، قورقۇپ كەتتى سارىيە،
— يارىدارسەن؟ — چاچراپ تۇردى ئورنىدىن.
ئازراققىنا! — دىدى قاسىم ئولتۇرۇپ،
ۋە پىچىنە ئالدى ئاستا قوينىدىن.
شۇ تۈپەيلى، تاياق يىدىم بۈگۈن مەن،
دىدى كۆرگەن ئىشلىرىدىن سۆز ئاچتى.

تەشۋىشلىنىپ قولاق سالدى سارىيە،
قولاق سالدى، كۆزىگە ياش ئولاشتى.
— ئەي ئەزىزىم، تاڭدىن بېرى ئىش ئىزلەپ،
بۇ شەھەردە كۆردۈم نۇرغۇن ئىشلارنى.
كۆردۈم ئۇندا ماڭا ئوخشاش بىقارار،
ئىش - ئىزلىگەن مىسكىن ئوغۇل - قىزلارنى.
ئاۋال ئەرەپ رايونىنى ئارىلىدىم،
بۇ رايوندا بوپتۇ قىزىق ئۆزگىرىش.
ئەرەپلەرنىڭ ماكانىدا سارىيە،
مودا بوپتۇ ئەرەپلەرنى پەس كۆرۈش.
مەھكۇم كۈنگە چۈشۈپ قاپتۇ ئەرەپلەر،
دەۋران سۈرمىش بۇ شەھەردە يەھۇدى.
بىرگە قاپتۇ نامراتچىلىق، مۇھتاجلىق،
ھوقۇق بىلەن پۇل بار يەردە يەھۇدى.
ئىسپانچىنى بىلەمسەن؟ دەپ سورايدۇ،
مەن سەرگەردان ئىش ئىزلىگەن يەرلەردە.
ئەرەپ تىلى تىلغا ھېساپ ئەمەسكەن،
ئىسپان تىلى ئاقار ئىمىش شەھەردە.
جاۋاپ بەردىم: نەدىن بىلەي بۇ تىلنى،
ئانام مېنى تۇغقان ئىكەن ئەرەپ، دەپ.
ماڭا ئەللەي ئېيتقان ئىكەن ئەرەپچە،
بىلگەن ئىكەن ئۆز تىلىنى شەرەپ دەپ.
ئۇنداق بولسا بۇ كېسەلگە داۋا يوق،
كۈن ئالمىغىڭ تەس بولۇپتۇ، دېيىشتى.
خوجايىنلار شۇنچە قوپال ۋە كەرەڭ،
تېخى مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى.



بىر يەھۇدى ئۇچراپ قالدى بەختىمگە،
ھاممال كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن بېكەتتە.
كىرا قىلدى، يۈكلىرىنى كۆتەردىم،
ئازراقلا پۇل ئىشلەپ تاپتىم شۇ پەيتتە.
بىلگىيىدىن كۆچۈپ كەپتۇ ئۇ يېڭى،
چىللىغانىكەن بىر تۇققىنى — پۇلدار باي.
دۇكان ئولجا ئالغان ئىكەن ئۇرۇشتا،
ماكان تېپىپ قويغان ئىمىش كۆپ قولاي.
يىمەكلىكلەر دۇكىنىغا ماڭدىم مەن،
ئالاي دىدىم جەمىلەگە پېچىنە.
سېتىۋېلىپ بىر - ئىككى تال شوكولات،
ئۇنى خوشال قىلاي دىدىم مەن يەنە.
ئولتۇراتتى بىر يەھۇدى خانىمى،
مېنى كۆرۈپ قاراپ قويدى پەرۋاسىز.
كىرىپ كەلدى شۇئان بىر تۇپ يەھۇدى،
ۋە ئۇنىڭغا سۆز تاشلىدى ھاياسىز.
كۈلۈپ قويدى، خوشال بولدى ئۇ تايلىق،
قان يۈگەردى سىل كېسەلدەك رەڭگىگە.
كۈلكە ئويناپ كەتتى يېشىل كۆزىدە،
ۋە نازلاندى ئۆزلىرىنىڭ ئەھلىگە.
ئۇزاق كۈتتۈم، مال بەرمىدى ئۇ ماڭا،
مېنى ئادەم سانىمىدى سارىيە.
قىلدىم ئاڭا تەكرار - تەكرار ئىلتىماس،
ئاڭلاپ تۇرۇپ قارىمىدى سارىيە.
غۇرۇرۇمغا تەگدى ئۇنىڭ بۇ ئىشى،
قېنىم قايناپ غەزەپلەندىم، قىلدىم ئار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە قەلبىمدە كۆتىرىلدى قوزغىلاڭ،
دېدىم ئاگا، كۆرمە بىزنى مۇنچە خار!
بۇ - پەلەستىن! زېمىندۇر ئەرەپنىڭ،
ئىشلىگىنىڭ — ئەرەبلەرنىڭ دۇكىنى.
ئەرەبلەرنىڭ مېھنىتىدۇر تۇۋارىڭ،
خوجا بولۇپ ساتماقتىسەن سەن ئۇنى.
بۇ دۇكاننى ھاسىل قىلغان كىشىلەر،
پەلەستىننىڭ توپىسىدىن ئىشلەنگەن.
پەلەستىننىڭ ماتېرىيالى، ياغىچى،
گۈللۈك ئۇستەل — سەن راھەتتە يۆلەنگەن.
پەلەستىننىڭ پاختىسى ۋە يېپىگى،
ھەتتا سېنىڭ ئۇچاڭدىكى كېيىممۇ.
شۇنداق ئىكەن، بىر ئەرەپكە مال ساتماق،
جاۋاپ بەرمەك، ساڭا شۇنچە قىيىنمۇ؟
تىكەن بولۇپ سانچىلامدۇ قولۇڭغا،
ئالساڭ ئەگەر، ئەرەپتىكى بۇ دىنار؟
قۇترىتتىمۇ پەلەستىننىڭ ئاش - نېنى،
سېمىزلىكتىن مۇنداق مىجەز بولدى يار؟
ئېغىز يىسە ئۇيالمامدۇ يۈز دېگەن،
ئىزا تارتقىن، مۇئامىلەڭ كۆپ ناچار.
بىلىپ قويغىن، يەۋاتىسەن ئەرەپنى،
ئەرەبلەرنىڭ ئانا مۈلكى — بۇ دىيار!
مال ئالغىلى ئادەم كەلدى ئالدىڭغا،
ھايۋان ئەمەس، ئىلتىجانى ئال ئىلىك.
دېدىم ئاگا: سايراپ كەتتى ئۇ خانىم،
ئاق قۇشقاچمۇ سايرىمايدۇ ئۇنچىلىك.



جاۋۇلدىدى: „پەلەستىننىڭ يوقالغان،
بۇندا ئەمدى يەھۇدىيلار دۆلىتى.
ئىسرائىلنىڭ بايرىقىغا قارامسەن،
يەھۇدىينىڭ ئېشىكى سەن ۋە ئىتى.
ئۆزەڭ ئىتسەن! دېدىم ئاگا غەزەپلىك،
ئىتقا ئوخشاش باققان كىشىنى چىشلەيسەن.
ئۆزەڭ ئېشەك! دېدىم ئاگا نەپرەتلىك،
ئېشەك كەبى ھايا نېمە بىلمەيسەن.
مەڭگۈ ھايات! يوقالمايدۇ پەلەستىن،
سەن ئۆزەڭسەن ۋەتەنسىز ھەم شەرمسار.
ۋاقىرىدى، چۇقان سالدى ئۇ خانىم،
ۋە ھەيدىدى: چىق دۇكاندىن، يوقال، بار!
ئۇ ھاكاۋۇر خانىمغا يان بېسىپ،
يەھۇدىيلار كەلدى شۇئان ياردەمگە.
بىر نەپەسكە مۇشت ئىچىدە قالدىم مەن،
ۋە ئايلاندىم تىتما - تالاڭ ئادەمگە.
ئەگەر شۇ دەم توپلانمىسا ئەرەبلەر،
ئۇلار مېنى ئۆلتۈرەتتى شۇ يەردە.
بىرەر ئىشسىز مۇساپىرنىڭ ئۆلىمىگى،
ھېچ داۋاسىز كېتەر ئىدى شەھەردە.
مەدەت بەردى ماڭا ئەرەپ ياشلىرى،
ئۇ دۇكاندا مۇشلاش بولدى بىر مەيدان.
ياڭراپ قالدى ساقچىلارنىڭ ھۇشتىكى،
ۋە دۇكاننى تەرك ئەتتۇق بىز شۇئان.
مانا شۇنداق ئىشلار بولدى سارىيە،
بەختىڭلارغا يەنىلا ساق قالدىم مەن.

كېيىن كەتتىم كوچىلاردا تەنتىرەپ،
پىچىنىنى باشقا جايدىن ئالدىم مەن.
هارغىن كېزىپ، كەچكە يېقىن شەهەرنىڭ،
يەهۇدىلار رايونىغا يۆتكەلدىم.
مەهكىمىلەر ئورۇنلاشقان كوچىدا،
قۇدرەتلىك نامايىشقا دۇچ كەلدىم.
دېڭىز بولۇپ ئاقار ئىدى ئەرەبلەر،
هەممىسىنىڭ بەللىرىدە ئاق ياغلىق.
ياڭرار ئىدى شوئار بىلەن چۇقانلار،
ۋە ساقچىلار يۈرەر ئىدى قوراللىق.
غەمكىن لەيلەپ دولقۇندىكى كېمىدەك،
توپ ئالدىدا بارار ئىدى جىنازا...
غەزەپلەنگەن، هاياجانلىق ئېقىمغا،
هەيران بولۇپ قاراپ تۇردۇم بىر هازا.
سوراپ كۆردۈم، چۈشەندۈردى باشقىلار،
ياش بىر ئەرەپ ئۆلگەن ئىكەن كېچىدە.
يەهۇدىلار قاراۋۇلى ئوق ئاتقان،
يىگىت قالغان ئەجەل ۋە قان ئىچىدە.
مەهكىمىلەر قوغداپ قېلىپ قاتىلنى،
بىر ئەيىپنى ئۆلگۈچىگە ئارتىپتۇ.
شەهەر خەلقى قويماي ئۇنى يەرلىككە،
كوچىلاردا بۈگۈن قوشۇن تارتىپتۇ.
ئويلىدىم مەن، بىر ئىكەنمىز تېخى بىز،
ۋە سۆزسىزلا شۇ قوشۇنغا قېتىلدىم.
يولىمىزنى توراۋالدى ساقچىلار،
ساقچىلارغا مەنمۇ ئوقتەك ئېتىلدىم.



ئىشقا چۈشتى تانكىلىرى گۈلدۈرلەپ،
نامايىشنى ئوققا تۇتتى ئارمىيە.
پىلىمۇتلار قالدى ئەنسىز تىرتىلداپ،
ئۆلۈك بىلەن تولۇپ كەتتى هەممە يەر.
يەهۇدىلار قىردى تىنچ خەلقنى،
مىللەتچىلىك نەيزە بىلەن قوغدالدى.
كۆپلەر ئۆلدى تانكىلاردا چەيلىنىپ،
ئاسفالتتا كۆلچەك - كۆلچەك قان قالدى...
ئويلاپ كۆرگىن! نېمە دېگەن تەڭسىزلىك،
قانداق ئېغىر ئەرەپلەرنىڭ قىسمىتى!
ئادەم قەدرى نېمە بولدى دۇنيادا،
ئۆلۈشتىمۇ تۇغۇلۇشنىڭ قىممىتى؟
ئىخ ئەزىزىم! شەهرىمىزگە پاتمىدۇق،
تاشلاپ ئۇنى كېتەيلى بىز يىراققا.
ئىئوردانىيە قىرغاقلىرى ئەرەپتە،
نىجات ئىزلەپ ئاتلىنايلى شۇ ياققا.
ئۇندا كۈرەش يوللىرىنى تاپارمىز،
كۈرەشتىدۇر ئادالەتلىك، نىجاتلىق.
ۋەتەن بىزگە قايتار پەقەت جەڭ بىلەن،
جەڭدىن كېلەر ئەركىن هايات ۋە شاتلىق.

× ×

ئەتىيازنىڭ هاياتبەخش ئاپتىۋى،
ئېدىرلارغا ئېلىپ كەلدى جانلىنىش.
ئوتلار تۇتاش ئۇنۇپ چىقتى بىخ ئۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە يۈز بەردى گىلەم سۈپەت رەڭ ئېلىش.
ئويغاتقۇچى شامالLاردا يەلپۈنۈپ،
گۈل - چېچەكلەر ئەركىلىدى قوياشقا.
تاغ لەيلىسى غۇنچە ئاچتى قىپ - قىزىل،
قىزىللىقى ئوخشار مىسلى ئوتقاشقا.
مەجنۇن تال يېيىپ شالاڭ دەرەختلەر،
ياش ۋە يېشىل يوپۇرماققا پۈركەندى.
رەڭ تارقىتىپ ئاقتى باھار دولقۇنى،
باھار، قۇشلار سايرىشىدا كۆيلەندى.
سۈزۈك كۆكتە ئاۋاز بېرىپ تۇرنىلار،
ئۇچۇپ ئۆتتى شىمال تامان يول ئېلىپ.
ئېتىزلاردا، بىنەملەردە بۇغدايلار،
يېشىل نەيزە تارتتى كۆككە ئىنتىلىپ.
تۇپراق يېرىپ گۈللەپ تۇرغان مايسىلار،
توز بويىندەك نۇر قايتۇرار، تاۋلىنار.
ھايات ئېلىپ تۇپراق بىلەن قوياشتىن،
بىرى - ئىككى ۋە ئۈچ بولۇپ شاخلىنار.
ئۇپۇقلارغا ئېلىپ كېتەر يىراق يول،
كۆرۈنىدۇ ئوتلار ئارا ئاقىرىپ.
جەمىلەنى ياسىدۇرار سارىيە،
ئېدىرلاردىن، جىلغىلاردىن گۈل تېرىپ.
چاچلىرىنى ئۆرۈپ قويار گۈل بىلەن،
ۋە گۈلدەستە تۇتقۇزار ئۇ قولىغا.
بوۋاق خۇشال ئەركىلەر ۋە شوخلىنار،
قوللىرىنى سوزۇپ قوياش نۇرىغا.
بارار قاسىم سارىيەنىڭ يېنىدا،



تاشلاپ ئوزۇق خالتىسىنى دولىغا.
كۆزلىرىدە ئۈمىت، نەپرەت جىلۋىسى،
باقار تىنچ، ئۇزاق چۆللەر يولىغا.
ئۇ، جۇدىگەن، ساقال باسقان يۈزىنى،
ئايلار بولدى كېلەر ھامان يول يۈرۈپ.
يۇرتلار ئارا مەنزىل ئېلىپ شەرقنى،
ئانا دەريا ساھىلىغا تەلپۈنۈپ.
قۇدرەت بىلەن تارتتى ئۇلۇغ باغرىغا،
نىجات ۋە نۇر بۆشۈگىدەك ئۇ ماكان.
ئۇلار ماگدى پەلەستىننى ئارىلاپ،
ۋە چۆللەردە كەزدى ئۇزاق سەرگەردان.
كۆلەڭگىدەك ئىز قوغلىشىپ سەپەردە،
ھەمرا بولدى ئاچلىق بىلەن مۇھتاجلىق.
قاسىم ماگدى ھامان ئالغا ئىنتىلىپ،
دىلدە ئارزۇ، ھىس قىلمىدى ئۇ ئاچلىق.
ئايالىغا، بالىسىغا نان ئىزلەپ،
كۈنلۈك ئىشلەپ تۇرۇپ قالدى بىرمۇنچە.
ئاچمۇ قالدى قاسىم بىلەن ئايالى،
ئاچ قالمىدى كىچىككىنە يېتىمچە.
يوللاردىكى ھايات ئۆچكەن قەدىم جاي،
خارابىلار تۈنگى ماكان بوپ كەلدى.
قوندى بەزەن مازارلاردا، مەچىتتە،
يەرلىدىن قالماي يۇرتتىن - يۇرتقا يۆتكەلدى...
يېشىل ئېدىر جەلپ قىلار قاسىمنى،
جۇش ئۇرىدۇ ئۇندا گۈزەل تۇيغۇلار.
قايناق ئىلھام چۆلغاپ ئالار ھەم ئۇنى،

قەلبى ئارا يورۇق پىكىر تۇغۇلار.
— قارا! — دەيدۇ سارىيەگە ئۇ كۈلۈپ.
قانداق پاخلان كۆكلەپ چىققان مايسىلار،
ئۇندا پارلار ھاياتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى،
باقساڭ، ئەزىز ئارزۇلىرىڭ ئوت ئالار.
تۇمان پەسلى، ئۇ ياغمۇرلار تېگىدە،
توختاپ قالغان ئاجىزغىنە كۆكۈرۈپ.
بوران - جۇدۇن ۋە سوغۇقنىڭ ئىلكىدە،
ياش قەددىنى ئالالمىغان كۆتىرىپ.
بۈگۈن مانا ياشناپ باھار كۈنىدە،
قۇدرەت بىلەن كىرىپ كەپتۇ ھاياتقا.
زوقلاندۇرۇپ، مەپتۇن دىلغا روھ بېرىپ،
ھايات ئىشقى تارقاتماقتا ئەتراپقا.
ئېدىرلاردا گۈللەپ تۇرار ئۇ يېشىل،
شامال بىلەن دولقۇن ياساپ تەۋرىنەر.
شۇنچە يۇمران، شۇنچە يېشىل، شۇنچە پاك،
گويا بوۋاق! ئوماققىنە تەلپۈنەر.
قىشتىن بېرى ئۇنى باسقان تۇمانلار،
ئاپتاپ بىلەن ئېرىپ كەتكەن، يوقالغان.
ئۇنىڭ ئۇلۇغ گۈللەشلىرى ئالدىدا،
بوران - جۇدۇن شۇنچە خۇنۈك رەڭ ئالغان.
ئاجىز مايسا سوغۇق قىشتا ئۆلمەيدۇ،
چۈنكى ئۆلمەس يىلتىزى بار تۇپراقتا.
جۇدۇن - تۇمان ئېلىپ كېتىپ ئاپتاپنى،
نۇر ئالالماي قالسىمۇ ئۇ پىراقتا...
دۇنيادىكى ئاجىز، مەزلۇم خەلقلەر،



ئۆلمەيدىغان شۇ مايسىغا ئوخشايدۇ.
يىلتىزى بار، تۇپرىقى بار ئۇلارنىڭ،
ئۇلار زۇلۇم قىشلىرىدىن قورقمايدۇ.
قانچە - قانچە جاھانگىرلار ئۆتمىدى،
ئۆزلىرىنى بىلىپ گويا تەڭداشسىز.
ئۇلار ئۇششاق خەلقلەرنى يەپ كېتىپ،
قالدۇرماقچى بولدى ھايات، قۇياشسىز.
قانچە زالىم دەريا - دەريا قان تۆكۈپ،
يوقاتماقچى بولدى ئۇلار نەسلىنى.
يوقالمىدى، ئۆلمىدى بۇ خەلقلەر،
ياشاپ كەلدى تېپىپ گۈللەش پەسلىنى.
خۇددى شۇنداق بۈگۈن بىزدە سارىيە،
جۇدۇن ۋە قىش... يەھۇدىلار تۇمانى.
ئەرەپلەرنى يوق قىلىشنىڭ كويىدا،
جاھانگىرلار قوللىماقتا ئۇلارنى.
پەلەستىننىڭ سادىق ئوغۇل - قىزلىرى،
باھار ئىزلەپ كىرەر بۈگۈن سەرگەردان.
ئۆلۈم بىلەن ئېلىشماقتا چىڭ تۇرۇپ،
ئۇيۇشماقتا بولۇپ گويا بىر تۇققان.
ئىشىنىمەن، يوقالمايدۇ پەلەستىن،
جاھانگىرلار جۇدۇنىدا ئۆلمەيدۇ.
مۇساپىرلار ئاپتاپ تېپىپ مايسىدەك،
ئۆزىنىڭ ئانا تۇپرىقىدا گۈللەيدۇ...

× ×

يەتتە ياشقا كىرىپ قالدى زۇلپىقار،

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش يىلى يۆگەكدىكى بۇ بوۋاق.
ئۇ بوي تارتتى، سوۋادانىڭ كۆچىتى،
قەد كۆتىرىپ چىقارغاندەك يوپۇرماق.
يۈگرەپ يۈرەر قويلىرىنىڭ كەينىدە،
ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ ئۆزىلا.
پادا بولدى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ،
ئالجىرىيىلىك تەقدىم قىلغان قوزىلار،
شۇ قويلاردىن سېتىپ ئۇنىڭ دادىسى،
سېتىۋالدى يېڭى بىر ئاپتومات.
ئېلىپ ئۇنى باشقىلارنى يېتەكلەپ،
بۇ ئەتراپتىن يوقاپ كېتەر ئۇ پات - پات.
شۇنداق يېڭى، پاقىرايدۇ ئۇ قورال،
ئامال قانچە، بەرمەس ئۇنى قولۇڭغا.
كىچىكسەن دەپ رەت قىلىدۇ دادىسى،
ئاپتوماتنى تۇتقازمايدۇ ئۇنىڭغا.
يىراقلاردىن كېلىپ - كېتەر ناتونۇش،
تاغىلىرى كەم بولمايدۇ ئۆيىدە.
ئۇلار بىلەن سۆزلىشىدۇ دادىسى،
ھاياجان، ئوت يالقۇنلىنار سۆزىدە.
ئانىسىغا ئېلىپ بەردى ماشىنكا،
شۇ قويلاردىن سېتىپ يەنە دادىسى.
كېچىلىرى ئۇزاققىچە ئۇخلىماي،
ماشىنكىدا خەت باسىدۇ ئانىسى.
ئىسىل گەپلەر يېزىلغانمىش ئۇ خەتتە،
قانداق گەپلەر چۈشەنمەيدۇ زۇلپىقار.
ئۇ ئۇخلايدۇ، تاقىلدايدۇ ماشىنكا،



بەزەن تاغدا شۇ ئۆن بىلەن ئويغىنار.
تۆندە باسسا يوقاپ كېتەر تاڭ بىلەن،
باغلام - باغلام يېشىل خەتلىك ۋەرەقە.
ئۇ چاي ئىچىپ قويلىرىنى ھەيدەيدۇ،
كۈن ۋە تۆنلەر ئۆتىدۇ شۇ تەرىقە...

× ×

چىچەك پەسلى، مۇساپىرلار ئىچىگە،
دەمەشىقتىن كەلدى ياش بىر يېتەكچى.
يېشىل مايسا كۆكلەپ تۇرغان بىنەمدە،
تۇراپ ئالدى ئۇنى نۇرغۇن ئەمگەكچى.
ھامىدلارنى ئىزلەپ كەپتۇ ئاتايىن،
دەرتمەنلەر يوقلاپ ئۆتۈپ يۇرت ئارا.
پەلەستىنچە ئەنئەنىۋى باش كىيىم،
ئارتىپتۇ ئۇ، چاقماقلىرى ئاق - قارا.
ئاق يۈزىنى قارا ساقال قاپلىغان،
فورما كىيگەن، تامام ھەربى قىياپەت.
مۈڭگۈز ساپلىق قارا كۆزەينەك تاقىغان،
چەبدەس، جانلىق، تېتىك ئىدى ئۇ غايەت.
سالاملىشىپ يېشىل قىردا ئولتۇرۇپ،
ئۇتۇق سۆزلەپ ئېلىپ باردى تەرغىبات.
پارتىزان! دەپ تونۇشتۇردى ئۆزىنى،
ئىسمى ئىكەن ئۇنىڭ ياسىر ئاراپات.
ئۇ سۆزلىدى كۈلۈپ تۇرۇپ ئاپتاپتەك،
مۇساپىرلار قولاق سالدى زوق بىلەن.

ئۇ سۆزلىدى شىلتىپ - شىلتىپ قولىنى،
شۇنچە تەمكىن ۋە ئۇلۇغۋار روھ بىلەن.
ئۇيۇشايلى قېرىنداشلار! — دېدى ئۇ،
ئازات كۈنلەر كېلەر بىزگە كۈرەشتىن.
قۇتقازغۇچى ئوغلانلارنى كۈتمەكتە،
دەرت - ئەلەمدە قالغان ئانا پەلەستىن...
كۆرىشىمىز بولار بىزنىڭ جاپالىق،
سوزۇلۇشى مۇمكىن بەلكى ئۇزاققا.
لېكىن غەلىبە بىزنىڭ بولار ئاخىرى،
قېرىنداشلار، قاتنىشىڭلار «پاتاخ»قا!...
قىزغىن ئالقىش ياڭراپ كەتتى، ئاراپات —
سۆزدىن توختاپ ئىللىقىنا كۈلگەندە.
مۇساپىرلار ياڭراق شوئار توۋلىدى،
شات چۇقانلار كۆتىرىلدى بىنەمدە.

× ×

ياش يېتەكچى ئىزلەپ كىردى ھامىدنى،
تونۇشماقچى ئىدىم دېدى مىزبانغا.
جوزا راسلاپ قارشى ئالدى رائىلە،
ھۆرمەت بىلەن چاي ئۇزاتتى مېھمانغا.
ئىزا تارتىپ ھەم ھودۇقۇپ زۇلپىقار،
ئويناۋاتقان ئويۇندىن توختالدى.
مۆكۈپ ئېلىپ، قىزىقارلىق مېھمانغا،
كا، كەينىدىن يوشۇرۇنچە كۆز سالدى.
مېھمان بىلەن بولۇپ ھامىد سۆھبەتتە،



ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا مۇڭداشتى.
سۆزلەپ بەردى ئەلى بوۋا توغرىلىق،
جەڭدە قالغان قاسىمدىنمۇ سۆز ئاچتى.
ئۇ، ئۆتتۈندى قاتنىشىشنى «پاتاخ»قا،
گورۇپپىسى بىلەن قىلدى ئىلتىماس.
بۇلاق بولۇپ ئۇرغۇپ چىقتى سۆزلىرى،
ئەكس ئەتتى ئىستەك، يالقۇن، ئېھتىراس.
ئاچتى خۇرۇم سومكىسىنى يېتەكچى،
پەلەستىننىڭ بايرىقىنى ئالدى ئۇ.
دېدى قەتئىي: قەسەم بېرىڭ قېرىنداش،
بىزدە ھازىر پارتىزانچە يوسۇن شۇ.
زەيتۇن، سۆسۈن، قىزىل، ئاقتىن بېرىككەن،
گۈزەل بايراق گۈللۈك تامغا قادالدى.
ھامىد قەسەم بەردى بايراق ئالدىدا،
ھۇجرا ئىچى ھاياجاندىن ئوت ئالدى.
— قەسەم بەردىم: جەڭچىسى بوپ «پاتاخ»نىڭ،
پەلەستىننى قۇتقۇزىمەن جان بىلەن.
نامى قۇتلۇق ئازاتلىقنى ياقلايمەن،
ۋۇجۇدۇمدىن ئاققان قىزىل قان بىلەن.
ھاياتىمەنكى، بولۇپ سادىق پىداكار،
جەڭ قىلىمەن شىجائەتتە، غەيرەتتە.
لاچىن بولۇپ ئېتىلىمەن دۈشمەنگە،
ۋەتىنىمنى قالدۇرمايمەن كۈلپەتتە.
قەسەم بەردىم، نامى بىلەن ۋەتەننىڭ،
شۇ ۋەتەننىڭ ئىشقىدادۇر قەلبىمىز.
ئەگەر قىلسام قەسىمىمگە خىيانەت،

بۇ دۇنيادا قالاي ۋەتەن بەھرىسىز.
قەسەم بەردىم نامى بىلەن ئاتامنىڭ،
ئۇ، كۈرەشكە ئاتاپ باققان ئوغلىنى.
ئەگەر قىلسام قەسىمىمگە خىيانەت،
ئوغا بولسۇن ئۇنىڭ بەرگەن ئاش-نېنى
قەسەم بەردىم، نامى بىلەن خەنجەرنىڭ،
ئۇ روھى پاك ئەجدادلارنىڭ مىراسى.
ئەگەر قىلسام قەسىمىمگە خىيانەت،
تۇتسۇن ئاتا-بوۋىلارنىڭ قىساسى.
قەسەم بەردىم ئۆمۈرلۈگۈم نامىدىن.
ئۇ ھاياتتا يېقىن ماڭا ۋە ئەزىز.
ئەگەر قىلسام قەسىمىمگە خىيانەت،
قالاي ئۇنىڭ مۇھەببىتى-مېھرىسىز.
قەسەم بەردىم، نامى بىلەن ئوغلۇمنىڭ،
ئۇ — ئىشەنچىم، يۈرەك پارەم، كۆز نۇرۇم.
ئىز باسىدۇ چىرىغىمنى ئۆچۈرمەي،
ئۇ قەلبىمدە كۈلگەن يورۇق يۇلتۇزۇم.
ئاتام ئىدى دېيىشتىنمۇ ئۇيالسۇن،
ئەگەر قىلسام قەسىمىمگە خىيانەت.
ھېيت-ئايەمدە يوقلىمىسۇن قەۋرەمنى،
ئۆمۈر بويى تارتسۇن ئازاپ، خىجالەت...
بۇ قەسەمنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ خوشنىسى،
قوللىرىنى كۆتىرىدۇ دۇئاغا:
— ئەي ئىلاھى! پەلەستىننى خار قىلما،
نىجات بەرگىن، مەدەت بەرگىن ئۇلارغا!...



× ×

ھامىد ساتتى كۆپلەپ بۇغداي ۋە گۈرۈچ،
ساتتى تاللاپ قويلىرىدىن ئۇ يەنە.
كۆپ تىرىشىپ ۋە تىرمىشىپ پۇل يىغدى،
تەشكىلاتقا قىلماق بولۇپ ئىئانە.
بىساتىنى قاراپ كۆردى بىرمۇ-بىر،
يىققان پۇلغا قىلماي كۆڭلى قانائەت.
سىرلىقىنا كۈلۈپ قويدى رائىلە،
ئاچتى كىيىم بوخچىسىنى شۇ سائەت.
قىزىل تاۋار تۈگۈنچەكنى يېشىپ ئۇ،
زىرە ئالدى ۋە ئېرىگە تۇتقازدى.
ئېسىڭدىمۇ؟ دېدى ئاڭا ياش ئايال،
ئاشۇ بىر چاغ... قانداق ياخشى ياز ئىدى...
ئەزىز كۈنلەر خاتىرىسىگە تىكىلىپ،
قايناق جەڭچى بىر پەس تۇرۇپ قالدى لال.
ئەسلىمەكنىڭ ئۆزى قانچە يېقىملىق،
تۇرۇپ قالدى، ئەسلىدى ئۇ ئېھتىمال.
ھە، ياز ئىدى... ياش يىگىتنىڭ كۆڭلىدەك،
گۈزەل بولۇپ ئېچىلغاندى چېچەكلەر.
تۈندە يۇلتۇز كۆز قىساتتى باشقىچە،
تاڭدا شەپەق يايغان قىزىل ئېتەكلەر.
ئارزۇ بىلەن ئىشلەيتتى ئۇ ئېتىزدا،
ۋە ناخشىلار كۈيلەر ئىدى قانغىچە.
كېچىلىرى بېلىق تۇتۇپ دېڭىزدىن،

دولقۇن ئارا قالار ئىدى تاڭغىچە.
ئۇچقۇر قېيىق، بەگىۋاش دولقۇن، كۈمۈش ئاي،
ئاڭا سىرداش بولار ئىدى ھەر كېچە.
ۋە بەزىدە بارار ئىدى ئوتۇنغا،
ئورمانلاردا قالار ئىدى كەچكىچە.
ئوتۇن سېتىپ، بېلىق سېتىپ بازاردا،
پۇل توپلىدى، سەپەر قىلدى شەھەرگە.
زىرە لازىم ئىدى... دېدى تارتىنىپ،
ئالتۇن بۇيۇم ئىشلىگۈچى زەرگەرگە.
كۆپنى كۆرگەن قېرى زەرگەر بىر قاراپ،
بىلىپ ئالدى ياش يىگىتنىڭ سىرىنى.
تەجرىبىسىز خېرىداردىن شات بولۇپ،
كۆرسەتتى ئۇ ۋە ماختىدى مېلىنى.
ئالغىن يىگىت، تەگدىشى يوق تازا مال،
بۇ — جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئالتۇنى.
قەدىم باغدات ھۈنەرنى ئىشلىتىپ،
ھەۋەس بىلەن ياساپ چىقتىم مەن ئۇنى.
مۇنداق ئىسىل، مۇنداق نەپىس بۇيۇمنى،
كۆرمىگەندۇر تېخى ئەرەپ دۇنياسى.
ئەتراپىدا ھىلال ئايدەك تۈس ئېلىپ،
نەقىشلەنگەن پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى.
ھاسىل قىلغان دانچىلىرى بىرىكىپ،
قۇددۇستىكى بۈيۈك ئەقسا مەچىتىنى.
ئالتۇن ئەمەس گويا قۇياش پارچىسى...
باشقا ئۇستا ياسالمايدۇ ھېچ ئۇنى.
قارا بۇنى! گويا يالقۇن، گويا ئوت،



پارلاق، گۈزەل شولا چېچىپ چاقنايدۇ.
سېتىۋالغىن، مەھبۇبەڭگە سوغا قىل،
كۆرسە بۇنى ئەقىدەڭنى ئاقلايدۇ...
قىزىرىپ ئۇ، بولۇپ چەكسىز خىجالەت،
سېتىپ ئالدى ئەرخى - ناۋا تالاشماي.
رائىلەگە سوغا قىلدى ئەكىلىپ،
توي قىلايلى! دېدى گېپى قولاشماي...
ئويلار ھامىد... زىرە بىلەن باغلانغان،
كۆپ ئىشلارنى ئويلىدى ئۇ ئېھتىمال.
ۋە يىگىتلىك خاتىرىسىگە تېكىلىپ،
رائىلەنىڭ قارشىسىدا تۇردى لال.
دېدى ئايال: بۇ مېنىڭكى ئىشانەم!
ئاۋازىدا ئەكس ئەتتى تەنتەنە.
ساقلىغانمەن، بەرمەكچىدىم قىز كۆرسەم،
ياشاپ كېلەر بىزدە شۇنداق ئەنئەنە.
ئانىلاردىن قالسا مۇنداق بۇيۇملار،
قىزلار ئۇنى تەۋەررۈك دەپ ساقلايدۇ.
بولسا ياشلىق يادىكارى، يىل ئۆتۈپ،
قايتىپ كەلمەس كۈنلىرىنى يادلايدۇ.
باسقىنىدادۇر ئاشۇ يازدا سەن ماڭا،
ئىشق ئىزھار قىلغان دېڭىز مەلىسى.
دەسسەلمەكتە يات تاپانلار ئاستىدا،
ئۇندا بىزگە ئەزىز بولغان ھەممىسى.
سەرسان بولدى ۋەتەن بىلەن ئائىلە.
گۈزەل چاغلار كەتتى بىزدىن يوق بولۇپ.
ۋەتەن ئۈچۈن بولسۇن ئەمدى بۇ زىرە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياۋمىزغا تەگسۇن پولات ئوق بولۇپ.
مەھرۇم قالغان يۇرتىمىزنىڭ قىساسى،
بولۇپ ياۋغا ۋەھىمە سالسۇن بۇ زىرە.
ئىككىلەنمەي ئالغىن ئۇنى قەدىردان،
تەشكىلاتقا تاپشۇر! — دېدى رائىلە.
قوبۇل قىلىپ ئالدى ھامىد زىرەنى،
تەسىرلەندى رائىلەنىڭ سۆزىدىن.
ئاشۇ يازدا ئىشق كۆلى سۆيگەندەك،
سۆيۈپ قويدى ئايالىنىڭ كۆزىدىن.

× ×

سادا بېرىپ تاغ - تاشلارنى تىترىتەر،
تولۇپ ئاققان قەدىم دەريا شاۋقۇنى.
ئەكس ئېتىپ ئۆركەشلىگەن سۇلاردا،
يالتىرايدۇ كەچكى شەپەق يالقۇنى.
دەريا ئاقار دولقۇنلىنىپ كۆۋەجەپ،
ئۇلۇق سۇلار ئەركىن غۇلاچ تاشلايدۇ.
تاش قىرغاققا ئۇرۇلغاندا دولقۇنلار،
ئۈنچىلىرى ئاپپاق بولۇپ چاچرايدۇ.
ئاقار شۇنداق ئاخىرى يوق بۇ سۇلار،
ئېقىنلىرى ئەبەدىدۇر دۇنيادەك.
دەريا كەبى ئۆتەر ئۇچقۇر يىللارمۇ،
ھەممە نەرسە ئېقىپ ئۆتەر دەريادەك.
دەريا ئاقار، يىللار ئۆتەر، ئۇلاردا —
ۋاقىت ھاسىل قىلماس ئانچە ئۆزگىرىش.
نۆۋەت بىلەن كېلەر ئوخشاش پەسىللەر،



ۋە دەريادا دولقۇنلىنىپ يول يۈرۈش...
لېكىن ۋاقىت ئۆزگەرتىدۇ ئىنساننى،
ئىزلار قالار ئۇندا ئۆتكەن ھەر دەمدىن.
گۈدەك ئۆسەر، ياشقا يېتەر قېرىلىق،
ۋە قېرىلار خوشلىشىدۇ ئالەمدىن.
يەتتە ياشقا كىرىپ قالدى جەمىلە،
كېپى چۈچۈك، بۇدرۇقىنا قىز بولدى.
غۇنچە تۈزۈپ بوستاندىكى لالىدەك،
كىچىككىنە ئوماق ئالما يۈز بولدى.
ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئېگىلگەن،
كامان كەبى ئەگمە بولدى قاشلىرى.
قارا بۇلۇتتەك يەلكىسىگە يېيىلىپ،
ئۆسۈپ قالدى بۇدرە - بۇدرە چاچلىرى.
كەلمەكتە ئۇ يالغۇز ئاياق يول بىلەن،
سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ، شوخلۇنۇپ.
كىر يۇيماقتا ئۇنى باققان ئانىسى،
ئانا دەريا قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ،
يىراقتىنلا ۋاقىرايدۇ جەمىلە:
— قايتمايلىمۇ قالدى ئانا كەچ بولۇپ...
قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالار سارىيە،
چاچلىرىنى ئوڭلاپ قويار زوقلىنىپ.
باقار ئاڭا، مېھر تولا قەلبىدە،
ئۈنۈپ چىقار شاتلىق گۈلى بىخ ئۇرۇپ.
يېنىپ تۇرغان گۈلگۈن شەپەق ئاستىدا،
سۆزلىشىدۇ ئانا - بالا بىر بولۇپ.
قىزچىقىدىن سوراپ كۆرەر سارىيە:

— بۈگۈن نېمە ئوقۇدۇڭلار مەكتەپتە؟
— يېڭى خانىم دەرسكە كىردى دەيدۇ قىز،
سىياسى دەرس: "ئانا ۋەتەن كۈلپەتتە..."
ۋەتىنىمىز ئىكەن بىزنىڭ پەلەستىن،
ئىكەنمىز بىز پەلەستىننىڭ بالىلىرى.
يەھۇدىلار زۇلۇم قىلىپتۇ ئەرەپكە،
تۆكۈلۈپتۇ ئەرەپلەرنىڭ قانلىرى.
ۋەتەن ئەگەر كۈلپەت ئارا يوق بولسا،
يوق بولغاندەك بولار ئىكەن ئانىمىز.
چوڭ بولغاندا يۇرتسىز قالساق مۇبادا،
خاراپ ئىكەن تەقدىرىمىز، ھالىمىز.
دىۋانىدەك يات يۇرتلاردا تەنتىرەپ،
ھېچقەيەرگە يەتمەيدىكەن دادىمىز.
قىلىپ غېرىپ - يېتىملەرنىڭ كۆڭلىگە،
جەۋرە - جاپا تارتار ئىكەن جانىمىز.
شوخ باللار دەسسىۋەتكەن چېچەكتەك،
قۇرۇپ تۈزۈپ كېتەركەنمىز ياش تۇرۇپ.
نە ھۆرلۈكنى، نە بەختنى كۆرەلمەي،
ئۆمۈر بويى ئۆتەركەنمىز ئاھ ئۇرۇپ.
يات يەرلەردە قالار ئىكەن قەۋرىمىز،
مۇھتاجلىقتا بولساق ھالاك ۋە ئادا.
ۋەتىنىمىز يوق بولغاچقا، بىزلەرنى
مۇساپىر دەپ ئاتايدىكەن دۇنيادا.
پارتىزانلار ئىكەن ھازىر كۈرەشتە،
بىز ئىكەنمىز ئۇلارنىڭكى زاپاسى.
لاگىر ئىكەن بىز ياشىغان بۇ يەرلەر،



ئۇرداننىڭ ۋادىلىرى، دالاسى.
بىز باللار تۇگەتكەندە مەكتەپنى،
بولىدىكەنمىز كۈرەشچى ۋە پارتىزان.
يۇرتىمىزغا قايتىپ بارار ئىكەنمىز،
ھەل قىلغۇچى جەڭلەر ئارا تۆكۈپ قان.
قۇرۇتقۇچى ساراتەندە كۆكەرگەن،
چۆل گۈللىرى! دېدى بىزنى ئۇ خانىم.
شۇنداق مۇڭلۇق ئىكەن ئۇنىڭ كۆزلىرى،
قاراشلىرى يېقىملىق ۋە مۇلايىم.
كېيىن ئانا يېڭى ناخشا ئۆگەندۇق،
مانا مۇنداق...دېدى ئۇنى ئەسلىدى.
يۈرۈشتىكى پارتىزاندەك قول سېلىپ،
ئېيتىپ ئۇنى دەرھال مەشكە دەسسىدى:

قالدىڭ قارا زۇلمەت تۈنلەردە،
ئانىجانىمىز ئەزىز پەلەستىن.
جەۋرى چەكتىڭ ئېغىر كۈنلەردە،
جانىجانىمىز ئەزىز پەلەستىن.
قولىمىزدا قىساسكار قورال،
كۈرەشتىدۇر ئوغۇل - قىزلىرىڭ.
بايرىقىمىزدا جەڭگىۋار شوئار،
ئۆرلەشتىدۇر ئوغۇل - قىزلىرىڭ.
جان بېرىپ، قان تۆكۈپ شانلىق جەڭلەردە،
يوق قىلىمىز جاھانگىرلارنى.
زەپەر بولۇپ پارلايمىز سەندە،
چاقنىتىمىز ئازات نۇرلارنى.
قالدىڭ قارا زۇلمەت تۈنلەردە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانىجانىمىز ئەزىز پەلەستىن...

ئانا قارا قانداق ياخشى! دەيدۇ ئۇ،
شۇ ناخشىنى ئېيتىپ بارساق ۋەتەنگە...
ئانا چەكسىز خوشال بولار قىزىنى،
مۇساپىرلار مەكتىۋىگە بەرگەنگە.
زوق ئويغىنىپ قىزنىڭ چۆچۈك سۆزىگە،
ئانا ئۇنى ئەركىلىتەر، قۇچاقلار.
كۆزلىرىگە بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنەر،
دەريا ،دولقۇن، قىرغاق... يېقىن - يىراقلار.

× ×

ياۋروپاچە جاھازلانغان بۆلمىدە،
ياسانماقتا جىك. شازارنىڭ خانىمى.
ئادەم بويى تاش ئەينەكنىڭ ئالدىدا،
ئىلاج قىلىپ ئۆزگەرتمەكتە ھالىنى.
ئۇپا سۈرۈپ قۇرۇق باسقان يۈزىگە،
قاشلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەردى ئۇ.
چاچلىرىنى تۈگۈپ يېڭى مودىدا،
لەۋلىرىگە قىزىل بوياق بەردى ئۇ.
كۆپ تىرىشتى، قېرىلىقنىڭ ئىزلىرى،
بوياق بىلەن رەڭ ئاستىدا يوقالدى.
ئاپپاق بولۇپ ئۇپا - ئەڭلىك ئىچىدە،
پوستەك تۇتقان تۈگمەنچىدەك تۇس ئالدى.
كېيىم تاللاپ بولدى ئۇزاق ئاۋارە،
ئۇنى سىيلىپ، بۇنى كېيىپ زېرىكمەي.



ئۇچۇق رەڭلىك كىيىملەرگە ئورالدى.
قېرىلىقى قالدى ئاخىر بىلىنمەي.
ئالا - چىپار، غەلىتىلىك ئىچىدە،
تەييار بولۇپ قاراپ كۆردى ئەينەككە.
قاراپ كۆردى، كۆڭلى بەكمۇ غەش بولدى،
ئاران پاتقان ئىدى كەڭرى كۆينەككە.
بېرىيوسسىلدىن ئالدۇرۇلغان پويىزىسى،
تېخى بەتتەر قىلغان ئىدى ئەھۋالنى.
ئۇنى بوغۇپ تۇرار ئىدى، ئاغامچا —
بوقچان كەبى سامان تىققان تاغارنى.
ئامال قانچە سەرۋاتسا كۈندىن - كۈن،
رۇجدىستۋاغا ئاتاپ باققان چوشقىدەك.
يوقالمىدى بۇ لەنتى سېمىزلىك،
بوياقمۇ يوق ئاڭا بەرھەم بەرگۈدەك.
ياشلىق ۋاقتى چۈشتى ئۇنىڭ ئېسىگە،
قىز ئىدى ئۇ ئىنچىكە بەل، سېرىق چاچ.
ناخشا ئېيتىپ، گىتار چېلىپ يۈرەتتى،
كېيىنىپ ئېلىپ دائىم يېرىم يالىڭاچ.
قاۋاقخانا خوجايىنى — دادىسى
قويۇپ بەرگەن ئىدى ئۇنى ئەركىگە.
كىرىپ كەتتى بۇ يەھۇدى دىلبىرى،
يېنىك تۇرمۇش، كەيپى - ساپا كەينىگە.
ناتسىستلار ئېلى ئىدى ئۇ يەرلەر،
مىغىلدايتتى ئەسكەر بىلەن ئوفىتسېر.
ياش - ياش گېرمان ھەربىلىرى بۇ قىزنىڭ
ئەتراپىدا چۆگىلەيتتى بىرمۇ - بىر.

مۇنداق سېمىز ئەمەس ئىدى ئۇ چاغدا،
ئۇ ئۆزىنى شۇنچە نازۇك سېزەتتى.
قاھ-قاھ كۈلۈپ خۇشتارلىرى ئىچىدە،
گۈزەل دۇناي بويلىرىدا كېزەتتى.
ھەر كۈنى كەچ گىتارىنى كۆتىرىپ،
ئوفىتسېرلار كىلۇبىغا قاتنايتتى.
ئوفىتسېرلار ماختاپ قويسا بېلىنى،
خوشال بولۇپ ئىچ-ئىچىگە پاتمايتتى.
مەنسۇپ بولدى كوچا قىزى ھاياتى،
ئومۇمنىڭ بولۇپ قالدى ئۇ ئاستا.
خېرىدارى تۇرار ئىدى ئۆزگىرىپ،
ئويغىناتتى ھەر كۈن ھەرخىل ياتاقتا.
ۋۇجۇدىدىن قان، تەر پۇراپ تۇرغۇچى،
گېرمانلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.
ئۇرۇش پۈتسە تېپىپ ئېلىپ بىر كىشى،
توي قىلماقنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى.
ئۇرۇش پۈتتى، ئۇرۇش بىلەن تەڭ پۈتتى.
بۇ گۈزەلنىڭ گۈللەپ تۇرغان بازارى.
تونۇيدىغان ئوفىتسېرلار يوق بولدى،
يات ئەللەردە قالدى جەسەت مازارى.
ياراتمىدى قايتىپ كەلگەن گېرمانلار،
مۇڭلاندى قىز، ئەۋج ئالدى ئاھ-زارى.
چىقماي قويدى يېڭى-يېڭى مېھمانلار،
ئاخىر پەيدا بولدى ئۇنىڭ شازارى.
گىتلېر ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بۇ ئادەم،
قايتقان ئىدى چەتئەللەردىن باي بولۇپ.



ئېلىپ قايتقان خالتا-خالتا ئالتۇننى...
ۋە ئۇ، قىزنى سۆيۈپ قالدى ئاھ ئۇرۇپ.
توي قىلىشتى بولار بېرلىن شەھرىدە،
ئالتۇن بىلەن زاۋۇت سالدى، ئۆي سالدى.
يولى تولا، ئەپچىل ئىكەن بۇ شازار،
ئاز ئۆتمەيلا چوڭ خوجايىن بوپ قالدى.
تەقدىر كېيىن ئېلىپ كەلدى بۇ يەرگە،
ماكان بولدى گۈزەل دېڭىز مەلىسى.
بىنا بولدى بەش-ئالتە يىل ئىچىدە،
زاۋۇت، مەيدان، قورۇ، داچا... ھەممىسى.
ئۆستى بولۇپ ئۇنىڭ چېچەن شازارى،
ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ گېنېرالى.
بەخىش ئەتتى بايلىق بىلەن چوڭ ھوقۇق،
ئۇ قاتناشقان باسقۇنچىلىق پىلانى.
ئۇنىڭ كۈنى ئۆتەر بولدى راھەتتە،
يىگەنلىرى-ئىچكەنلىرى مېزىلىك.
راھەت تۇرمۇش، ئىسسىق تاماق ئاخىرى،
ئېلىپ كەلدى ئاڭا مۇنداق سېمىزلىك.
داڭقى چىققان نازۇكلىگى يوق بولدى،
سېمىزلىكتىن كېلىپ چىقتى كۆپ ئازاپ.
ھاسىرايدۇ ئازراقىنا يول يۈرسە،
پەلەمپەيدىن چىقالمايدۇ پىخىلداپ.
ئەمدى ھېچكىم بۇرۇنقىدەك خالىدا،
ئىزھار قىلماس بولدى مەخپىي مۇھەببەت.
ياشلىقىدا ئۆتكەنلەرنى ئارزۇلاپ،
خىيال بىلەن ياشار بولدى ئۇ پەقەت.

يېڭى داچا سېلىنغاندا قىرغاقتا،
ياش ئىنژېنېر پەيدا بولدى ئاردا.
شۆتسىيەدىن كەلگەن ئىدى ياللىنىپ،
ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتى خالىدا.
ئۆتكەن كۈنلەر قايتقان بولدى بىر مەزگىل،
كۆكتۇل قويدى ياسانماقتا، زىننەتكە.
بۇ غەنىمەت ئۇچرىشىش ۋە مەخپىيەت،
ئۇنىڭ ئۇچۇن توختىدى كۆپ قىممەتكە.
نۇرغۇن ئالتۇن سوغا قىلدى ئۇنىڭغا،
ياش ئىنژېنېر خېلىلا باي بوپ قالدى.
لېكىن بۇ ئىش سوزۇلمىدى ئۇزاققا،
داچا پۈتتى، ئۇمۇ دەرھال يوقالدى.
بۇ سېمىزلىك دۈشمەن بولدى ئۇنىڭغا،
ئائىلىدە ھەم يەتتى روھى ئازارمۇ.
سېمىزلىكنى سېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە،
غۇكشۇپ قويار بولۇپ قالدى شازارمۇ.
خاپا بولۇپ يىغلىدى ئۇ نەچچە رەت،
قانداق قىلسۇن بولمىسا ھېچ ئامالى.
بىر زامانلار گېرمانلارنىڭ يېرىدە،
شۇنداقمىدى ئۇنىڭ ھۆسنى ـ جامالى؟
بىر ـ بىرىگە كۆتىرەتتى تاپانچا،
ئۇنى تالاش قىلىپ ھەربى گېرمانلار.
بۇ تالاشلار قانداق لەززەت بېرەتتى،
ياش كۆكتۇلدىن چىقار ئىدى پۇغانلار.
ھە، گېرمانلار مال بىلگۇچى خەلق ئىدى،
ئۇلار بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ئېسىدە.



شۇ كۈنلەرنى خىيال قىلار ۋە بەزەن ـــ
چۈشىمۇ كۆرەر ئۇخلىغاندا كېچىدە.
مانا بۈگۈن دىرەك بولدى تەسەددىپ،
ھىلىراقتا تېلېفۇن كەلدى شازاردىن.
خىزمەتچىگە بۇيرۇپ قويغىن، دىدى ئۇ،
شامپانىسكى ئېلىپ كەلسۇن بازاردىن.
ئۆيىگە كەچتە مېھمان باشلاپ بارىمەن،
كونا گېتلىر ئوفىتسېرى ئۇ گېرمان.
يېقىندىلا ئۇچۇپ كەلدى بونىندىن،
مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەر بۇ مېھمان...
ماقۇل دىدى، بەكمۇ خوشال بولدى ئۇ،
يۈرىگى ئويناپ، بەدەنلىرى ئوت ئالدى.
دولقۇنلىنىپ خىرەلەشكەن قەلبىنى،
ياشلىقتىكى خاتىرىلەر قوزغالدى.
شۇڭا جاپا تارتىپ ئەينەك ئالدىدا،
پەردازلىنىپ، تارانماقتا بۇ خانىم.
ئۆچەي دىگەن ئۆمىتلىرى تۇتۇشۇپ،
كۆكتۇل قويۇپ ياسانماقتا بۇ خانىم.
قايتتى ئەينەك ئالدىدىن ئۇ، شات كۆكلى ـــ
ئىشنى بۇزار سېمىزلىكتىن غەش بولۇپ.
سوزۇپ ـ سوزۇپ گۇدۇك بەردى فابرىكا،
خىرەلەشتى ئەتراپ، قالدى كەچ بولۇپ.
دەرۋازىغا باقار خانىم تەقەززا،
كۇتۇشلىرى سوزۇلمىدى ئۇزاققا.
يېقىنلاشتى ماشىنىنىڭ ئاۋازى،
كۆزى چۈشتى كىرىپ كەلگەن «فىيات»قا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەتچىلەر يۈگرەپ چىقتى ئالدىغا،
چۈشتى ئۇندىن شازار بىلەن مېھمىنى.
باقتى خانىم، بولۇپ قالدى لاسسىدە،
ئويلىمىغان مۇنداقتۇ دەپ ھېچ ئۇنى.
قولتۇق تاياق بىلەن ئىدى ئۇ مېھمان،
ياغاچ پۇتلۇق، ئۆڭگى خۇنۇك، ياداڭغۇ.
بىر كۆزى بار، يەنە بىرسى يوق ئىدى،
ئورنى ئىدى ئوچۇق گۆردەك قاراڭغۇ.
قولتۇغىدىن يۆلەپ ماڭدى ساھىپخان،
مەشەققەتتە كىرىپ كەلدى توكۇلداپ.
ۋە خانىمغا قاراپ قويدى بىر كۆزى،
سالام بەردى ئۆز تىلىدا گۇدۇڭلاپ.
ئايالىغا تونۇشتۇردى جىك. شازار،
دېدى: ۋالتېر جاناپلىرى بۇ كىشى.
كامىل ئادەم ھەربىي ھۈنەر - سەنئەتكە،
بىزگە ھازىر لازىم ئۇنىڭ بۇ ئىشى.
بىر چاغلاردا كاتتا ئىدى ئۇ ياقتا،
بىز مۇيەسسەر بولالمايتتۇق كۆرۈشكە.
بىزگە كەلدى، ئەمدى تەلەي يار بولۇپ،
ئىسرائىلىيە تەييارلىنار يۈرۈشكە...
ئۇ مېھماننى تەكلىپ قىلدى بۆلمىگە،
ئايالىنى تونۇشتۇردى مېيىر، دەپ.
تىلى سۆزگە كەلمەي قالدى خانىمنىڭ،
مەجھۇل ھالدا تۇرار ئىدى ئۇ ھەدەپ.
كىشى بەزەن ئۇخلاپ يېتىپ چۈش كۆرۈپ،
ئېسىل نەرسە تېپىۋالسا چۈشىدە.



ئويغانغاندا بولۇپ چىقسا ئۇ چۈشى،
ئۇ نەرسىسى يوق بولسا ئۆي ئىچىدە،
ئوچۇق كۆڭلى خىرە بولۇپ بىر نەپەس،
يۈز بېرىدۇ ئۇنىڭدىمۇ شۇ ھالەت.
قىيناپ ئۇنى غەيرى تەبىئىي ئالدىنىش،
قاپلاپ ئالار ئۆكۈنۈش ۋە خىجالەت.
ھەيران بولدى شازار ئۇنىڭ ھالىغا،
پىچىرلىدى: سۆز بىلمەمسەن سەن پەقەت؟
مېيىر خانىم ئوڭشاپ ئالدى ئۆزىنى،
ۋە مېھمانغا دېدى: قېنى! مەرھەمەت...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

3 - باپ

## قۇراللىق دىۋانە

بوران ئۇچار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە،
قاپلاپ ئېلىپ زېمىننى ۋە ئاسماننى.
ئۇرۇپ ئۆتۈپ قۇدرەتلىك قاناتى،
زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە ھەرياننى.
تىرە - پىرەڭ بولۇپ تۈنگى بۇلۇتلار،
غۇۋا كۆكتە پانا ئىزلەر تارقىلىپ.
بۇلۇت قېچىپ ئېچىلغاندا بوشلۇقلار،
تەنھا يۇلتۇز پاقىرايدۇ يالت قىلىپ.
بوران غالىپ گۈكىرەيدۇ تاغلاردا،
تاغ - تاشلارغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ.
ئاسمان - پەلەك قۇيۇن، توزاڭ كۆتىرەر،
ۋادىلارغا، كەڭلىكلەرگە لىق تولۇپ.
بوران بىلەن ھاڭ تاشلارغا دەز كېتەر،
غۇلار تاشلار بىر - بىرىنى پاچاقلاپ.
بوران بىلەن ئاجىز نالە كۆتىرىپ،
قاخشال دەرەخ سۇنۇپ چۈشەر قاراسلاپ.
بوران بىلەن تاغ - تاغ بولۇپ دولقۇنلار،



كۆل - دېڭىزلار پۇرۇخلايدۇ، قاينايدۇ.
بوران بىلەن قېيىپ دەريا كەينىگە،
ئاساۋ سۇلار قىرغاقلارغا يامرايدۇ.
تاغ ئورمىنى ئۆركەش ياساپ دولقۇندەك،
گۈكىرەيدۇ قېلىپ بوران زەربىدە.
جىلغىلاردا مۆكۈپ ئېلىپ بۆرىلەر،
تىترەيدۇ ۋە ھوۋلايدۇ ۋەھىمىدە.
تىترەيدۇ سوغۇق ئۆتۈپ شىنىلدىن،
ئۆكتۈردىكى يەھۇدىلار ئەسكىرى.
بولۇپ بوران قورقۇنچىنى تارقاتماق،
نۆۋەت ئېلىپ سۆھبەت ئاچار ھەر بىرى.
دەيدۇ بىرى: تەس كۈن بوادى بىزلەرگە،
ئەنسىز بولۇپ قالدى بۇندا چېگرالار.
پارتىزاندەك كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە،
بۇ يەردىكى ئورمان، دەرەخ، گىيالار.
دەيدۇ بىرى: تۈيۈلىدۇ گۆر بولۇپ،
ماڭا بۇندا ئۆكتۈر، جىرا، ھەرتەرەپ.
قارشىمىزدا پارتىزانلار لاگىرى،
پەيدا بوادى قوراللانغان كۆپ ئەرەپ.
قاراۋۇللار گۈزەت قىلىپ يۈرگەندە،
يوقاپ كېتەر بولۇپ قالدى ئىز - تىزسىز.
— قانداق قىلسۇن قول كۆتەرمەي، دەر بىرى،
پارتىزانلار ئۇچراپ قالسا تۇيۇقسىز.
دەيدۇ بىرى: بولۇپ قالدى ئېھتىمال،
ھەر قەدەمدە دەسسىۋالماق مىناغا.
— ئوت ئالسا ئۇ، — دەيدۇ بىرى سۆز قېتىپ،

پارچە بولۇپ ئۇچسەن تاغ - جىراغا.
شۇ دەم ئەنسىز سادا بىلەن گۆكرەپ،
غۇلاپ چۈشتى قىيادىكى قورام تاش.
يەھۇدىلار مۆكۈپ ياتقان ئۆڭكۈرگە،
ئاڭلانغاندەك بولدى گويا پارتلاش.
قىزىق بولدى! قورققانغا قوش كۆرۈنۈپ،
پارتىزان! دەپ كەتتى بىرى ۋاقىراپ.
قالغانلىرى ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشۇپ،
ئۆڭكۈر ئارا قول كۆتەردى ئالدىراپ.
ھېچكىم كىرىپ كەلمىدى بۇ ئۆڭكۈرگە،
داۋام قىلدى قول كۆتەرگەن شۇ ھالەت.
كېيىن باقسا، قەيەردىكى پارتىزان!
يەھۇدىلار بولۇپ قالدى خىجالەت.
ئاچچىق بىلەن تاپا - تەنە قىلىشىپ،
بىر - بىرىنى سۆكۈشتى ۋە تىللاشتى.
ۋاقىت ئۆتتى، قالدى يەنە ئەپ بولۇپ،
ئاستا - ئاستا پارتىزاندىن سۆز ئاچتى:
— ئاياۋسىز مۇشت يېمەيمىزمۇ باشلىقتىن؟
دەيدۇ بىرى، ئۆتۈپ كەتسە پارتىزان؟
بىرى دەيدۇ: نەدە مۇنداق ئىش بولدى،
پارتىزان، دەپ ۋالاقلايسەن سەن ئاران.
مەملىكەتنىڭ ئىچى تىنچ ھازىرچە،
ئالامەتلەر كۆرۈنمەيدۇ ئۇلاردىن.
ئوت ئاچماقتا ئۇلار پەقەت چېگرادا،
قانداق ئۆتسۇن! قورقمامدۇ بۇ بوراندىن؟



× ×

ئېكىن شۇ دەم ئۆتۈپ كەتتى چېگرادىن،
قوراللانغان بىر گۇرۇپپا پارتىزان.
قولاي پۇرسەت پەيدا قىلدى ئۇلارغا،
يەرۇ - كۆكتە تولۇپ ئۇچقان بۇ بوران.
رىۋايەت بار قەقنۇسلار توغرۇلۇق،
ئۇلار خوشال ئۇچار ئىمىش بوراندا.
بوران ئەۋج ئالار ئىمىش بۇ قۇشلار،
چەكسىز كۆككە قاناتىنى ئۇرغاندا.
خۇددى ئەشۇ قەقنۇسلار توپىدەك،
بوران بىلەن ئۇچۇپ ئۆتتى ھامىدلار.
قەدەم قويدى پەلەستىننىڭ يېرىگە،
كۆز ئالدىدا ئايان بولدى كەڭ يۇرتلار.
كۆپ يوللارنى بېسىپ ئۆتتى، تاڭ بىلەن —
زىلال سۇلۇق بىر جىلغىدا توختاشتى.
ھامىد بېرىپ گۇرۇپپىغا يولىيورۇق،
پىلان، مەقسەت، ۋەزىپىدىن سۆز ئاچتى:
— ۋەتەندىكى ۋەزىپىمىز، — دىدى ئۇ،
مەخپىي ھەربىي نىشانلارنى يوق قىلىش!
بېرىپ ئەرەپ قىسىمىدىن نىشانە،
يەھۇدىلار قوشۇنىدىن ئۆچ ئېلىش.
شەھەرلەردە تارقىتىمىز ۋەرەقە،
ئىش - ھەركەتتە مەخپىي بولۇپ بىز غايەت.
بەزەن بىر توپ، بەزەن تارقاق بولىمىز،

تاقابىلىنىپ ئۆلۈپ ھەرخىل قىياپەتتە،
ھەس قىلسۇنكى، يەھۇدىلار دۆلىتى،
ئولتۇرماقتا پارتلىغۇچى ۋۇلقاندا.
قالغان ئۇلار خەلق ئۇرۇشى ئىچىدە،
يالقۇن دوزاخ قالغان كەبى بوراندا.
ھەس قىلسۇنكى مۇستەملىكە تۈزۈمى،
ئۇنىڭ قەتتى دۈشمەنلىرى كۈرەشتە،
بوران ئۇچار، پارتلايدۇ ۋۇلقانلار،
كۇككۇم-تالقان بولىدۇ ئۇ تەۋرەشتە،
شۇنداق زەربە بېرەلىگۈدەكى جۇھۇتلار،
بۇ زەربىنى چىدالمىسۇن ھېچ قەستىن،
بىلىپ قالسۇن پەلەستىننى بوغقانلار،
تېخى ھايات، بوغالمىغان پەلەستىن!

٭ ٭

دىۋانە كۆپ يېرۇسالىم شەھىرىدە،
كوچىلاردا ھەر قەدەمدە ئۇچرايدۇ،
شۇنچە كۆپكى، پەرق قىلالماي ئۆز-ئارا،
بىر-بىرىدىن خەير-سەدىقە سورايدۇ،
ئۇلار ھەر كۈن تەنتىرەيدۇ سەرگەردان،
بىر بۇردا نان قىلىپ ئالماق خىيالى،
كىيىمى ھەريان لاتىلارغا ئورىلىپ،
ئېچىنارلىق ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالى،
ياقىرايدۇ تۇمان چۆككەن كۆزلىرى،
كۆز ئازابى چىقىپ تۇرار رەڭگىدىن،



قىلار ئۇلار، ئۇچرىماقلا كىشىگە،
پەخەت بىلەن ساغلىق تىلەپ تەڭرىدىن،
يەلكىسىگە چۈشكەن چاچلار تارقىلىپ،
يۈز-كۆزىگە تاشلار قارا كۆلەڭگە،
نالە قىلار ئۆز ئەھۋالى ئۈستىدىن،
قەلبى ئەنسىز، ئۆزى چىدار تىترەشكە،
ئۆلۈمىدە ئەكس ئېتەر بوغۇلۇشنىڭ —
دەرت-ئەلەمى ۋە ئەقلىنىڭ ۋەھىمىسى،
ئەكس ئېتەر رەنجىش، خورلۇق، مۇسىبەت،
نارازىلىق، غەزەپ-نەپرەت... ھەممىسى،
كېزىپ يۈرەر ھەممە يەردە خارۇ-زار،
قاچچىق نەزەر تاشلاپ خۇنۇك ھاياتقا،
ئوقۇپ قەدىم شائىرلاردىن قەسىدە،
مۇڭلۇق كۈيلەر تارقىتىدۇ ئەتراپقا،
يەھۇدىلار دۆلىتىنىڭ بۇ كۈنىدە،
ئاشۇ بولدى ئەرەبلەرگە بەرگىنى،
جاھانگىرلار مالايلىرى شەھىرىدە،
دىۋانىگە ئايلاندۇردى ھەممىنى،
دىۋانە كۆپ ئەقسا مەسچىتى تۈۋىدە،
قاتار بولۇپ، ئۆتكەنلەردىن تىلەيدۇ،
مۇقەددەس جاي ماكان بولغان ئۇلارغا،
كېچىلىرى كۆپى ئۇندا تۈنەيدۇ،
پەيدا بولدى قاتارىدا ئۇلارنىڭ،
بىر دىۋانە — چاچ-ساقىلى ھەيۋەتلىك،
يەلكىسىدە تىلەمچىلىك خالتىسى،
ھەم كۆزلىرى چاقناپ تۇرار شىددەتلىك،

قاتار ئارا ئورۇن ئالدى بەخۇدۇك،
باشقىلاردىن بولۇپ پەلەك پەرۋايى.
قورقۇنۇچلۇق كۆرىنەتتى ئۇ بەكمۇ،
گويا مەجنۇن، گويا ئىدى سەۋدايى.
ئاسقان ئىدى چىڭ قۇلۇلە قىپىنى،
ئالغان ئىدى جۇلجۇل تونغا ئورۇلۇپ.
تۇتۇپ ئالغان ئىدى قوتاز يايلىنى،
غەمكىن كۈيلەپ تىلەر ئىدى قول سوزۇپ.
كىم ئويلايدۇ جۇلجۇل تونىنىڭ ئىچىدە،
يوشۇرۇلغان قورال بىلەن ئوق بار، دەپ؟
كىم ئويلايدۇ ياماق خالتا تېگىدە —
نان ئاستىدا ياتار قانچە مىنا، دەپ؟
يۈك كۆتەرگەن ھامال ئۆتتى ئالدىدىن،
دىۋانىمۇ ھامال تامان يۈزلەندى.
ھامال كۆتتى، يېقىنلاشتى دىۋانە،
كۆز قىستى-دە، قوشاق ئېيتىپ تىلەندى:
بىر مىسكىنمەن، قىلىڭ خەيرى-سەدىقە،
خۇدا ئۆزى پانا بولسۇن بۇرادەر.
خار بولمىسۇن ئورۇق-ئەۋلات، پۇشتىڭىز،
جەننەت نۇرى ئاتا بولسۇن بۇرادەر.
ۋە ئارقىدىن پىچىرلىدى ئۇ ئاستا:
مۇھىم ئىش بار، تارقالمىغىلار كۆپ يەرگە!
بۈگۈن مىچىت ئەتراپىدا تۈنەيمىز،
گۈگۈم بىلەن يىغىلىڭلار بۇ يەرگە!
تېيىن بەردى ھامال ئاڭا باش ئېگىپ،
ۋە كۆزلىرى كەتتى جۇشقۇن پاقىراپ.



تېيىنلارنى سۆيۈپ ئالدى دىۋانە،
ھەم ھامالغا رەھمەت ئېيتتى ۋاقىراپ:
— بولۇڭ ئامان، ئۇزۇن بولسۇن ئۆمرىڭىز،
تاپقىنىڭىز بەركەت قىلسۇن بۇرادەر!
بۇ دۇنيادا خوشال ئۆتسۇن كۆڭلىڭىز،
خۇدا ئۆزى شەپقەت قىلسۇن بۇرادەر...

× ×

ئاستا-ئاستا خىرەلەشتى يۇلتۇزلار،
تۈن پەردىسى كۆتىرىلدى ئۇپۇقتىن.
روشەنلەشتى ئىگىز-ئىگىز بىنالار،
بەھرى ئېلىپ كۈمۈش رەڭلىك يورۇقتىن.
بۈيۈك ئەقسا مېچىتىنىڭ زور قەددى،
بولدى شۇدەم ئاسمان ئارا نامايان.
چوڭ ۋە كىچىك گۈمبەزلىرى كۆرۈندى،
سۆزۈك كۆككە لەيلەپ چىققان شارسىمان.
روشەنلەشتى مۇنارلىرى ئاسماندا،
ئەسكە سېلىپ تاغلاردىكى قىيانى.
ئالتۇن قۇياش پەيدا بولدى ئۇپۇقتا،
ۋە يورۇتتى بۇ قەددىمي بىنانى.
مېھراپلاردا گۈللەر ياندى رەڭمۇ-رەڭ،
چاقناپ كەتتى نەقىشلەنگەن دۇئالار.
نۇر قايتۇردى كۆك ئاسماندا يالتىراپ،
كۈكۈچ گەجلىك گۈمبەزلەر ۋە مۇنارلار.
ئاق خادىدا، ئاي ۋە يۇلتۇز يېنىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قانات يېيىپ لەپىلدىدى بىر بايراق.
ئۇ يېيىلىپ تاڭ قۇياشى نۇرىدا،
رەڭ چاچاتتى زەيتۇن، سۆسۈن، قىزىل، ئاق.
پايتەختتە — پەلەستىنىنىڭ قەلبىدە،
گۈزەل بولۇپ ئېچىلغاندى بۇ رەڭلەر.
كۆردى ئۇنى شەھەر پۈتۈن ئويغىنىپ،
ھاياجانغا چۈشتى ئۇنى كۆرگەنلەر.
خۇشال بولدى كۆرۈپ ئۇنى ئەرەپلەر،
پەيدا بولدى ئۆز كۈچىنى ھىس قىلىش.
قىلار ئىدى بايراق مەغرۇر لەپىلدەپ،
پەلەستىنىنىڭ ھوقۇقىنى نامايىش.
يەھۇدىلار دۆلىتىگە يۈزمۇ-يۈز،
مەغرۇر ئىسيان ئېلان قىلدى بۇ بايراق.
زور ھودۇقۇش پەيدا بولدى شەھەردە،
مەھكىمىلەر بولۇپ كەتتى پاتپاراق.
ھۇشتەك چېلىپ يۈگرەپ قالدى ساقچىلار،
كوچىلاردا بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ.
ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ۋاقىراپ،
پاچاق قىلدى تېلېفوننى بىر ئۇرۇپ.

× ×

ھامىد ھەيۋەت قولۇلىلىق دىۋانە،
گۇرۇپپىنى ئېلىپ يۈرەر شەھەردە.
ئۇنىڭ ئەپچىل يىگىتلىرى ھەر قاچان،
پەيدا بولار زۆرۈر بولغان يەرلەردە.



دىۋانىنىڭ بارماس يېرى بولامدۇ؟
ھەممە ياقنى كېزىپ چىقتى دىۋانە.
ھەربى قوشۇن، گازارمىلار، مەھكىمە —
بار جايلاردا پەيدا بولدى ئۇ يەنە.
كېزىپ چىقتى جۇلجۇل تونغا ئورۇلۇپ،
ئىنسان ياشاپ تۇرغان بارچە ماكانىنى.
سودا ئورنى، چايخانا ۋە ئاشپۇزۇل،
كوچا، رەستە، ناۋايخانا، دۇكانىنى.
خالىتا كوچا، قورالارنى ئارىلاپ،
ئىشىك قېقىپ، قوشاق ئېيتىپ تىلەندى.
مۇناجاتنى، قوشىقىدا ئۇنىڭكى،
پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالار كۈيلەندى.
ئەتىدىن-كەچ بولدى پائال ھەركەتتە،
كوچا كېزىپ ئاياقلىرى تالمىدى.
دىۋانىلار كۆپ بولغاچقا شەھەردە،
ئۇ ئەللەرنىڭ دىققىتىدە قالمىدى.
باھار بىلەن ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلاردەك،
ئۇچتى گويا، يۈكسەك بولدى پەرۋازى.
ئۇ يولۇقۇپ ئۆتكەن ھەممە جايلاردا،
پەيدا بولدى گېزىت — «پاتاخ ئاۋازى».
ئۆچمەس، ئوتلۇق قۇرلىرىدا گېزىتنىڭ،
ياڭرار ئىدى ئۇلۇغ ئىسيان ساداسى.
سۆزلەر ئىدى ياشاپ تۇرغان پەلەستىن،
گويا بوران، چاقماق ئىدى ئاۋازى.
بايانىتلار، چاقىرىقلار گېزىتتە،
ئەرەپلەرنى چىللار ئىدى كۆرەشكە.

چىللار ئىدى دۈشمەننى يوقىتىپ،
ئازاتلىقنى ۋە ھۆرلۈكنى كۆزلەشكە.

× ×

گېزىت راسا چىققى چۈشلەر مەزگىلى،
پەيدا بولدى پىكاۋىدا شازارنىڭ.
ئىگىسىنى كۈتۈپ كىچىك ماشىنا،
بىر چېتىدە تۇرار ئىدى بازارنىڭ.
كۆردى ئۇنى چىقىپ شازار دۇكاندىن،
ئوقۇپ باقتى بەتلىرىنى ۋاراقلاپ.
ئوقۇپ باقتى، كۆزلىرىگە قان تولدى،
ئاچچىقلاندى ۋە تىترىدى جالاقلاپ.
ئولتۇرۇپ ئۇ سىگنال بەردى ئەسەبى،
ياش شوپۇرى چىقىپ كەلدى قاۋاقتىن.
شازار ئاكا كەتتى دەرھال ۋاقىراپ:
— مەس، ئۆلمىگۇر! ئىچىپ كەلدىڭ قاياقتىن؟
جاۋاپ بەردى شوپۇر ئاجىز ياۋۇرۇپ،
— تەخسىر، گۇنا مەندە ئەمەس، قاۋاقتا.
چىدالمىدىم شۇنچە يىقىن تۇرسا ئۇ،
چىللاپ تۇرسا جەلىپ قىلغۇچى پۇراقتا...
ۋاقىرايدۇ شازار ئاكا: بۇ نىمە؟...
كۆزلىرىگە تىقار ئۇنىڭ گېزىتنى.
— كۆپ - كۈندۈزى... ماشىنامدا بۇ نەرسە،
ھە ئىيتقىنا! نىمە قىلاي سەن ئىتنى؟
شوپۇر قورقۇپ ئالار قولغا گېزىتنى،



ۋە ئەرەپچە ھەرپلەرگە باقىدۇ.
قاراپ ئېلىپ گېزىتتىكى ماۋزۇغا،
مەسىلىك بىلەن شازارغا سۆز قاتىدۇ:
تەخسىر، قىلىچ... نۇرغۇنلىغان قىلىچنى،
بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۇپ قويۇپتۇ.
ئەرەپلەرنىڭ ئەگرى تىغلىق قىلىچى...
سۈرەتلىنىپ قىلىچۋازلىق بولۇپتۇ.
شازار ئاكا سالدى ئاچچىق شاپىلاق،
يىقىلدى مەس، يۈز - كۆزلىرى ئوت ئالدى.
پىكاۋىنى ھەيدەپ كەتتى خوجايىن،
شوپۇر بولسا ياتقان يەردە قېپ قالدى؛
قورقۇپ كەتكەن ۋە مەڭدىگەن ياش شوپۇر،
ئاسفالىتتىن قوپتى ئاخىر ئۆمىلەپ.
قاراپ «پاتاخ ئاۋازى» غا كۆز ئۈزمەي،
قىلىچۋازلىق، قىلىچ... دەيتتى ئۇ ھەدەپ.

× ×

ئورۇنلاشقان مەخپى قورال ئامبىرى،
شەھەر چېتى، يېزىلارنىڭ بىرىدە.
نىقاپلانغان ئىگىز تاملىق بۇ بىنا،
قەد كۆتەرگەن پارچە تاغنىڭ تۈۋىدە.
دەرۋازىسى تۆمۈر تاختا ئۇنىڭكى،
روجەكلىرى تامام تۆمۈر پەنجىرە.
گۈزەتچىلەر كىيىۋالغان پۇقراچە،
سېزىلمەيدۇ ھېچبىر ھەربى بەلگىلەر.

كۆزگە ئوڭاي تاشلانمايدۇ بۇ بىنا،
پانا تېپىپ ئوراپ تۇرغان پالىسىدىن.
ھىس قىلدۇرار تاشلاندى بىر ھويلىدەك،
پەقەت تاشيول ئۆتەر ئۇنىڭ ئالدىدىن.
بىنا ئاستى، پارچە تاغنىڭ ئىچىدە،
بىتۇن بىلەن قوپۇرۇلغان بىنا بار.
بىر-بىرىگە تۇتاش كەتكەن ئۆيلەردە،
قورال-ياراق — راكېتا ۋە مىنا بار.
كارىدورلار تاغ ئىچىدە ئايلىنىپ،
بىر-بىرىگە ئەپلىك بولۇپ تۇتاشقان.
مەخپىي يوللار تۇشمۇ-تۇشتىن يىغىلىپ،
تاشقى بىنا ھويلىسىدا ئۇچراشقان.
بۇ بىنانى قوغدايدىغان قىسىملار،
ماكان تۇتقان يىراقتىكى جىرانى.
ھەربىي مەشق ئېلىپ بېرىپ ئۇ يەردە،
يوشۇرۇنچە قوغدايدۇ بۇ بىنانى.
گۈزەتچىلەر ئايلىنىدۇ كۈندۈزى،
ئۇنىڭ قارا تاملىرىنى چۆرىدەپ.
جاۋاپ بېرەر سورىغانغا، بىر بايىنىڭ —
ئەسكى-تۈسكى ساقلايدىغان ئۆيى، دەپ.
ئەمما ھەركەت قىزىپ كېتەر كېچىسى،
ئەل جىمىقىپ، ئۇخلىغاندا ئەتراپلار.
ماشىنىلار كېلەر كەينى-كەينىدىن،
يوللار ئارا ئۈزۈلمەيدۇ چىراقلار.
ئامېرىكىنىڭ ياردەملىرى ئۈزۈلمەي،
تۈنى بىلەن قاچىلىنار بىناغا.



ھەربىي قىسىم يېتىپ كېلىپ جىرادىن،
قاراۋۇللار قويار ھەممە يوللارغا.
تاڭدا تۈگەپ بۇ يوشۇرۇن يۆتكەشلەر،
سىرلىق بىنا قالار يەنە تىنچ بولۇپ.
گۈزەتچىلەر ئايلىنىدۇ بىپەرۋا،
يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە زەڭ قويۇپ.
پەيدا بولدى ئىككى جۇلجۇل دىۋانە،
گۈزەتچىلەر كۆز ئالدىدا بىر كۈنى.
يول ئۈستىدە تۇرۇپ قالدى تىللىشىپ،
تاشلاپ قويۇپ خۇرجۇن، خالتا، يۈكىنى.
ئەلىسساقتىن قالغان بارچە تىللارنى،
ئىشلىتىشىپ بىر-بىرىنى تىللاشتى.
تىللاشلىرى چىقىپ ئاخىر ئەۋجىگە،
غەزەپلىنىپ ئوتقا ئوخشاش تۇتاشتى.
بىر-بىرىگە خىش ئېتىشتى ئايىماي،
ئەتراپىغا ئۆتكۈنچىلەر توپلاشتى.
گۈزەتچىلەر يۈگرەپ باردى قىزىقىپ،
تاماشىدىن قايىل بولۇپ سۆز ئاچتى:
دېدى بىرى، كىنودىمۇ يوق بۇ ئىش،
راسا قىزىق كۆرۈنىش-ھە، قاراڭلار!
بىچارە دەپ ئويلىماڭلار بۇلارنى،
چىققان ئىكەن مانا مۇنداق پالۋانلار.
دېدى بىرى: ئامېرىكىدا سىرىكتە،
بولغان ئەمەس تېخى مۇنداق نومۇرلار.
چېلىش قىلار ئۇندا پاكار ۋە ئېگىز،
مۇشلىشىدۇ قارىغۇ ۋە توكۇرلار.



www.uyghurkitap.com

بوكسىر ئويۇنى ئوينار ئورۇق ۋە سېمىز،
بىر ـ بىرىگە زەربە بېرىپ ئۇلاردا.
لېكىن مۇنداق بەندىلەرنىڭ سوقۇشى،
قالتىس ئويۇن! ئاز ئۇچرايدۇ دۇنيادا...
دىۋانىلار مۇشلاشماقتا شىددەتلىك،
بىر ـ بىرىنى يىقىتماقتا ئالمىشىپ.
ئاشۇ پەيتتە ھامىد ئىبنا كەينىدە،
پىچاق بىلەن چىقتى تامغا يامىشىپ.
ئەتراپلارغا قاراپ ئېلىپ ئۇ تامدا،
تېزلىك بىلەن چۈشۈپ كەتتى ھويلىغا.
كوزەتچىلەر كۆرمەي قالدى ھامىدنى،
بەنت بولۇشۇپ دىۋانىلار ئويۇنىغا.
گىژ ـ گىژلاشتى تاماشانى قىزىتىپ:
—تور ئورنىڭدىن! سەندۇ قېنى، ھە مۇش ئات!...
ھويلا ئارا جۇلجۇل تونلۇق دىۋانە،
قىلار ئىدى ئالاھىدە مەشغۇلات.
گوزەتچىلەر ۋاقىرايتتى كوچىدا،
ئەۋج ئالاتتى خوشاللىغى، قىقاسى.
ھوزۇرلىنىپ كۆرەر ئىدى مۇشلاشنى،
ئەسلىرىدىن چىققان ئىدى بىناسى.
پۇرسەت ئۆتمەي قورقونۇچلۇق دىۋانە،
ھازىر بولدى تاماشابىن توپ ئارا.
ھەيۋەت ئىدى قۇلۇلىسى ئۇنىڭكى،
قوتاز يايلى پاقىرايتتى قاپ ـ قارا.
توپنى يېرىپ كىردى ـ دە، ئۇ مەيدانغا،
مۇشلاشقۇچى رەقىپلەرنى توختاتتى.



گوزەتچى ھەم باشقىلارغا بۇرۇلۇپ،
ھەممىسىگە ئاچچىق بىلەن سۆز قاتتى؛
بەندىلەرنى قويۇپ بېرىپ مۇشلاشقا،
ئەي خالايىق، قورقماسىلەر گۇنادىن؟
ئاخىرەتتە كۆرەرسىلەر قانداق كۈن،
قەھرۇ ـ غەزەپ ياغار بولسا خۇدادىن؟
گېپ ـ گىژ قىلىپ تورمىساڭلار مۇنچىلا،
بۇ كەمگىچە پەس بولمامدۇ ئۆزلىرى!
قان بولۇپتۇ باش ـ پاناسىز غېرىپلار،
قانداق يامان يېرىلىپتۇ يۈزلىرى.
خىتاپ قىلدى رەقىپلەرگە ئۇ يەنە:
— ئاڭلىماڭلار گىژ ـ گىژنى ئۇلارنىڭ.
بىر ـ بىرىنى قان قىلىشىپ بولمايدۇ،
تەركى دۇنيا مۆمىنلىرى خۇدانىڭ!
ئاجراتتى ۋە باشلاپ كەتتى ئۇلارنى،
گوزەتچىلەر نەزىرىدىن يوقالدى.
ئۇلار كېتىپ كۆپ ئۆتمەيلا ئارىدىن،
سىرلىق ئىبنا گۈلدۈر قىلىپ ئوت ئالدى.
ئوت تۇتاشتى زەنجىرسىمان ئۆيلەرگە،
يەر ـ جاھاننى زىل ـ زىل قىلدى پارتىلاش.
ئۇششاقلىنىپ كۆككە ئۇچتى پارچە تاغ،
ئەتراپلارغا يامغۇر بولۇپ ياغدى تاش.
كۆتىرىلدى قارا ئىسلار بۇلۇتتى،
كۆك قارايدى، غايىپ بولدى ھەم قۇياش.
پارتلاشلار ئۈزۈلمىدى كەچكىچە،
پەيدا بولۇپ تۇردى يالقۇن، يالتىراش.

ۋەيران بولدى كۆچەلەرنىڭ يېزىسى،
ئۇچۇپ چۈشكەن تاش ۋە ئوقلار ئاستىدا.
قېرىپ قالغان يەھۇدىلار راھىبى،
مۆكۈپ ئالدى، پىچىرلىدى ئۇ ئاستا:
زاۋال كۈنى بولدى باقى دۇنياغا،
ئاخىر زامان كەلتى مانا باشلىنىپ.
كىتاپلاردا يېزىلغاننىڭ دەل ئۆزى!
ۋەيرانچىلىق بولدى كۆكتىن تاش يېغىپ.
ئايان بولدى قورقۇنۇچلۇق ئاپەتلەر،
دوزاق ئوتى تۇتتى يورۇق ئاسمانىنى.
جەۋرائىللار قانات قاقتى قاھ-قاھلاپ،
ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىپ جاھاننى...
ئاخىر زامان سەۋەپچىسى بولغانلار،
يىراق سايدا يۇيۇناتتى بۇ دەمدە.
قۇشلار ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى توقايدىن،
شات رەقىبلەر قاھ-قاھ ئۇرۇپ كۈلگەندە.
ئارام ئېلىپ چېكەر ئىدى تاماكا،
ھامىد مەمنۇن ساي لېۋىدە ئولتۇرۇپ.
يىراق كۆكتە پارلاپ تۇرغان يالقۇنلار،
كۆرىنەتتى ئاڭا قىزىل نۇر بولۇپ.

× ×

بىرقانچە كۈن بولۇپ قالدى دىۋانە،
تاشيول بويى، ئاچاللاردا يۈرىدۇ.
نان تىلەيدۇ يول بويىدا ئولتۇرۇپ،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى كۆرىدۇ.
ئاپتوموبىللار قاتارىغا زەڭ قويۇپ،
ئىخلاس بىلەن كۈزىتىدۇ بار ھالنى.
يېرىم تۈندە، مەخپى تىللىق تېلېگراف،
لاگىرىغا يەتكۈزىدۇ ئەھۋالنى.
ئارمىيىنىڭ يۆتكىلىشى كۆپىيىپ،
ئىشغال قىلغان بۇندا تامام يوللارنى.
چوڭ ۋە كىچىك زەمبىرەكلەر ئۆتىدۇ،
ئاپتوموبىللار سۆرەپ ئۆتەر ئۇلارنى.
ئۆتەر يولدىن برونېۋىكلار، تانكىلار،
پال-پۇل قىلىپ ئايلىنىدۇ زەنجىرى.
يېشىل زەيتۇن شاخلىرىغا كۆمۈلۈپ،
ئۆتەر ھەربى باشلىقلارنىڭ جىپلىرى.
ئۇچار كۆكتە سامولىيوتلار قاتارى،
غوڭۇلدىغان سادا بېرىپ ئەتراپقا.
قارىماققا، يەھۇدىلار دۆلىتى،
غالجىرلىشىپ، تۇرغان ئىدى ئاياققا.
بىلەر ئىدى يەنە قانلىق قىلىچنى،
ئۇرۇش، ئاپەت ۋە يانغىنلار دۆلىتى.
كۆزلەر ئىدى زېمىن بېسىپ ئېلىشنى،
زۇلۇم-كۈلپەت ۋە باسقىنلار دۆلىتى.
يېقىن ئەرەپ ئەللىرىنى نىشانلاپ،
چېگرالارغا كېتەر ئىدى ئارمىيە.
خوشنىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇشتۇمتۇت،
غەلىبە قىلماق ئىستەر ئىدى ئارمىيە.
ئۇچقۇن چېچىپ يېڭى ئۇرۇش پىلتىسى،

ئوت ئالاتتى، يېقىن ئىدى پارتلاش.
ئىسرائىلىيە بولۇپ تېزىدىن سەپەرۋەر،
كۆچلىرىنى توپلار ئىدى ئالدىراش.
قاناتلىنىپ قان ئىچكۈچى ئەژدەرھا،
گويا ئۆرلەپ چىقار ئىدى ئاسمانغا.
شۇڭغۇپ ئۇندا، يەرۇ-كۆككە ئوت پۈركەپ،
مەشئۇم بىر نۇر چاچار ئىدى ھەريانغا.
قىشنىڭ كۈنى چۈشكەن قويۇق تۇماندەك،
يېپىلاتتى ئىشغالىيەت تۈتۈنى.
ئامېرىكىدىن ئەكىلىنگەن ھەربى يۈك،
يوللار ئارا ئۆتەر ئىدى ھەر كۈنى.
نەزەر قويۇپ پايقاپ قالدى دىۋانە،
يېقىن يەردە ماي ئامبىرى بار ئىدى.
تاشيول پەسلەپ كېتەر ئىدى شۇ ياققا،
ئورنى جىلغا، ئەتراپلىرى يار ئىدى.
ئاچاللاردا توختاپ تۆمۈر كارۋانلار،
جىرا تامان پەسلەپ چۈشۈپ كېتەتتى.
نۆۋەت ئېلىپ ئاپتوموبىللار، تانكىلار،
ئۇ ئامباردىن ماي قاچىلاپ ئۆتەتتى.
بەزەن ئۇلار پەيدا قىلىپ ئۆچىرەت،
كۈتۈپ قېلىپ، تاشيوللاردا توختايتتى.
گويا چوڭقۇر جىرادىكى ئۇ پونكىت،
چۈمۈلىلەر ئۇگىسىغا ئوخشايتتى.
ساي بويىغا چۈۋۈلگىلى بارغاندا،
ياش گۆدەكلەر كۆرەر شۇنداق ئۇگىنى.
چۈمۈلىلەر كىرىپ-چىقىپ ئۇگىغا.



جىددى قاتناش ھاسىل قىلار ياز كۈنى.
قاتار ئېلىپ بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن،
ئۆمىلەيدۇ چۈمۈلىلەر قاپ-قارا.
ئۆمىلەيدۇ ئەتىدىن تا كەچكىچە،
ئەگرى-بۈگرى ئىز قالدۇرۇپ قۇم ئارا.
كېرەك ئىدى ئۇ ئامبارنى يوقاتماق،
ھامىد دىلغا پۈكتى شۇنداق نىيەتنى.
ئەتراپلاردا تەنتىرەپ ئۇ تالاي كۈن،
تاقەت قىلىپ كۈتتى قولاي پۇرسەتنى.
بىر ماشىنا شامال چىقىپ تۇرغان دەم،
ئاستا كېلىپ توختاپ قالدى يول سىرى.
يىراقتىكى قاۋاق تامان يول ئالدى،
كەپىنكىنى ئېتىپ قويۇپ شوپۇرى.
كۆردى ئۇنى دەرەختزاردا دىۋانە،
ئۆز ئۆزىگە: قېنى چاپسان بول! دىدى.
دوكۇلدىدى يۈرىگى ۋە يانچۇقتا،
ئاچقۇچلارنى سىقىمدىدى قوللىرى.
سېلىپ تونى، ئېلىپ يالغان چىچىنى،
يەھۇدىچە ھەربى كىيىم كىيدى ئۇ.
تاقاپ ئېلىپ كۆكۈش ۋە چوڭ كۆزەينەك،
چەبدەس بولۇپ ئاپتوموبىلغا كەلدى ئۇ.
بىر نەپەستە گۈرۈلدىدى ئاپتوموبىل،
تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى ئۇ ئالغا.
كەپىنكىدا ھۆججەتلەرنى توغرىلاپ،
ھامىد ئۇنى ھەيدەپ ماڭدى ئامبارغا.
خىزمەتچىلەر ئىشلەر ئىدى ئالدىراش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھادەر كۆتۈپ چىقىپ ئالدى بىر چەتكە.
بىلىندۈرمەي سالدى كىچىك ئەمىنانى،
ساغۇچ بېشىدىن تولغۇپ تۇرغان كۆلچەككە.
ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ چىقىپ خىزمەتچى،
ماي توشقۇزۇپ بەردى ئۇنىڭ باكىغا.
ساق-سالامەت چىقىپ ئالدى ئامباردىن،
ئاپتوموبىلى ئۇچتى گويا ئالدىغا.
شاتلىق چۇلغاپ ئالغان ئىدى ھامىدنى،
ئاپتوموبىلنى ھەيدەر ئىدى ئۇ كۈلۈپ.
ھەيدەپ كىردى ئۇنى كېيىن ئورمانغا،
شاخلار ئارا ئالدى دەرھال مۆكۈنۈپ.
ئۇزاق ئۇچۇپ ھېرىپ قونغان قۇش كەبى،
يوپۇرماقلار ئارا قالدى ئۇ يەككە.
كۆزلىرىنى تىكتى ھامان ئىنتىزار،
ماي ئامبىرى قالغان يىراق تەرەپكە.
ئەۋج ئالدى گۈرۈلدىشى شامالنىڭ،
پۇرسەت ئۆتمەي ئۇ بورانغا ئايلاندى.
ماي ئامبىرى تەرەپتىكى ئۇپۇقلار،
شۇ دەم قىزىل يالقۇن بىلەن قاپلاندى.
ئۇ تەرەپتە غايەت نۇرلۇق قىزىللىق،
يالقۇن چېچىپ تۇتقان ئىدى ئاسماننى.
تۇراتتى كۆك ئالتۇن رەڭدە تاۋلىنىپ،
نۇر ئاستىدا قالدۇرۇپ كەڭ جاھاننى.
قۇياش تاغدا بالقىپ چىقسا ئۇپۇقتىن،
چەكسىز كۆكتە يالتىرايدۇ شۇنداق نۇر.
جۇشقۇن ئىلھام بەخش ئېتىپ ئۇ دىلغا،



بەخش ئېتىپ ھايات ئىشقى ۋە ھوزۇر.
شەپەق ئوتى قىزىللىقىدەك ئېچىلىپ،
گۈلگۈن تۈستە يورۇتىدۇ جاھاننى.
يورۇتىدۇ شولىلىرى پاقىراپ،
تاغ-دېڭىزنى، ئېتىز-دالا، ئورماننى...

× ×

زېمىن ئۈگىدەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە،
كۆكتە ئاخشام يۇلتۇزلىرى يالتىرار.
غۇۋا ئۇپۇق تۇمانلىنىپ قاپ-قارا،
جىم-جىتلىقتا چۆككەن ئەتراپ، ۋادىلار.
بەزەن كۆكتە قانات ئۇرۇپ ئالدىراپ،
تۈن قۇشلىرى ئۇچۇپ ئۆتەر ھاۋادىن.
تۈن ئاسمىنى جانلىنىدۇ بىر نەپەس،
ئۇلار بەرگەن ئۈزۈك-ئۈزۈك سادادىن.
كېلەر بەزەن ساسلىقلاردىن، كۆللەردىن،
پاقىلارنىڭ كورۇلدىغان ئاۋۇشى.
كۆتىرىلىپ قالار بىر پەس ئەتراپتا،
ئىتنىڭ ھوشيار ئەمما ئەنسىز ھاۋشۇشى.
دېڭىزلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن شامالدا،
مۇڭلۇققىنا شىلدىرلايدۇ قومۇشلۇق.
ياز ئوتلىرى شامال بىلەن ئىغاڭلاپ،
ئۆركەش ياساپ تەۋرىنىدۇ ئۇيقۇلۇق.
قورالىنىپ گۇرۇپپىسى ھامىدنىڭ،
يوشۇرۇنغان قومۇشلۇقلار ئىچىدە.

ھەركەتتىكى يولدىن ئۆتەر قىسىمغا،
زەربە بەرمەك بولۇپ خىلۋەت كېچىدە.
جۈپ-جۈپ بولۇپ، ئېلىپ ئۇلار دائىرە،
دۈشمەن ئۆتىدەك بولغان يولنى پايلايدۇ.
زەربىدارلار قورالىغا ئوق بېسىپ،
كىرپىك قاقماي ئۆتەر يولغا قارايدۇ.
كېچىلىك جەڭ سائىتىنى كۈتىدۇ،
قەلبى قانلىق قىساس بىلەن يانغانلار.
ئاي نۇرلىرى چۈشۈپ تۇرغان سۇ كەبى،
قومۇش ئارا يالتىرايدۇ قوراللار.
ئۇلاردا بار پىلىمۇت ھەم ئاپتومات،
ئاپتوماتنىڭ مىلتىق بىلەن نەيزىسى.
يات-يېنىغا تىزىپ قويغان گىرانات،
تەييار جەڭگە لازىم بولغان ھەممىسى.
ھايال ئۆتمەي، ئۆتۈكلەرنىڭ يىراقتىن،
سۇس ۋە تەكشى گۈپۈلدىشى ئاڭلاندى.
قومۇشلۇقتا توختاپ قالدى پىچىرلاش،
ھەممە جەڭگە ھازىر بولۇپ جىم قالدى.
يېقىنلاشتى يۈرۈشتىكى بىر قىسىم،
ئېنىق بولۇپ گۈپۈلدىدى ئۆتۈكلەر.
ئاستاغىنا تۇشۇرلاندى ئۇلارغا،
ستۇۋوللار — ئەجەل چىقار تۆشۈكلەر.
چېگرالارغا قاراپ چىققان بۇ قىسىم،
كېلەر ئىدى قاتار ئېلىپ، يول يۈرۈپ.
سوغۇق قىشتا توڭۇپ قالغان ئىشەكتەك،
پۇتلىرىنى ئىگىز-ئىگىز كۆتىرىپ.



خىيالىغا كېلەرمىدى ئۇلارنىڭ،
دۆلەتنىڭ ئىچكىرىسىدە ياۋ بار، دەپ.
ئويلارمىدى تىنچ، گۈزەل كېچىدە،
ئالدىمىزدىن دۈشمەن چىقىپ قالار، دەپ.
قىسىم مەخپى دائىرىگە كىرگەندە،
ياۋا ئۆدەك غاقىلدىشى ئاڭلاندى.
ئوت چاچرىتىپ ئىشقا چۈشتى قوراللار،
ئەتراپ پۇرۇخ ھىدى بىلەن قاپلاندى.
زۇلمەت ئارا يېنىپ ئوتلۇق سىزىقلار،
شىددەت بىلەن كېسىپ ئۆتتى ھاۋانى.
گويا سويلاپ يالقۇن تىغلىق زۇلپىقار،
جەھەننەمگە ئۇزىتاتتى ئۇلارنى.
سايراپ كەتتى پىلىمۇت ھەم ئاپتومات،
گويا قۇشلار شۇنداق ھەر خىل سايرايدۇ.
بەس-بەس بىلەن سايراشلىرى ئۇلارنىڭ
ئورمانلاردا شۇ تەخلىتتە ياڭرايدۇ.
مەڭدەپ قالدى يەھۇدىلار قوشۇنى،
بىر نەپەستە ھېيىپ بولدى بۇ قىسىم.
يېرىم يولدا، چېگرالارغا بارمايلا،
يېڭى ماكان ئېلىپ بولدى بۇ قىسىم.
خالاس بولۇپ ھەيۋەت بىلەن يۈرۈشتىن،
يۇلتۇزلارغا قاراپ قالدى ئۆتۈكلەر.
يول ئۈستىدە بىر-بىرىگە مىنگىشىپ،
دۆگا بولدى يارىدارلار، ئۆلۈكلەر.
قورقۇپ كېتىپ تىرىكلەرنىڭ بەزىسى،
مىس قالپاقلىق باشلىرىنى ئېپ قاچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باتۇرلىرى جەسەتلەرنىڭ كەينىدە،
ھەر تامانغا قالايمىقان ئوت ئاچتى.
ئاشۇ پەيتتە قارشىسىدىن ئۇلارنىڭ،
چىقىپ كەلدى ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنى.
بۇ باتۇرلار ئوق چىقاردى ئۇلارغا،
جىددى جەڭدە يوقىتىپ ئەس - ھۇشىنى.
ئىككى تەرەپ قالدى دەرھال تۇتۇشۇپ،
خىيال قىلدى بىر - بىرىنى دۈشمەن، دەپ.
جەھلى چىقىپ ئاياشمىدى ئوقلارنى،
ئوت ئېچىشتۇق مەخپى دۈشمەن بىلەن، دەپ.
كەلگەن قىسىم جەڭگە كىردى پۈتۈنلەي،
ئاكوپ كولاپ، چىقىپ ئېلىپ بىرياققا.
ياۋا ئۆدەك غاقىلدىدى جەك ئارا،
ۋە ھامىدلار كېتىپ قالدى يىراققا.
بىر - بىرىنى ھېچ ئايىماي قىرىپتۇ،
يەھۇدىلار قاراپ باقسا تاڭ بىلەن.
قومۇشزاردىن كېسىپ ئۆتەر كەڭرى يول،
ھۆل بولۇپتۇ خۇتۇك، قىزغۇچ قان بىلەن.
كوماندىرى كېيىن كەلگەن قىسىمنىڭ،
ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى ھەر ياققا.
يەھۇدىدىن غەيرى ئىنسان يوق ئىدى،
ئۇ ئالدىراش خەۋەر بەردى شتابقا.
خەۋەر بەردى — قايسى قىسىم قايەردە،
تۈنى بىلەن ئىسيان قىلدى بىزگە، دەپ.
يېغى ياندىن، بالا كەلدى تۇۋۇقتاندىن،
قارا يەرنى ماكان قىلدى بىزگە دەپ...



× ×

تاڭ ئالدىدىن قاراڭغۇلۇق تېخىمۇ،
قويۇقلاشتى تار ۋە يانتۇ قىيادا.
سالقىن بىلەن شىلدىرلايدۇ چاتقاللار،
ئۇلۇق ئېقىن تولۇپ ئاقار جىرادا.
ئاڭلىنىدۇ چوڭقۇرلۇقتا ئاۋازى،
ئاقار تاشنى - تاشقا ئۇرۇپ، شاقىراپ.
يۈكسەك بولۇپ كۆتىرىلگەن قىيادىن،
خادا تاشلار چىقىپ تۇرار ساڭگىلاپ.
خەنجىرىنى چىشلەپ ئېلىپ ئاغزىغا،
ھامىد تاشتىن - تاشقا چاققان ياماشتى.
يىراق غۇۋا ئېگىزلىكتە يۇلتۇزلار،
ئاڭا شولا چېچىپ كۈلۈپ قاراشتى.
ئۇ غەيرەتتە، ئۆرلەر ئىدى ئېگىزگە،
تىك تاشلاردىن، چاتقاللاردىن يول تاللاپ.
ئۈستىدىكى قىيا ئارا سوزۇلغان،
تۆمۈريولنىڭ كۆۋرۈكىنى نىشانلاپ.
ئۆرلەپ چىقىپ ئۇ بىر تاشتا ئولتۇردى،
گويا ئاتلىق ئولتۇرغاندەك ئېگەردە.
تەييار بولۇپ ئالدى قولغا خەنجەرنى،
چولپان ئەكسى يالتىرايتتى خەنجەردە.
قاراۋۇلنى تاڭ ئۇيقۇسى ئەسلىتىپ،
كۆۋرۈك ئارا يۈرەر ئىدى ئۇ يەككە.
ھامىد ئىرغىپ چىقىپ ئاڭا پۈت قويدى،

خەنجەر يېتىپ باردى قارا يۈرەككە.
ئەجەل ئۇنى چىقالمىدى گېلىدىن،
بوغۇپ تۇردى قوللار مەھكەم ۋە قاۋۇل.
بوغۇزلانغان قوي مىسالى تېپىرلاپ،
تەگرىسىگە جان تاپشۇردى قاراۋۇل.
قەد كۆتەردى ھامىن ئۆلۈك ئۈستىدە،
قارا ھاڭغا ئىرغىتتى ئۇ جەسەتنى.
مۇددىتى بار مىنا ئېلىپ قويىندىن،
ھۇشيار بولۇپ كۆزەتتى ھەر تەرەپنى.
پويىز ئۇنى يېتىپ كەلدى يىراقتىن،
ئۇ فوسفورلۇق سائەتكە بىر باقتى.
تۆشۈك كولاپ ئېلىپ شىپال تېگىدىن،
تېزلىك بىلەن مىناسىنى ئورناتتى.
خادا تاشلار، چاتقاللارغا ئېسىلىپ،
ئەپچىللىگىنە چۈشۈپ كەتتى قىيادىن.
يولداشلىرى كۈتۈپ تۇرغان تامانغا،
كەتتى قاراپ مېڭىپ چىغىر يوللاردىن.
ئۇلار كۈتۈپ تۇرار ئىدى مۆكۈنۈپ،
سايدا ئۆسكەن بۆككىدە تال ئىچىدە.
ئېقىن سۇنى ئېلىپ چوڭقۇر باغرىغا،
چاڭگىلاشقان قويۇق چاتقال ئىچىدە.
كۈتۈپ تۇرغان يارانلىرى يېنىغا،
خوشال جەڭچى يېتىپ باردى ئالدىراش.
ئۈن - تىنسىزلا خەۋەر بەردى ئۇلارغا،
كۆزلەردىكى چاقماق سۈپەت يالتىراش.
بەيگە كۈنى چاپقان كەبى گويا ئات،



پويىز چېپىپ كېلەر ئىدى دالادا.
گۈدۈك بەردى يېقىنلىشىپ كۆۋرۈككە،
بوغۇق ئۈنى ياڭراپ كەتتى ھاۋادا.
ھاڭ ئۈستىگە كەلگەن دەمدە پاراۋۇز،
بىتۈن كۆۋرۈك كەتتى شۇئان پارتلاپ.
ئىز قوغلىشىپ پاراۋۇز ۋە ۋاگونلار،
چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى ئالدىراپ.
تامام ھەربى سۇستاۋ ئىدى بۇ پويىز،
پارتلاشلار ئەۋج ئالدى جىرادا.
يانغىنلىرى مەشئەل بولۇپ تۈندىكى،
يورۇق بەردى جىلغىلاردا، تاغلاردا.
چاڭ كۆتىرىپ گۈمۈرۈلدى تىك تاشلار،
قۇرۇپ قالغان چاتقاللارغا ئوت كەتتى.
جەڭگىۋارلار تەبرىكلەشتى ئۆزئارا،
شات يۈرەكلەر ئىلھام بىلەن تېپەتتى.
تىك جىراغا غۇلاشلىرى پويىزنىڭ،
ئەسلەتتى گويا ئۆلگەن ئىلاننى.
ئۇنى شۇنداق ئۆلتۈردۇ كىشىلەر،
كۆرۈپ قالسا تاغ ئۈستىدە ياتقاننى.
سۆرۈلۈك بېشى يانچىلغاندا تاش بىلەن،
جان تالىشىپ تىپىرلايدۇ ئۇ تېخى.
چۈشەر ھاڭغا تاشتىن - تاشقا دومىلاپ،
بىت-چىت بولار چىپار تېنى، قۇيرۇغى...

× ×

پەيدا بولۇپ ئازاپ چەككەن زېمىندا،

ھەركەتلەندى مەخپى ھەربى گۇرۇپپا.
يوللاپ تۇردى ئىشغالىيەت ئەھلىگە،
قانلىق نەپرەت، سوغۇق ئەجەل ۋە سوقتا.
غايەت چىچەن، چاققان بولۇپ ھەركەتتە،
جەڭلەر ئارا ئىگە بولدى ئۇتتۇققا.
باستۇنچىلىق قۇربانلىرى قىساسى،
قۇرقۇنچلۇق پارلاپ چىقتى يورۇققا.
سىرلىق دۈشمەن زەربىسىدە تەمتىرەپ،
تەشۋىش چەكتى ئىسرائىللار دۆلىتى.
سوقۇشلاردا قالدى كۈچسىز، ئامالسىز،
كۆرەلىگەن ھەربى كۈچى، قۇدرىتى.
رەھىمسىزلىك خۇنۇكلەشتى دۇنيادا،
غالجىرلاشقان غالىبانە سۆلىتى.
ئۇرۇش ئوتى ئۆزلىرىگە تۇتىشىپ،
مۇئەللەقتە قالدى ياۋۇز جۈرئىتى.
چۈشتى دۈشمەن پارتىزانلار پېيىگە،
ئۇرۇتۇشلار چىقتى ئاخىر قۇرۇققا.
غايىپ بولۇپ، يوقىتىپ ئۆز ئىزىنى،
تۇتۇق بەرمەي يۈرەر ئىدى گۇرۇپپا.
ياۋ ئۇلارنى ئىزلىگەندە شەھەردە،
يۈرەر ئىدى ئۇلار ئورمان، تاغلاردا.
ياۋ ئۇلارنى تىنتىش قىلسا ئورماندىن،
ئۇلار پەيدا بولار ئىدى سەھرادا.
چاپسان پەيدا بولۇپ چاپسان يوقىلىپ،
دۈشمەنلەرنى قويار ئىدى نائىلاج.
ھەر قەيەرگە تاشلار ئىدى ئۇلارنى،
جەڭ تەقدىرى، كۈرەشتىكى ئېھتىياج...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 4 - باپ

## شازارنىڭ زىياپىتى

كۈنلەر بولدى ئىسيان ئوغلى — ھامىدنىڭ
دېڭىز بويى، قىرغاقلاردا يۈرگىنى.
گۈزەل دېڭىز مەلىسىگە كەلدى ئۇ،
دۈشمەنلەرنى چارلاپ يۈرۈپ بىر كۈنى.
ئۇنىڭ ئانا يۇرتى ئىدى بۇ مەلە،
ئۇ تۇغۇلغان، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن.
بۇ مەلىدە ئۆتكەن قوۋناق ياشلىقى،
خوش ھاياتى بولغان ئەركىن ۋە كۈلگەن.
گۈل - گىياسى ئاڭا تونۇش بۇ مەلە،
ئۆزگىرىپتۇ تونۇپ بولماس دەرىجىدە.
سوغاق ۋە يات بىر ماكانغا ئايلانغان،
يەھۇدىلار كۆچۈشلىرى ئەۋجىدە.
كۆچمەنلەرگە مەخسۇس مىللى كۆرۈنۈش،
تامام ئىشغال قىلغان ئىدى بۇ يەرنى.
دەۋران قۇرۇپ قانداقتۇ بىر خوجايىن،
سالغان ئىدى قەۋەت - قەۋەت ئۆيلەرنى.
بولغان ئىدى خوجايىنغا تەئەللۇق،

باغۇ - بوستان، دالا، ئېتىز، پاختىزار.
قۇرۇلۇپتۇ زاۋۇت بىلەن فابرىكا،
خوجايىنىنىڭ ئىسمى ئىمىش جىك. شازار.
ھامىد ئىزلەپ باقتى ھويلا - باغنى،
خارابىسى بولسىيا تېپىپ كۆرەي، دەپ،
تېپىپ مەرھۇم ئانىسىنىڭ قەۋرىنى،
تۇپرىقىنى كۆزلىرىگە سۈرەي، دەپ.
ئۇن يەتتە يىل مۇقەددەمكى قانلىق جەڭ،
ۋە ئاكىسى... چۈشتى ئۇنىڭ يادىغا.
كەچمىش يىللار ئارا تىنەپ خىيالى،
ئاخىر تېپىپ كەلدى قورا ئالدىغا.
خوجايىنىنىڭ تۆت قەۋەتلىك بىناسى،
قەد كۆتىرىپ تۇرار ئىدى قورادا!.
قالمىغاندى ئۇندا تونۇش ھىچ نەرسە،
پەقەت پالما كۆكلەر ئىدى ئالدىدا.
بىر زامانلار، شۇ پالمىلار تېگىدە،
باللار بىلەن ئوينار ئىدى ئۇ خوشال.
پالمىلارنىڭ ئەتراپىدا، باھاردا،
ئەتىر گۈللەر ئېچىلاتتى قىزىل، ھال.
كۆز كۆنلىرى سۆزلىشەتتى ھىكايە،
بىكار بولۇپ قالغان چاغدا ئېتىزلار.
ئۇسۇل ئويناپ كۆيلىشەتتى بىر بولۇپ،
سورۇن تۈزۈپ خوشال يىگىت ۋە قىزلار.
تۆمۈر ئىشىك پەيدا بولۇپ ئۇ يەردە،
بۈگۈن ئەمدى تۇرار ئىدى قاراۋۇل.
دىۋانىنى ئاتا يېقىن يولاتماي،



ھەيدىدى ئۇ قوپال ھەمدە ھاكاۋۇر.
نىيەت باغلاپ قويدى ھامىد بۇ ئۆينى،
قالدۇرماقچى بولۇپ مەخپى زەربىدە.
شۇنچە ئاچچىق، شۇنچە سوغۇق بىر تۇيغۇ،
شىددەت بىلەن ئىسيان قىلدى قەلبىدە.

× ×

بىر كېچىسى ئۇخلىغاندا ئەتراپلار،
كىيدى ھامىد پارتىزانچە فورمىنى.
خەنجەر ئۇرۇپ قاراۋۇلنى ئۆلتۈردى،
ئۈچ پۈرسەتتى ئىشغال قىلدى ھويلىنى.
كەڭرى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن قورادا،
قاتار بولۇپ تۇرار ئىدى پىكاپلار.
ئەتراپ جىمجىت، پەقەت بىنا زالىدا،
يورۇق بولۇپ يانار ئىدى چىراقلار.
كاردىدورلار ئىدى تامام قاراڭغۇ،
چىقتى ھامىد بەرمەك بولۇپ تالاپەت.
ماراپ كۆردى قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن،
داۋام قىلار ئىدى زالدا زىياپەت.
لىمەتلەرگە تولۇق ئىدى دەستۇرخان،
يەپ - ئىچەتتى چەتئەللىكلەر، مېھمانلار.
كەيپ بولۇپ قالغان ئىدى جامائەت،
قايناپ - تاشقان ئىدى سۆھبەت، پاراڭلار.
ھامىد مەخپى كۆزىتىشكە باشلىدى،
مۆكۈپ ئېلىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پاراڭلارغا قۇلاق سالدى ئۇ ئاستا،
بولۇپ ئۆزى سەۋرى - چىدام ئىلكىدە.

× ×

ئۆتكۈزمەكتە ئىدى شۇدەم جىك. شازار،
تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىنى ئۆزىنىڭ.
ئۇنى قىزغىن تەبرىكلەيتتى مېھمانلار،
مەدھىيىلەيتتى شان - شەرىپىنى ھەم ئۇنىڭ.
ئۇزۇن جوزا ئەتراپىنى چۆرىدەپ،
مېھمان بولۇپ ئولتۇراتتى گېنراللار.
مەغرۇر بولۇپ سۆلەت تۆكۈپ زال ئارا،
تاقاپ ئېلىپ ئوردېنلار ۋە مېداللار.
ئولتۇراتتى ئەمەلدارلار ۋە بايلار،
خانىملارغا قىلىپ چاقچاق، خۇشامەت.
ئولتۇراتتى مېيىپ ۋالتېر كۆكۈللۈك،
ئاڭا يېقىپ چۈشكەن ئىدى زىياپەت.
ئامېرىكىنىڭ ياش بىر ئايال مۇخبىرى،
قەدەم تەشرىپ قىلغان ئىدى بۇ زالغا.
ئۇ مېھمانلار ئارا ئىدى ھۆرمەتتە،
نازلىق كۈلۈپ باقار ئىدى ئۇلارغا.
ئاڭا مەدھىيە ياغدۇراتتى باشقىلار،
كۆرۈپ ئۇنى ئامېرىكىغا باراۋەر.
ئولتۇراتتى خانىم خۇشخۇي ئېچىلىپ،
ئەتىۋارلىق ۋە دىققەتكە سازاۋەر.
كېيىنگەندى ئالا - چىپار ئافىيچە،



كۆزى يېشىل ۋە يوق ئىدى قاشلىرى.
يېڭى يېنىپ چىققان كەبى مونچىدىن،
يېپىلغاندى ھۆل ۋە سېرىق چاچلىرى.
يەھۇدىلار دۆلىتىگە كەلگەن ئۇ،
خەۋەر قىلماق بولۇپ بۇندا ئەھۋالنى.
دەم ئېلىشقا چۈشۈپ يېڭى داچىغا،
بەكمۇ خوشال قىلغان ئىدى شازارنى.
مېيىر خانىم سېمىزلىكنى ئۇنۇتۇپ،
يۈرەر ئىدى بولۇپ گويا پەرۋانە.
ياشراق ئەركەك مېھمانلارنى ئايلىنىپ،
تىكىلەتتى كۆڭلى بولۇپ ۋەيرانە.
ئېچىلاتتى بوتۇلكىلار توختاۋسىز،
شامپانسكى، كونياك، ۋىسكى، براندى...
شازار مەغرۇر بىر كەيپىيات ئىچىدە،
قەدەھ تۇتقىنى سۆزلىمەككە راسلاندى.
ئورۇق جىسمى خامانلىكى ھومىدەك،
ئېگىز بولۇپ قەد كۆتەردى ئۇ يەككە.
خىتاپ قىلىپ ئاۋاز بەردى خىرقىراق،
مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ قەدەھكە.

× ×

ئەي جاناپلار ۋە خانىملار! — دېدى ئۇ،
ئېيتىنخاردىم تاشار مېنىڭ ئەل بىلەن.
كۆڭلۈم بەكمۇ مەمنۇن بۈگۈن مىللەتتىن،
ئاڭا قەدەھ كۆتىرىڭلار مەن بىلەن.

ئىچۈن پەخىر ئەتمەي مىللەت بىلەن مەن،
بولۇپ تۇرسا ئۇ قۇدرەت تىمسالى!
مۇنداق قالتىس، مۇنداق ئۆكتەم مىللەتنىڭ،
تارىخلاردا كۆرۈلگەنمۇ مىسالى؟
پەلەستىنەدە، ئوتتۇرا دېڭىز بويىدا،
ئاخىر مانا دۆلىتىمىز بار بولدى.
خەلق ئارا ئورۇن ئالدۇق سورۇندىن،
زېمىنىمىز، ھۆرمىتىمىز بار بولدى.
قوغلاۋەتتۇق ئەرەبلەرنى بۇ يەردىن،
مەيلى بىزنى نىمە دىسۇن دۇنيادا.
قۇرۇپ چىقتۇق كۈچلۈك، غالىپ ئارمىيە،
قۇرۇقلۇقتا دېڭىزدا ۋە ھاۋادا.
ب د ت دا بۆلۈپ بەرگەن زېمىندىن،
زېمىن تۇتتۇق بىر ھەسسىدىن ئۇرغۇنراق.
تۈزۈپ قويدۇق غايەت كەڭرى پىلاننى،
بىزگە تېخى تارلىق قىلار بۇ تۇپراق.
پەلەستىندە يېرىم ئەسىر مۇقەددەم،
ياشار ئىدى ئىككى تۈمەن يەھۇدى.
بۈگۈن ئەمدى ئىككى يېرىم مىليون،
تېخى بىزنىڭ كۈچۈشىمىز پۈتمىدى.
زۆرۈر بىزگە تېخى ئۇرغۇن يۈرۈشلەر،
پەقەت كىرىش قىلماقچىمىز بۈگۈننى.
يان يەھۇدى سۇلالىسى قۇرىمىز،
ئىگەللەيمىز ئەتراپتىكى زېمىننى.
ئىككى مىڭ يىل... ئۆتتى بۇندا ئەرەبلەر،
ئەمدى ئۇلار سەرسان بولسا نە بوپتۇ!



ئىسرائىللار شۆھرىتىگە يان بېرىپ،
مەھكۇم بولسا، ۋەيران بولسا نە بوپتۇ!
تارىخلارغا ۋە تەقدىرگە خىلاپمۇ،
بىرى ئۈچۈن بىرى بولسا قۇربانلىق؟
مۇمكىن بولماس ئىمىش ئەمدى نىمىشقا،
بىرى گۈللەپ، بىرى تاپسا زاۋاللىق!
زامان زورنىڭ، كورنىڭ ئىمىش تاماشا،
ئەسلى شۇنداق بولۇپ كەلدى بۇ دۇنيا.
پارلىماقتا ئالدىمىزدا ئىستىقبال،
بىزگە ئۇلۇغ پۇرسەت بەردى بۇ دۇنيا.
مېھمانلىرىم، جاناپلار ۋە خانىملار،
شۇ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئىچەيلى!
قېنى ئەمدى كۆتىرىڭلار قەدەھنى،
يەھۇدىلار دۆلىتىگە ئىچەيلى!
دىدى شازار توختاپ سۆزىدىن، تىن ئېلىپ،
ھەممە قەدەھ كۆتىرىشتى ئىگىز — پەس.
شازار يەنە ۋىنو قويۇپ قەدەھكە،
تەكلىپ قىلدى توختاپ ئېلىپ بىر نەپەس.

× ×

— بۇ قەدەھنى كۆتىرەيلى مېھمانلار،
دىدى شازار، — نامى ئۆچمەس بىر زاتقا.
ئۇ دۇر — خىرىس، يەھۇدىلار مۇخبىرى،
يۈكسەك غايە بەخش ئەتكەن ئەۋلاتقا.
مىڭ سەككىز يۈز توقسان ئالتىنچى يىلى،

كىتاپ يازغان ئاۋستىرىيە ئېلىدە.
كىتاپ يازغان ئىقبالىمىز توغرۇلۇق،
تەسللەرنى تۇتۇپ ئۇلۇغ قەلبىدە.
تەشۇش قىلىپ تەقدىردىن مىللەتنىڭ،
ئازاپلانغان، غېمىمىزنى يېگەن ئۇ.
كىتاۋىدا نۇرغۇن ئىسپات كەلتۈرۈپ،
يەھۇدىلار ئالى ئىرىق دىگەن ئۇ.
ئۇ مىللەتكە قويۇپ دادىل دالالەت،
تەكلىپ قىلغان پەلەستىنگە قايتماقنى.
مىللى دۆلەت قۇرۇپ چىقىپ ئۇ يەردە،
گۈللەمەكنى ۋە تەرەققى تاپماقنى.
قۇدرەتلىك ھەربى تۈزۈم ئورنىتىپ،
ياشىماقنى ئەسلى ئۆتكەن ماكاندا.
ئۇنىڭ ئوچۇق، غەمخورانە پىكرىنى،
تىرىلىش دەپ ئاتاپ كەلدى جاھاندا.
شانلىق پىكىر يېتەكلەيدۇ ئىنسانىنى،
ۋە غايىلار ئايلىنىدۇ ھەركەتكە.
يىللار بويى شۇ غايىنى قوغلىشىپ،
بۈگۈن مانا ئىگە بولدۇق دۆلەتكە.
كەلگۈسىمىزنىڭ ئەشۇ روھى داھىسى،
بۈگۈن ھايات بولالمىدى دۆلەتتە.
روھى ئۈچۈن كۆتىرەيلى يارانلار،
ياتقان يېرى بولسۇن ئۇنىڭ جەننەتتە!
دىدى شازار توختاپ سۆزدىن، تىن ئېلىپ،
ھەممە قەدەھ كۆتىرىشتى ئىگىز ـ پەس.
شازار يەنە ۋىنو قۇيۇپ قەدەھكە،



تەكلىپ قىلدى توختاپ ئېلىپ بىر نەپەس.

× ×

ئىجاتچىمىز بىرفۇ ئۈچۈن، دىدى ئۇ،
كۆتىرەيلى مېھمانلار بۇ قەدەھنى.
بىرىتانىيە مىنىستىرى بۇ جاناپ،
بەرگەن بىزگە ئۇنتۇلغۇسىز مەدەتنى.
دىگەن ئىدى لوس سارد ① قا خەت يېزىپ،
ئىمپىراتۇر غايەكلەرنى ياقلايدۇ.
سىلەر ئۈچۈن بىنا قىلىپ مىللى يۇرت،
قېرىنداشلىق ئىشەنچىنى ئاقلايدۇ.
تۇنجى جاھان ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرى،
پەلەستىننى ئىشغال قىلدى بۇ كىشى.
بىرىتانىيە نەيزىلىرى ئاستىدا،
سادىر بولدى يەھۇدىلار كۆچۈشى.
يول ئاچمىسا ئەگەر بىرفۇ ئەپەندى،
بۈگۈن مەۋجۇت بولالامدۇق بۇ يەردە؟
تەييار قىلىپ بەرمىسە ئۇ شارائىت،
ماكان، دۆلەت قۇرالامدۇق بۇ يەردە؟
ئۇنۇتمايدۇ ھەرگىز ئۇنىڭ نامىنى،
ئۇنىڭ يولى بىلەن دۆلەت قۇرغانلار.
بىرفۇ نامى ئىگە بىزدە شۆھرەتكە،
بىرفۇ ئۈچۈن كۆتىرەيلى مېھمانلار!

① جاھان يەھۇدىلىرى تىرىلگۈچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى زاماندىكى رەئىسى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دېدى شازار توختاپ سۆزدىن، تىن ئېلىپ،
ھەممە قەدەھ كۆتىرىشتى ئىگىز - پەس.
شازار يەنە ۋىنو قۇيۇپ قەدەھكە،
تەكلىپ قىلدى توختاپ ئېلىپ بىر نەپەس.

× ×

پاناھىمىز ئامېرىكىغا دېدى ئۇ،
كۆتىرەيلى مېھمانلار بۇ قەدەھنى!
مەدھىيىلەي، ئۇلۇقلىماي بولامدۇ،
بىرگە ئاتا - ئانا بولغان دۆلەتنى؟
ئۇ قىلمىسا پەرزەندىنى پەرۋەرىش،
يەھۇدىلار تۇراتتىمۇ ئاياقتا؟
ئىقتىساتتىن، خىراجەتتىن قىسىلىپ،
قولىمىزنى سوزار ئىدۇق قاياقتا؟
بىز بۇ يەردە ياشالامتۇق خاتىرجەم،
بىزنى قوغداپ تۇرمىسا ئۇ ھەر ياقتىن.
ئۇ بولمىسا ھەربى قورال - ياراقنى،
ۋە دوللارنى ئالار ئىدۇق قاياقتىن؟
ئامېرىكىدۇر بىزنى تىككەن، كۆكلەتكەن،
مەنبەئىمىز، يىلتىزىمىز ئۇ بىزنىڭ.
سېخى بولۇپ يولىمىزغا نۇر تۆككەن،
قۇياشىمىز، يۇلتۇزىمىز ئۇ بىزنىڭ.
ئۇ بولمىسا بىر كۈن ياشاش تەس بىزگە،
ھاياتىمىز، غەمخورىمىز ئۇ بىزنىڭ.
ئۇ بولمىسا بۇلاپ - تالاش تەس بىزگە،



قاناتىمىز، كۆز نۇرىمىز ئۇ بىزنىڭ.
ئەيلەپ خۇشال، قىلدى بىزنى مىننەتدار،
ئارقىمىزدا بولۇپ تاغدەك يۆلەنچۈك.
ئاشۇ ئاتا دۆلەت ئۈچۈن مېھمانلار،
ئاتاپ قەدەھ كۆتەرمەيمىز بىز نېچۈك!
كۆتىرەيلى ئامېرىكىنىڭ شەنىگە،
ئاتوملىرى، ئالتۇنلىرى بار بولسۇن،
مەڭگۈ روناق تاپسۇن ئۇلۇغ زوراۋان،
زەنجىرلىرى، يانغىنلىرى بار بولسۇن!
دېدى شازار توختاپ سۆزدىن تىن ئېلىپ،
ھەممە قەدەھ كۆتىرىشتى ئىگىز - پەس.
شازار يەنە ۋىنو قۇيۇپ قەدەھكە،
تەكلىپ قىلدى توختاپ ئېلىپ بىر نەپەس.

× ×

بۇ قەدەھنى كۆتىرەيلى، دېدى ئۇ،
بۈنىن ئۈچۈن، ئاشۇ مەخپى دوستقا بىز.
كۆپتىن بېرى ئىشقا پۇختا گېرمانلار،
يوشۇرۇنچە بولۇپ كەلدى دوستىمىز.
باغۋەن بولۇپ كۆچىتىمىزگە سۇ قۇيدى
يېڭى ئۈنگەن بۇ دۆلەتنى كۆكەرتىپ.
ھەربى كادىر، تەربىيىلەپ بىز ئۈچۈن،
مۇتەخەسسىس، ئوفىتسېرلار ئەۋەتىپ.
سوغا قىلىپ قورال - ياراق، تېخنىكا،
مەدەت بېرىپ، بوقىمىزنى تەل قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياردەملىشىپ تۈزۈپ بېرىپ پىلانلار،
بىزنى ئۆزى كەبى پىششىق ئەل قىلدى.
ھېچ ئايانماي تەقدىم قىلدى ئۇ بىزگە،
ۋالتېر كەبى مۇنداق ھەربىي ئالىمنى.
سابىق گىتلېر ھەربىيلىرى بۇ يەردە،
يېتىشتۈردى بەش مىڭ ھەربىي خادىمنى.
سەككىز مىڭدىن ئارتۇق گېرمان كادىرى،
ئىشلىمەكتە بولۇپ بىزدە پىدائىي.
يەھۇدىيلار قوشۇننى، ئېلىنى،
كۆپەيتمەكتە بولۇپ ئۈمىت، خىيالى.
كۆتىرەيلى بۈگۈن ئۈچۈن مېھمانلار،
دېدى شازار، ئۇ بىر ئۈچۈن مەدەتكار.
مەڭگۈ ئوخشاش بولسۇن بىزنىڭ يولىمىز،
مەڭگۈ ئوخشاش بولسۇن غايە ۋە شوئار.
ئۇنىڭ مەدھى سۆزلىرىگە جاۋابەن،
ھەممە قەدەھ كۆتىرىشتى ئىگىز - پەس.
تالاي مېھمان ئۆز ئورنىدا قىڭغايدى،
كۆتىرىۋېرىپ بولۇپ قالدى غەرق مەس.

× ×

ساھىپخانىنىڭ قەسىدىسى، سۆزلىرى،
ھاياجانغا سېلىپ قويدى ۋالتېرنى.
تىنىم ئۆتمەي كۆتىرىلگەن قەدەھلەر،
شىرىن كەيپ قىلىپ قويدى ھەم ئۇنى.
سۆزلىگۈسى كەلدى بەكمۇ ئۇنىڭكى،



ئۇچتى ئۇزاق ئۆتمۈشلەرگە خىيالى.
يىقىلدى ئۇ تۇرماق بولۇپ ئورۇنۇپ،
يۆلەپ قويدى جىك. شازارنىڭ ئايالى.
يەنە قايتا يىقىلمىسۇن، دەپ ئۇنى،
تۇتقۇزۇشتى تايىقىنى ئەكىلىپ.
ئۆرە بولدى، پار - پۇر قىلىپ بىر كۆزى،
سۆز باشلىدى ئېغىر - ئېغىر دەم ئېلىپ.
— رۇخسەت ئېتىڭ جاناپلار ۋە خانىملار،
قارشىڭلاردا مەن سۆزلەيمەن، — دېدى ئۇ.
شەرھى ئېتىپ قەلبىم سۆيگەن تۈزۈمنى،
ئۇلۇغلايمەن، ئەزىز دەيمەن، دېدى ئۇ.
پەخىر بىلەن ئېيتالايمەن بۇ يەردە،
شۇ تۈزۈمنىڭ ۋەكىلى دەپ ئۆزۈمنى.
مەرھۇم گىتلېر سەركەردىمىز بىزنىڭكى،
بىنا قىلغان ئىدى مۇنداق تۈزۈمنى.
بۇ تۈزۈمدە ئىقتىسات ۋە سانائەت،
ھەربىي ئىشقا قارىتىلىدۇ پۈتۈنلەي.
ھەربىيلىشەر تېزدىن پۈتۈن مەملىكەت،
ۋە كەلكۈنگە ئايلىنىدۇ بىلىنمەي.
كەلكۈن كەبى چىقىپ ئاقار ئىزىدىن،
باسقىن قىلىپ ئەتراپلارغا يامرايدۇ.
دەۋران قۇرۇپ باشقا ئەللەر ئۈستىدە،
سەلتەنەتى، تاجۇ - تەختى پارلايدۇ.
بۇ تۈزۈمدە خەلق پادا مال كەبى،
بولۇپ قالار ئىتائەتچان، مۇلايىم.
بېشى ئۆزرە تۇرسا قىلىچ يالتىراپ،

نېمە دېسەڭ شۇنى قىلار ئۇ دائىم.
ئوتتىن ئېلىپ سۇغا تاشلا سەن ئەلنى،
سۇدىن ئېلىپ ئوتقا تاشلا ۋە ياكى.
كەيپىڭنى سۈر، زۇۋان چىقماس ئۈنىڭدىن،
پاك ۋە كېكەچ بولۇپ قالار گوياكى.
زۇۋان بىرىپ غىدىق-پىدىق دىگەنىڭ،
بېشى بولار يەلكىسىدە ئامانەت.
خالىغاندا ئالالايسەن سەن ئۇنى،
ھەم دوزاققا قىلالايسەن دالالەت.
تەڭلىك، ھوقۇق، ئەرك-ئازاتلىق دىگەنلەر،
سېنى ئارتۇق قىلالمايدۇ ئاۋارە.
ئالقىنىڭدا لىغىرلايدۇ مەملىكەت،
بولۇپ گويا قانغا تولغان پىيالە.
تۈرمىلەرنى، زىندانلارنى كۆپلەپ سال،
يېتىشمىسە ئۆيلەرنىمۇ تۈرمە قىل!
مەخسۇس كىشەن ئىشلەيدىغان زاۋۇت قۇر،
پۇخرالارنى باشقۇرۇشنى ئوبدان بىل.
مۇش ۋە قىلىچ بولسۇن تەنها ھۆكۈمران،
دىكتاتورا بولسۇن سەندە قىلىچ، مۇش.
شۇنداق قىلكى، دىر تىترەپ ئادەملەر،
كېچە-كۈندۈز ھېس قىلىشسۇن قورقۇنۇچ،
ئەللەر ئارا ماڭدامدا بىر دار تىكلە،
دەھشەت سېلىپ پۇلاڭلىسۇن سىرتماق.
ئېسىپ تۇرغىن كىشىلەرنى ئۈزلۈكسىز،
شۇندا دۆمكىن بولار ئەلنى قورقۇتماق.
شۇنداق قىلكى ھېچ نەرسىنى ئويلىماي،



مېهنەت قىلسۇن پەقەت ئۇلار سەن ئۈچۈن.
ھىس-تۇيغۇلى ۋە پىكىرنى تەرك ئېتىپ،
مېهنەت قىلسۇن يىگى-يىگى يەر ئۈچۈن.
ھېچ گەپ ئەمەس دۇنيا بولسا قەۋرىستان،
گۆللەپ تۇرغان يۇرتلار بولسا خارابە.
شۇنداق قىلكى خەلق دىگەن بۇ پادا،
سېنى زىنهار قىلالمىسۇن ئاۋارە.
بۇ تۈزۈمنى يولغا قويماق كويىدا،
مىليون-مىليون گىرمان جەڭدە جان بەردى.
لېكىن تەلەي تەتۈر كەلدى، دۇنيادا
بۇ تۈزۈمگە فاشىزىم دەپ نام بەردى.
بۇ تۈزۈمنىڭ ھامىلىرى يوق بولدى،
ئەللەر ئارا قالدى سانسىز مازارى.
لېكىن تۈزۈم يوقالمىدى دۇنيادىن،
ھەر قەيەردە چىقتى بۈگۈن بازارى.
ھەربىلەشكەن يەھۇدىلار دۆلىتى،
ياشىماقتا بۈگۈن ئاشۇ تۈزۈمدە.
مەسلىھەتچى بولۇپ كەلدىم ئۇلارغا،
شۇڭا شاتلىق ھىس قىلىمەن ئۆزۈمدە.
قېنى، قەدەھ كۆتىرەيلى، دىدى ئۇ،
بۇ بەختلىك كۈنۈم ئۈچۈن يارانلار.
كۆتىرەيلى، دىدى قىلدى ئۇ خىتاپ،
قەلبىم سۆيگەن تۈزۈم ئۈچۈن يارانلار!
لېكىن شۇدەم ئارتۇق ھەركەت قىپ قويۇپ،
قولتۇغىدىن چىقىپ كەتتى تايىغى.
گۈرس قىلدى-دە، ئوڭدىسىغا يىقىلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر-بىرىگە چاپكاش بولۇپ ئايىغى.
ھاراق ئىچىپ قولىدىكى قەدەھتىن.
يوق كۆزىنىڭ ئۆتكۈرىگە تۆكۈلدى.
بالار چۇقان كۆتىرىشتى مەسلىكتە،
دەل-دەڭلىشىپ ياردەم ئۈچۈن يۈگۈردى.
دەلدەڭلەيتتى، جان يوق ئىدى پۇتلاردا،
بىرى قوپسا يىقىلاتتى بىرسىنى.
بەكرەك زۇلۇم بولدى مېيىپ ۋالىتىرغا،
تۇرغۇزاتتى، يىقىتاتتى ھەم ئۇنى.
ياغاچ قوچاق ئوينىغاندەك بالىلار،
ئۇلار ئۇنى ھەرخىل قىلىپ ئويناپتى،
پاخال كەبى بولۇپ قالغان توپ ئارا،
ۋالتىر پەقەت يىقىلاتتى، تۇراتتى.
گىتلىرچىنى يامان تەستە تىكلەشتى،
ئۇستىلىگە ئولتۇرغۇزدى ھەم ئۇنى.
ئۆز ئىزىغا چۈشتى يەنە زىياپەت،
كۆتىرىلدى يېيىش-ئىچىش دولقۇنى.

× ×

ئايال مۇخبىر نۆۋەت ئېلىپ سۆز ئاچتى
كۈلۈمسىرەپ، نازلىق بېقىپ شازارغا.
— بىر پاكىتنى دەلىللەيمەن مەن ھازىر،
دىققەت قىلىڭ! دېدى، مۇنۇ ئەھۋالغا:
پەلەستىندە تۇغۇلدۇڭلار يېڭىدىن،
لېكىن سىلەر مۇندا تېخى كىچىك ئەل.



ئەتراپىڭلار تامام ئەرەپ دۇنياسى،
خەلقلىرى، ئەللىرى بار مۇكەممەل.
سىلەر ئۈچۈن ئۇلار تىنىچ ئەل بولۇپ،
ئۆزلۈكىدىن قىلماس ھەرگىز ئىتائەت.
ۋە بۇ يەرنى يەھۇدىلار يېرى دەپ،
ئىناۋەتكە ئالماس دۇنيا، جامائەت.
پان يەھۇدى سۇلالىسى! بۇ مۇمكىن،
تامام ئىگە بولىسىلەر بۇ يەرگە.
ئوتتۇرا شەرق بايلىقى مول، كەڭ زېمىن،
چوقۇم مەنسۇپ بولغۇسىدۇر سىلەرگە.
ھەر نەرسىنىڭ زۆرۈر بولغان يولى بار،
بۇنىڭ ئۈچۈن لازىم پەقەت ئىككى ئىش:
بىرى زېمىن كېڭەيتمەكتۇر قوراللىق،
بىرى كۆپلەپ يەھۇدىلار كۆچۈرۈش!
يەھۇدىلار يامراپ كەتسە بۇ يەردە،
ئەرەپلەرنىڭ ئىسمى-جىسمى قالمايدۇ.
ۋە دۇنيادا گۈزەل ئوتتۇرا شەرقنى،
يەھۇدىلار ماكانى دەپ ئاتايدۇ.
مىسال ئۈچۈن ئامېرىكىنى ئالايلى،
قۇدرىتى، شان-شەۋكىتى پارلايدۇ.
ئۇنىڭ ئېتى ئامېرىكىدۇر دۇنيادا،
كىم ئۇ يەرنى ھىندىئان دەپ ئاتايدۇ؟
ئەمما بۇندىن ئۈچيۈز يىلدۇر مۇقەددەم،
ھىندىئانلار يۇرتى ئىدى ئۇ يەرلەر.
ياۋروپادىن كۆچۈپ بېرىپ ئاھالە،
قۇرغان ئۇندا مەملىكەت ۋە شەھەرلەر.

بۈگۈن ئۇندا ھىندىستان دەپ خەلق يوق،
ھېچ ئايىماي قىرغىن قىلدۇق نەسلىنى.
قالغانلىرى ئىنگلىزگە ئايلاندى،
ئىلاجىسىز، تەرك ئېتىپ ئەسلىنى.
تارىخچىلار، ئىزلەپ قالسا مۇبادا،
بەكمۇ تەستە تېپىلىدۇ مىسالى.
قوۋغىن بولۇپ ئورمانلاردا ياشايدۇ،
ياۋا ھايۋان كەبى ئۆتەر ئەھۋالى.
گەپ شۇندىكى: مۇتلەق ئۈستۈن سان بىلەن،
كۆچمەن خەلق بېسىپ كەتكەن ئۇلارنى.
ياشاش ئۈچۈن ھەرگىز ئىمكان بەرمىگەن،
تارتىۋالغان يەرلەرنى ۋە سۇلارنى.
سىلەردىمۇ تەكرارلانسۇن بۇ مىسال،
پەقەت شۇنداق قىلماق ھايات يولۇڭلار.
شىددەت بىلەن قىلىنچ تارتىپ ئەتراپقا،
ئاتلىنىڭلار! بىزگە ئوخشاش بولۇڭلار.
مۇنداق قىلماق تامام مۇمكىن سىلەردە،
جاھالەتتە قالغان، قالاق ئەرەپلەر.
كەلمىشلەرنى كۆرەر پەقەت خۇدادىن،
كۈن ئۆتكۈزەر قىلىپ سەۋرى-تاقەتلەر.

× ×

لېكىن شازار قىلدى ئاگاھ ئېھتىراز:
مۇنداق قىلماق بولماس ئىكەن ھېچ ئاسان.
قوراللاندى پەلەستىنلىك ئەرەپلەر،



ئەتراپىمىز بىزنىڭ تامام پارتىزان.
ئىئوردانىدا، سۈرىيەدە، لىۋاندا،
مۇساپىرلار تەشكىل قىلدى ئارمىيە.
پارتىزانلار ھۇجۇم قىلدى ئۇشتۇمتۇت،
ئەنسىز بولۇپ قالدى بۇندا ھەرقەيەر.
بۇزغۇنچىلىق قىلدى ئۇلار ئىچكىرلەپ،
پارتىلاتتى تۆمۈريولنى، كۆۋرۈكنى.
مەخپى قورال ئامبىرىمىز يوق بولدى،
تاشيوللاردا ياتقۇزدى كۆپ ئۆلۈكنى.
پەلەستىنىنىڭ بايرىقىنى چىقاردى،
يېقىندىلا... يېرۇسالىم شەھىرىدە.
ماشىنامدا پەيدا بولدى ۋەرەقە،
كۆپ-كۈندۈزى، چىڭقى چۈشلەر پەيتىدە.
...

× ×

— ھەي-ھەي... دېدى ۋالتىر سۆزگە ئارىلاشتى:
قورقۇنۇچلۇق... بەكمۇ يامان پارتىزان.
ئۇرۇش ئاچقان ئارمىيەدىن قورقمايتتۇق،
قورقار ئىدۇق پارتىزاندىن بىز يامان.
جاھان ئۇرۇشى يىللىرىدا ئىش بىلەن،
نۇرغۇنلىغان ئەلدە بولغان ئىدىم مەن.
ئوكرائىنا دالاسىدا بىر كۈنى،
پارتىزاندىن شۇنداق زەخىم يېدىم مەن.
مۇتەخەسسىسمەن ھەربى ئىلىم بويىچە،
لېكىن ئۇندا پارتىزانغا چارە يوق.

www.uyghurkitap.com

پارتىزانلىدا بولمايدۇ جەڭ مەيدانى.
ئىلىم بىلەن، قانۇق بىلەن كارى يوق...
ۋالتىر شۇنداق چاينىپ ئۇزاق تىلىنى،
پارتىزانلار توغرىسىدا توختالدى.
ئايال مۇخبىر ئۈزۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى،
شازار تامان بۇرۇلدى-دە، سۆز ئالدى:

× ×

— ئامالى يوق ئىش بولمايدۇ دۇنيادا،
ۋە ئەرەپلەر ئەمەس زادى ئۇيۇلتاش.
ئەپچىل بولساق، جانلىق بولسا تەدبىرلەر،
مۇمكىن بولار ئۇلارنىمۇ پارچىلاش.
ئۆز يېغىدا قورۇپ ئۆزىنىڭ گۆشىنى...
مۇمكىن بولار پارتىزاننى يوقاتماق.
پارچىلىساق بەلكى بۇندا ئەرەپلەر،
بىر-بىرىگە تەييار قىلار سىرتماق.
بۇ جەھەتتىن پىلان قۇرۇپ مۇكەممەل،
يىللار بولدى تىنچ ياتمىدى ئامېرىكا.
ئەرەپلەرنى ئالدىدى ۋە قورقۇتتى،
بۇ خىزمەتنى توختاتمىدى ئامېرىكا.
شۇنداق بولار ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى،
سىنالغان يول — بۆلۈپ تاشلاپ باشقۇرۇش.
ئىت-مۈشۈككە ئايلاندۇرۇپ ئۇلارنى،
دۈشمەن قىلىپ بىر-بىرىگە سەپ قۇيۇش.
بۇ ئەھۋالدا، قول قىلىنغان خەلقنىڭ،



بىر-بىرىدە بولار دىققەت ۋە پىكرى.
كىشەن بولار بىرى يەنە بىرىگە،
شۇنداق قىلىپ باسالمايدۇ ئىلگىرى.
مۇنداق ھالدا دەۋران قۇرۇپ ئۈستىدە،
ھۆكۈمرانلىق قىلساڭ بولدى سەن پەقەت.
تەختىڭ بولار ئىسيانلاردىن بىخەتەر،
مەھكەم بولار، زەخىم يېمەس سەلتەنەت.
ئامېرىكىدىن چىققان دانا ئەقلىگە،
ھەيران بولدى، قايىل بولدى جىك. شازار.
ئايال مۇخبىر بۇ قىممەتلىك سۆز بىلەن،
شۇدەم ئۇنى قىلدى بەكمۇ مىننەتدار.
تەسىرلىنىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقتى،
ۋە مۇخبىرغا بايان قىلدى رەھمەتلەر.
مېھمان قىلماق بولۇپ ئۇنى ياخشىراق،
ئەكەلدۈردى يېڭى-يېڭى نېمەتلەر.

× ×

ئايال مۇخبىر تۇرۇپ شۇدەم ئورنىدىن،
نازلىق كۈلۈپ تەكلىپ قىلدى: مېھمانلار!
يەپ-ئىچتىڭلار، ياپرىدىڭلار باياتىن،
سۆھبەت قۇرۇپ راسا پاراڭ سالدىڭلار.
ئەندى نۆۋەت بەرمەيلىمۇ سەنئەتكە،
ئويناپ-كۈلۈپ ئالمايلىمۇ ھوزۇرنى!
سىلەر ئۈچۈن، قېنى قانداق، دەيسىلەر
ئويناپ بەرسەم ئامېرىكىچە ئۇسۇلنى؟

چاۋاك چالدى ئەمەلدارلار ۋە بايلار،
چۇقان بىلەن تولدى كەڭرى زال ئىچى.
ئايال موخبىر چىقتى خۇشخۇي بوشلۇققا،
ۋە بۇرالدى رادىيونىڭ تولغۇچى.
ئامېرىكىنى تۇتتى شۇ ئان كۆرسەتكۈچ،
دەل مۇزىكا ۋاقتى ئىدى رادىيودا.
ياڭراپ كەتتى زال ئىچىدە جىمىزلداپ،
مۇزىكىدىن بەكمۇ يىراق بىر سادا.
ئاۋاز بېرىپ غەلىتە ۋە تەرتىپسىز،
تىترەيتتى، جىمىزلدايتتى ئاھاڭلار.
ئەنسىز تۇيغۇ ھاسىل قىلىپ كىشىدە،
ئىلان كەبى ۋىشىلدايتتى ئاھاڭلار.
ئاڭلىناتتى تۈرلۈك - تۈمەن تاۋۇشلار،
ئورماندىكى بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشى.
تۈن قۇشلىرى بەرگەن ۋەھشى چىقىراش،
ئۆلۈۋاتقان كېسەللەرنىڭ تۇۋلىشى.
ئاڭلىناتتى قار تۇمانى قاپلىغان،
دەشتلەردىكى شىۋىرغاندەك گۈكىرەش.
ئاڭلىناتتى قىش كۈنلىرى ئاچ قېلىپ،
تېنەپ چىققان ئېيىقلاردەك ھۆكىرەش.
ئاڭلىناتتى تۈرمىلەردە، زىندانىدا،
شاراقلىغان كىشەنلەرنىڭ ساداسى.
پالتا بىلەن بەرگەن ئۇنى جاللاتنىڭ،
ساراڭلارنىڭ يىغىسى ۋە قاھ - قاھسى.
بىر - بىرىگە يېقىن كەلمەس تاۋۇشلار،
رادىيودىن چىقار ئىدى بىر بولۇپ.



چىقار ئىدى تۈرلۈك رەڭلىك يۈك بىلەن،
ئېشىپ چىققان ئاغامچىدەك تولغۇنۇپ.
ئايال مۇخبىر تازىم قىلدى ھەممىگە،
ۋە باشلىدى «تولغاپ ئويناش ئۇسۇلى».
ئاھاڭغا ماس تولغۇنۇشقا باشلىدى،
يەلكىلىرى، بېلى، پۇتى ۋە قولى.
ئاستا - ئاستا تولغۇناتتى بۇ ئايال،
لىغىرلايتتى سۆڭەكلىرى يوق بولغاندەك.
تولغۇناتتى، تومۇز پەيتى چۆللەردە،
شىۋاق ئارا كېتىۋاتقان ئىلاندەك.
ئۇ تولغاندى ئىشتىياق ۋە زوق بىلەن،
ۋە قالمىدى تولغانمىغان ھېچ يېرى.
ئاڭا مەپتۇن بولغان ئىدى مېھمانلار،
ئىختىيارسىز تولغۇناتتى ھەربىرى.
تولغۇناتتى ئەمەلدارلار، گېنراللار،
تولغۇناتتى خانىملىرى ۋە بايلار.
ھۆرمەت بىلەن تەخلىت قىلدى جىڭ. شازار،
تولغۇنۇشنى بىلىپ ئالدى ئوڭايلا.
لېكىن ئۇنىڭ خانىمىغا تەس بولدى،
تەس بولاركەن سېمىزلىكتە تولغۇنۇش.
پۈتۈن تېنى بۇرۇلاتتى چوشقىدەك،
قالدى ئاڭا مەپتۇن بولۇش، قول قويۇش.
تولغانغۇسى كەلدى بەكمۇ ۋالتىرنىڭ،
ئىخلاس بىلەن قىلىپ كۆردى ئىجتىھات.
قولتۇق تاياق چوشۇپ دەرھال ئېسىگە،
توختاپ قالدى، قىلدى بولغاي ئېھتىيات.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رادىيودا چىقىپ ئاخىر ئەۋجىگە،
توختاپ قالدى ئاھاڭلارنىڭ جاڭگىلى.
ئايال مۇخبىر تولغاندى ـ دە، شىددەتلىك،
ئۈز جايىغا چۈشتى ئاخىر پۈت ـ قولى.

× ×

باشقا ئاھاڭ ئېلان قىلدى رادىيو،
ئۈمۈ ھەرخىل جىرىلدىدى بەتتەرراق.
جىرىلدىدى، شۇدەم ئايال مۇخبىرنىڭ
كۆزلىرىدە پەيدا بولدى يالتىراق.
ئېلان قىلدى: «كىيىم يېيىش ئۇسۇلى»،
يېڭى ئۇسۇل ئامېرىكىنىڭ پەخرى بۇ.
ئادەملەرنى ئازات قىلار ئەخلاقتىن،
ئەركىنلىكنىڭ كۆڭۈل خوشى، بەھرى بۇ.
ئىجراچىدىن تەلەپ قىلار بۇ ئۇسۇل،
ئۇيات، ئىزا نىمە، تەرك قىلماقنى.
شۇنداقتىمۇ يورۇقلۇق سەل بىئەپرەك،
غۇۋا قىلىپ ئۈچۈرۈڭلار چىراقنى!
شۇ ئاندىلا بىجا بولدى بۇ تەلەپ،
غۇۋا بولدى چىراقلارنىڭ نۇرلىرى.
تۇتۇش قىلدى ئايال مۇخبىر ئويناشقا،
تۈگمىلەرگە باردى ئاستا قوللىرى.
ئاھاڭغا ماس ئاستا ـ ئاستا تەۋرىنىپ،
سەپ تاشلىدى كىيگىنىنىڭ ھەممىنى.
ئايالّلارنىڭ ۋە ئەرلەرنىڭ ئالدىدا،



تۇغما ھالدا ئايان بولدى بەدىنى.
مەس چۇقانلار كۆتىرىلدى زال ئارا،
خوشال بولۇپ چاۋاك چالدى ئەركەكلەر.
مەس كۆڭۈللەر ھىسقا تولۇپ ھايۋانى،
ھىرىس بىلەن تولقۇن ئۇردى يۈرەكلەر.

× ×

كىم چىدايدۇ تۇپرىقىدا ئۆيۈڭنىڭ،
بەزمە قۇرسا بىر توپ بەزەپ ھايۋانلار.
كىم چىدايدۇ تۆھمەت قىلىپ خەلققە،
ۋە كەمستىپ سالسا شۇنداق پاراڭلار.
قاتىللارغا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇلۇپ،
مەدھىلەنسە قاراقچىلىق پىلانى.
ۋە ئانىنىڭ قەۋرى ياتقان زېمىندە،
غىلجىڭلىسا ئامېرىكىنىڭ ئىلانى.
ھامىد ئارتۇق كۆتەلمىدى غەزەپتىن،
دولقۇن قىلىپ چېككىسىگە ئۇردى قان.
تاراققىدە تېپىپ تاشلاپ ئىشىكنى،
زال ئىچىگە بېسىپ كىردى ئۇ چاققان.
نىشان ئېلىپ تۈزىلاندى ئاپتومات،
قېتىپ قالدى چوقاندىكى جامائەت.
ئامېرىكىنىڭ قىپ ـ يالىڭاچ مۇخبىرى،
كۆردى ئۇنى، قورقۇپ كەتتى ئۇ غايەت.
چىقىرىدى ئۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە،
ۋە كەينىگە ئۆچۈپ چۈشتى ئۆلۈكتەك.

شۇم ئاۋازى تۈن قوينىغا تارقالدى،
ئەتراپلارنى قاپلاپ كەتتى ئۇ تۇندەك.
مېيىپ ۋالتېر ئۇچۇپ چۈشتى ئۈستەلدىن،
ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى يۆلەشكە.
كىرىپ كەتتى ئۇ شىرەنىڭ ئاستىغا،
مۆكۈپ ئالدى ۋە باشلىدى تىترەشكە.
قېتىپ قالدى جاناپلار ۋە خانىملار،
قېتىپ قالدى مېير خانىم، شازار ھەم.
ئاستا - ئاستا قوللىرىنى كۆتەردى،
ئەمەلدارلار، ئوفىتسېرلار، بايلار ھەم.
تاغدەك بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا،
دەھشەت سېلىپ تۇرار ئىدى پارتىزان.
قولىدىكى پاقىرىغان پولاتتىن،
ئەجەل چىقماق مۇمكىن ئىدى ھەرقاچان.
ئۇنىڭ قەھرۇ - غەزەپ تولا ئاۋازى،
جىمجىتلىقنى بۇزدى ئاخىر جاراڭلاپ.
— ئەي بىر ئوچۇم چۈپرەندىلەر، — دېدى ئۇ،
پارتىزاننىڭ سۆزىنىمۇ قوي ئاڭلاپ!
باياتىنقى تەنتەنىلىك سۆزلىرىڭ،
پىلانلىرىڭ — بەڭگىلەرنىڭ خىيالى.
ئەھۋالىڭدۇر بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا،
قاراقچىلار، ئوغرىلارنىڭ ئەھۋالى.
قۇرغان تەختىڭ بۈگۈن قۇمنىڭ ئۈستىدە،
ماختىنىشقا، كېرەڭلەشكە ئەتىگەن.
ئويلاشمىغىن ئەرەپلەرنى بوزەك دەپ،
ھساپ سوقۇپ چوڭ سۆزلەشكە ئەتىگەن.



سەنلەر ئېيتقان قاراقچىلىق زامانلار،
ئۆتمۈش بولۇپ قالدى بۈگۈن تارىختا.
سەنلەر ئەمەس بەلكى مەزلۇم خەلقلەر،
گۈللىمەككە نۆۋەت ئالدى تارىختا.
ئىنسانىيەت ئارتقا قايتمايدۇ ھەرگىز،
قۇدرەت بىلەن ئىنتىلىدۇ ئۇ ئالغا.
جاھانگىرلىك، باسقۇنچىلىق تۈزۈمى،
ئىڭشىپ قالدى، يۈزلەنمەكتە زاۋالغا.
كۈرەشتىكى پەلەستىنلىك ئەرەپلەر،
ئىگە چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە، ئىقبالغا.
دەسسەپ ئۆتۈپ سەنلەر دىگەن تۈزۈمنى،
يۈكسىلىدۇ ئازاتلىققا ۋە ئالغا.
سەنلەر پەقەت ئوغرى بۇندا نەپرەتلىك،
ھەربىر كىيىم ئارتىۋالغان قاراقچى.
سەنلەر پەقەت قاتىل بۇندا نومۇسسىز،
يۇرتىمىزنى تارتىۋالغان قاراقچى.
دار كۈتىدۇ قاراقچى ۋە ئوغرىنى،
شۇنداق بولار جىنايەتنىڭ جازاسى.
سىرتماق بولۇپ گېلىڭلاردىن ئالىدۇ،
سەرسان بولغان مۇساپىرلار قىساسى.
ھېساپلامسەن ئۆزلىرىڭنى ئادەم دەپ،
بارمۇ بۇندا ئادەمگە خاس قىياپەت؟
ياتار يەردە ئەنە سېنىڭ ئوبرازىڭ،
ساڭا ۋەكىل ئەمەسمۇ بۇ سەت ھالەت؟
قىپ - يالىڭاچ بولۇپ ئېلىپ، ئوينىشىپ،
تارتىشمايسەن قىلچىلىكمۇ خىجالەت.

سورۇن تۈزۈپ باشقىلارنىڭ يېرىدە،
ئۈتكۈزۈشۈپ تېخى مۇنداق زىياپەت! ...

× ×

ئاشۇ پەيتتە ئاستا - ئاستا پەسلىدى،
يانچۇق سىلاپ جىمىك. شازارنىڭ بىر قوۋى.
ئۇ ئويلىدى ئېتىپ تاشلاپ چىراقنى،
پارتىزاندىن قۇتۇلاي دەپ بىر يولى.
ھامىنى شۇنداق سوزلەر ئىدى، ئۇلارغا —
ھۇشيار نەزەر تاشلار ئىدى ئۇ پات - پات.
سېزىپ قالدى ھەركىتىنى شازارنىڭ،
تات - تات قىلىپ ئاۋاز بەردى ئاپتومات.
بىر دېسكا ئوق ئۇچۇپ چىقتى ئاغزىدىن،
شازار يەرگە چۈشتى دەرھال پۇلاڭلاپ.
يىقىلىشتى ئەمەلدارلار ۋە بايلار،
ئاچچىق ئەجەل ئازاۋىدا ۋاي - ۋايلاپ.
كوپ مېھماننى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ،
قورقماس جەڭچى ياندى دەرھال كەينىگە.
تۈن باغرىغا كىرىپ كەتتى ئۇ چەبدەس،
ئاپتوماتنى ئېسىپ مەغرۇر يەلكىگە.

× ×

ئەنسىز، بوغۇق گۈدۈك بېرىپ پاراخوت.
پىرىستاندىن ئاستاغىنا قوزغالدى.



دېڭىز ئۈزرە يېيىپ قارا يايلىنى،
تىل ئاۋىنى نىشان قىلىپ يول ئالدى،
ھۇشسىزلىنىپ، بولۇپ ئېغىر يارىدار،
ياتار ئىدى شازار مەخسۇس بۆلمىدە.
تەپسىزلىنىپ ئىڭرايتتى ۋە جۆيلەتتى،
مۇنداق ھالغا چۈشمىگەن ئۇ ئۆمرىدە.
ياتار ئىدى ئاق داكىغا ئورۇلۇپ،
ئاپپاق بولۇپ كېپەنلەنگەن جەسەتتەك.
تاۋۇت كەبى تەۋرىنەتتى پاراخوت،
ماتەم ئەھلى ئارا لىڭشىپ ئۆتكەندەك.
مۇئەللەقتە قالغان جېنى شازارنىڭ،
جەھلى بىلەن يامىشاتتى ھاياتقا.
قىمىرلىدى شازار ئاخىر ھۇش تېپىپ،
كۆزلىرىنى تىكتى ئاستا ئەتراپقا.
ئاسما ئوكۇل تۇرار ئىدى ئۈستىدە،
بۇتۇلكىدىن تامچىلايتتى قىزىل قان.
كۆردى ئۇنى، غۇۋالاشتى كۆزلىرى،
پەيدا بولدى يەنە ئاشۇ پارتىزان.
دەھشەت بىلەن سۆزلەر ئىدى پارتىزان،
ھۇشيار نەزەر تاشلار ئىدى ئۇ پات - پات.
ۋە شازاردا پەيدا قىلىپ سوغۇق تەر،
تات - تات قىلىپ ئاۋاز بەردى ئاپتومات.
قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەلدى، پارتىزان —
غايىپ بولدى تات - تاتلىغان ئۈن ئارا.
بوغۇق توۋلاپ كەتتى شازار ھۇشىدىن،
ۋە يېنىغا يۈگرەپ كەلدى سېستىرا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

× ×

جىمىك. شازارنىڭ كۆپ قەۋەتلىك داچىسى،
قەد كۆتەرگەن دېڭىز بويى قىرغاقتا.
ئۆتكەن - كەچكەن كەم بولمايدۇ ئۇ يەردە،
كالتە بازار بولۇپ تۇرار ئۇياقتا.
يايما ئېچىپ يەھۇدىلار قاتارى،
قەن - گىزەكلەر، شوكولاتلار ساتىدۇ،
نېرىراقتا، چەتئەللىكلەر چۈمۈلۈپ،
ئاپتاپ سۈنۈپ قۇم ئۈستىدە ياتىدۇ.
بىر - بىرىگە سۇ چاچرىتىپ شوخلىنىپ،
چۆمۈلمەكتە بىر توپ ئۇششاق باللار.
ئايال مۇخبىر چىقىپ گۈزەل داچىدىن،
پەيدا بولدى شۇدەم ئۆتەر يول ئارا.
مەجنۇنانە بىر قىياپەت ئالغان ئۇ،
ھەركەتلىرى ئىدى تامام ئۆزگەرگەن.
ئېلىشاڭغۇ ئىدى چېقىر كۆزلىرى
يوغىنىغان ئېتى ھەمدە كۆكەرگەن.
چاڭگىللاشقان ۋە ھۇرپەيگەن چاچلىرى،
تۇرار ئىدى يەلكىسىدە چۇگۇلۇپ.
دەم يىغلايتتى، دەم كۈلەتتى بۇ مۇخبىر،
كېلەر ئىدى ئۇسۇل ئويناپ، تولغۇنۇپ.
قورقۇپ كېتىپ پارتىزاننى كۆرگەندە،
ئەسەپلىرى چىققان ئىدى ئىزىدىن.
قىلىپ شۇدەم مايمۇن كەبى قىلىقلار،



كېلەر ئىدى ئۇ بېخەۋەر ئۆزىدىن.
ئاردىلاشما ئاھاڭلارغا ھۇشقۇتۇپ،
كەلدى ئايال يايمىچىلار ئالدىغا.
ھەركەت قىلىپ سەھنىدىكى ئەرتىستەك،
قوللىرىنى يېيىپ باقتى ئۇ ئالغا.
ئېلان قىلدى: «كىيىم يېشىش ئۇسۇلى»،
يېڭى ئۇسۇل، ئامېرىكىنىڭ پەخرى بۇ،
ئادەملەرنى ئازات قىلار ئەخلاقتىن،
ئەركىنلىكنىڭ كۆڭۈل خوشى، بەھرى بۇ!
غىڭشىپ ئايال ئاستا - ئاستا تەۋرىنىپ،
سەپ تاشلىدى كىيگىنىنىڭ ھەممىنى.
ئەر ۋە ئايال يايمىچىلار ئالدىدا،
تۇغما ھالدا ئايان بولدى بەدىنى.
يايمىچىلار، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر،
ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى ئايالغا.
تۆۋە قىلىپ ئەرلەر دەرھال چوقۇندى،
يۈزلىرىنى يېپىپ ئالدى ئاياللار.
پىچىرلاشتى ئەرلەر بولۇپ خىجالەت،
ئايال ئىكەن ساراڭ بولۇپ قالغان دەپ.
باش كۆتەرمەي پىچىرلاشتى ئاياللار:
نېمە قىلدى ئۇ نومۇسسىز ساراڭ! دەپ.
نازلىق كۈلۈپ ئامېرىكىنىڭ ۋەكىلى،
ئۇسسۇلىنى تامام قىلدى بىپەرۋا.
ئۇنتۇپ قېلىپ سالغان يەردە كىيىمىنى،
كەتتى قاراپ دېڭىز بويى، يوللارغا.
ئۇششاق باللار كىرىپ ئالدى كەينىگە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەيران بولۇپ چۈقان سېلىپ ئۇلاشتى.
بۇ باغچىدىن قېچىپ چىققان مايمۇن، دەپ
چۈقان سالدى، خوشال بولۇپ تووۋلاشتى.
شات بولۇشۇپ كۆرگىنىگە بىلەتىسىز،
ئەگىشىشتى، ئارقىسىدىن تاش ئاتتى.
ئايال كۈلۈپ بارار ئىدى ئالدىغا،
بەزەن يېنىپ بالىلارنى قوغلايتتى.
بەزەن يىغلاپ، بەزەن كۈلۈپ قاقاھلاپ،
دېڭىز تامان بارار ئىدى ئۇ ئالغا.
يىغىلىرى ئوخشار ئىدى كۈلكىگە،
ۋە كۈلكىسى ئوخشار ئىدى يىغىغا...

× ×

يات قورادا تىپچەكلەيدۇ ئاق بوز ئات،
بەستى ئاپپاق، يايلى قارا ئۇنىڭكى.
ماڭلىيىدا ئالتۇن قاشقا پارلايدۇ،
ۋە قۇيرىغى تالا - تالا ئۇنىڭكى.
ئەرەپ نەقىشى چۈشۈرۈلگەن ئىگەرگە،
يىپەك بىلەن كەشتىلەنگەن يوپۇقى.
زەنجىر ئارا يۇلقۇنار ئات ئامانسىز،
ئاسفالتنى دۈكۈلدىتەر تۇيىقى.
كىشنىگەندە تىترەپ كېتەر تارىلىپ،
يوپۇقتىكى گۈل-سۇرۇقتەك يىپ بوقۇش.
كىشنەيدۇ ئات ئاچچىق سادا تارقىتىپ،
ياتسىندۇ، ئەتراپ ئاڭا ناتونۇش.



يوقتۇر مۇندا چەكسىز قۇملۇق، تونۇش چۆل،
سەھرالارنىڭ جانغا ئارام كەڭلىگى.
يوقتۇر مۇندا چۆل قۇياشى نۇرلىرى،
شامالىلارنىڭ راھەت سالقىن بەرمىگى.
يوقتۇر مۇندا يايلايدىغان ۋەتىنى،
قۇملار ئارا كۆكەرگۈچى ئوتلاقلار.
چىلدىلمايدۇ ئەمدى سۆزۈك يالتىراپ،
چۆل باغرىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقلار.
سادىر بولدى چۈشىنىكسىز ئۆزگىرىش،
ئۇنىڭ ئۆسكەن، بىلگەن يېرى يوق بولدى.
ئوتلاقلارغا گۈزەل تېچلىق بەرگۈچى،
يۇلتۇزلۇق چۆل كېچىلىرى يوق بولدى.
ئۇزاق بولدى كىرمەي قويىدى قۇلاققا،
پادىچىلار چالغان نەينىڭ تىترىشى.
غايىپ بولدى ئىگىسىنىڭ چىرايى،
ئەركىلىتىپ سۆزلەشلىرى، كۈلۈشى.
مۇندا پەقەت ئېگىز تاملار، بىنالار،
كۆرۈنۈشلەر شۇنچە غەيرى، شۇنچە يات.
قەيەردىدۇر شاقىرايدۇ بوغۇق ئۈن،
ئۆرلەپ ئاتنى ئۈركىتىدۇ ئۇ پات - پات.
ئۇنى ئۆزگە يېشىل كۆزلۈك كىشىلەر،
تۆۋرۈكلەرگە زەنجىرلىگەن قاتمۇ - قات.
تېپىپ يېقىن كەلتۈرمەيدۇ ھېچكىمنى،
تۇتقۇنلۇقتا كۆنەلمىگەن ئەركىن ئات.
ئامال بولسا ئىدى ئۈزسە زەنجىرنى،
ئەركىن، چەكسىز كەڭلىكلەردە ئۇچسا ئات!

يىلەر ئىدى شامال كەبى ئۇچقۇشنى،
ئۇچار ئىدى چىقارغاندەك ئۇ قانات.
ئۇچار ئىدى بورانلاردا كۆك بويلاپ
پارچە-پارچە ئۇچقان ئاپپاق بۇلۇتتەك.
نەپەس ئۆتمەي يوقىلاتتى چۆللەردە،
چاقماق چېقىپ يالتىرىغان بىر ئوتتەك.
ئاپپاق بولۇپ كۆرۈنەتتى ئۇچقۇشتا،
يۈز پىرەتتى ئاق ياقۇتنىڭ چاقنىشى.
شۇنداق ئاپپاق كۆرۈنىدۇ دېڭىزدا،
دولقۇنلارنىڭ كۆۋۈكلەنگەن ئۆركىشى.
ئىسيان قىلار زەنجىرلەردە يۇلقۇنۇپ،
كۆپ ئەقىللىق بۇ مەخلۇقى ئالەمنىڭ.
ئۇنىڭ غەمكىن كىشنىشىنى ئاڭلىسا،
يۈرەكلىرى ئېزىلىدۇ ئادەمنىڭ.

× ×

قولتۇقلىشىپ ۋالتىر بىلەن جىمك. شازار،
چىقىپ كەلدى شۇدەم بىتۇن بىنادىن.
ئاچچىق كىشنەپ تىپىرلىدى ئاق بوز ئات
ئۆچ ئالماقچى بولغان كەبى ئۇلاردىن.
ۋالتىر قورقۇپ سىلجىپ كەتتى كەينىگە،
ئۇنى دەرھال يۆلەپ ئالدى جىمك. شازار.
—جانابلىرى قورقماڭ! — دېدى ئىلجىيىپ،
مېنىڭ ئېتىم شۇنداق يامان، ھەيۋەدار.
قورا، ئارا ئېچىلىپ ۋە يېيىلىپ،



ئات توغرىلىق ماختاندى ئۇ ۋالتىرغا.
يەر يۈزىدە مىسالى يوق بۇ ئاتنىڭ،
بىباھادۇر تېگىشكۈسىز ئالتۇنغا.
ئىلاجىسىز قويدۇم ئۇنى زەنجىرلەپ،
يېقىن بارسام تېپىدۇ ۋە چىشلەيدۇ.
ئۆگىنىپ قالار دەپ ئويلايمەن ئۇ ئاستا،
ھازىر تېخى ياتسىنىدۇ، كىشنەيدۇ.
كۆپ كىشىلەر ھەۋەس قويۇپ بۇ ئاتقا،
ھەيران قالدى نىمانچە شاش، ئۆجەر دەپ.
زوقلىنىشتى، ئاققۇ كەبى ئاق ئىكەن،
تەققى-تۇرقى شۇنچە قاۋۇل، گۈزەل، دەپ.
شۆھرەت بەردى ماڭا دوستلار ئىچىدە،
تۇرقى بىلەن، خۇلقى بىلەن بۇ ئېتىم.
قورايىمغا گۈزەل زىننەت بېغىشلاپ،
بولۇپ قالدى قىممەتباھا بىساتىم.
ھەر كىشىدە بولار ئىكەن بىر ھەۋەس،
كىچىكىمدىن سۆيەر ئىدىم مەن ئاتنى.
رىۋايەتلەر، شېئىرلاردا كۈيلەنگەن،
قەھرىمانلار مىنگەن شامال قاناتنى.
ئوقار ئىدىم قىسسىسىنى ئەرەپنىڭ،
كىتاۋى بار «مىڭ بىر كېچە» دەيدىغان.
ياشلىغىمدا كۆپ بېرىلىپ مەن ئۇنىڭ،
ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئوقىغان.
رىۋايەتلەر ئىدى ئۇندا ئاجايىپ،
ئوقۇپ كۆڭلۈم ئۆتەر ئىدى ئويغۇسىز.
شۇنداق تىنچ چاغلار ئىدى بى تەشۋىش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆپ زېرىككەن بولار ئىدىم مەن ئۇيسىز،
چۆچەك چىقار چۆچەكلەرنىڭ ئىچىدىن،
قورقۇنۇچلۇق، سىرلىق، گۈزەل ئۇ غايەت.
دۇلدۇل ئاتلار سۆزلىنىدۇ كىتاپتا،
ئات تۇغرىلىق بار كۆپلىگەن رىۋايەت.
كۈمۈش يۈگەن، زەر ئىگەرلىك ئۇ ئاتلار،
قابىل، سېھرى ۋە قۇش كەبى قاناتلىق.
كۈن چۈشكەندە باھادىرلار بېشىغا،
يېتىپ كېلىپ بېغىشلايدۇ ھاياتلىق.
پەيدا بولۇپ ئۆلۈم، ئاپەت دەشتىدە،
نىجات بېرىپ قۇتقۇزىدۇ باتۇرنى.
كۈچسىز قالار ئەژدىھالار، دىۋىلەر،
ۋە ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ قاتىلنى.
ئېلىپ ئۇچار ياردىلانغان مەرتلەرنى،
ياۋنىڭ نەيزە، قالقانلىرى ئىچىدىن.
ئۆرلەپ چىقار يەتتە قەۋەت ئاسمانغا،
ئوتەر دوزاخ تۇمانلىرى ئىچىدىن.
ئېلىپ ئۆتۈپ باھادىرنى سالامەت،
يەتكۈزىدۇ كۈتكەن يارى ئالدىغا.
تەقدىم ئەيلەپ سائادەتلىك ئاقىۋەت،
يەتكۈزىدۇ ئىنتىزارى ئالدىغا.
مېنىڭ ئېتىم خۇددى ئاشۇ ئاتلاردىن،
بولمىسىمۇ دۇلدۇل كەبى قاناتى.
مەن بۇ ئاتنى تارتىۋالدىم سىنايدا،
يەكسان بولدى ئىگىسىنىڭ ھاياتى.
ئۇچراتتىم بۇ ئاتنى چۆللەر ئىچىدە،



قېرى ئەرەپ ئىكەن ئۇنىڭ ئىگىسى.
قارشىلاشتى تاشقا تۇخۇم ئۇرغاندەك،
جۇرئەت تەلەپ ئىكەن ئۇنىڭ ئىگىسى.
غەزەپلىنىپ يۈزلىرىمگە تۈكەردى،
ئىسيان قىلدى بولمىسىمۇ قورالى.
كالتەكلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئېتىلدى،
ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرى، ئايالى.
قىلىچ بىلەن چانىۋەتتىم قېرىنى،
كولباساغا توغرىغان گۆش مىسالى.
پارچە-پارچە گۆشلەر ئۇچتى ئەتراپقا،
قاسساپخانا بولدى گويا دىيارى.
ئاشۇ مەھەل كۆزلىرىمگە كۆرۈندى،
زىياپەتكە بېسىپ كىرگەن پارتىزان.
ئوخشاش ئىدى قاراشلىرى، كۆزلىرى،
جەھلىم چىقىپ قىلىچلايتىم مەن ھامان.
قانداق قىلاي قىلىچلىماي مەن ئۇنى،
قىساسى ئوتى ياققۇنلىسا، قويمىسا!
ھەرگىز تىرىك قالماس ئىدىم بۇ قېتىم،
ئامېرىكىنىڭ دوختۇرلىرى بولمىسا...
تىڭشاپ ئۇنى ۋالتېر چەتكە قارىدى،
يامان قىلدى پارتىزاننى ئەسلىتىپ.
بەزگەك كەبى تىترەشكە باشلىدى،
ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ يامان ھىس ئېتىپ.
قالقان بولغان ئىدى ئۇنىڭ جېنىغا،
ھېيدىپىلىگى ۋە ئۇستەلدىن يۇمۇلاش.
ئۇ ساقلىنىپ قالدى جوزا تېگىدە،
ئاپتوماتتىن ئوق چىققاندا ئوت ئوخشاش...

## 5 - باپ

## دار ئالدىدىن...

تال بارىڭى گۈللەپ تۇرار بۆككىدە،
بولۇپ ئۇزۇم چەشمىسىنى يوشۇرماق.
سەلكىن بىلەن بىر - بىرىگە پىچىرلاپ،
شىلدىرلايدۇ سانسىز يېشىل يوپۇرماق.
يېشىل بولۇت باسقان سۇپا ئۈستىدە،
ئىش تىكىدۇ زۇلپىقارنىڭ سىڭلىسى.
يېنىككىنە شىرىقلايدۇ ماشىنا،
پاقىرايدۇ ئۇنىڭ پولات يىڭنىسى.
تولقۇپ تۇرغان قارا چاچلار ئىچىدە،
كۆرۈنىدۇ قىزنىڭ يۈزى بىر ئوماق.
قارا چاچلار تۇمانىنى پارچىلار،
يازسەلكىنى بولۇپ ئۇنى ئوينىماق.
شوخ ۋە ئويناق چاقنىشى بار كۆزىدە،
باللارچە ساددە، تازا بىر نۇرنىڭ.
تاۋلىنىشى ۋە رەڭگى بار يۈزىدە،
باھار كۈنى چېچەكلىگەن شاپتۇلنىڭ.
شاپتۇل كەبى تۇرار يۈزى چېچەكلەپ،



ئاقتىن قىزىل، قىزىللىقتىن نۇرغۇپ ئاق.
ياشناپ تۇرار ھاياتنىڭ بۇ نوتىسى،
شۇنچە يېڭى، شۇنچە نازۇك ۋە پارلاق.
قىزنىڭ ئۆڭى رائىلەگە ئوخشايدۇ،
خۇددى قويغا ئوخشىغاندەك قوزىچاق.
لېكىن ئانا جامالىدا ئۇ نۇر يوق،
قوزىلىغى قالغان ئۇنىڭ كۆپ ئۇزاق.
چېچەكلىگەن پەسىللىرى، ياشلىقى،
جاپا، مېھنەت يىللىرىدا يوقالغان.
بېسىپ ئۆمۈر يوللىرىدا كۆپ قەدەم،
ئەتىگىنى ئۆتۈپ چۈشى بوپ قالغان.
ئۆتكەن ئۇزاق مۇساپىرلىق يىللىرى،
ئۇنىڭ ئەرك ئۈمىدىنى ئاشۇردى.
ئاي - كۈنلىرى ئۆتۈپ قىزغىن مېھنەتتە،
تەشكىلاتقا نۇرغۇن سوغما تاپشۇردى.
ئانىلىقنىڭ ئۇلۇغ بەختى يار بولۇپ،
باللارنى پەرۋىش قىلدى، چوڭ قىلدى.
نوتىلىرى چېچەكلىدى بىر - بىرلەپ،
ھەم ئۇلارنى تەربىيىلىدى، ئوڭ قىلدى.
قەدەم ئېلىپ زۇلپىقارى كەينىدىن،
ئۆسۈپ يەتتى مۇشۇ قىزى - نەفىسە.
پۈتىغا - پۈت ۋە قولىغا - قول بولۇپ،
ئانىسىدىن ئايرىلمايدۇ ھەممىشە.
تۇغدى كېيىن يېڭى ئايدەك بىر ئوغۇل،
ۋە ئېتىنى قويدى ئۇنىڭ يۇنۇس، دەپ.
پەيدا بولەى كىچىك قىزى گۈل سارى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېخى ئەمدى ماڭار بولدى تەمتىلەپ.
ئوغۇللىرى دادىسىغا ئوخشايدۇ،
قوشۇما قاش ۋە يۇمۇلاق ئېڭەكلىك.
بۇغداي ئۆڭلۈك، قوي كۆزلىرى ماس كەلگەن،
ۋە قامىتى نوچا بويلۇق، سۆڭەكلىك.
شۇنداق نوتا، شاخ چىقاردى رائىلە،
گويا دەرەخ بولدى شاخلىق، مېۋىدار.
مېۋە بولار دەرەخ گۈزەل گۈللەيدۇ،
جاھان ئېلىپ يېتىپ كەلسە گۈل باھار.
ئانا غولى ھايات بېرەر شېخىغا،
شاخلىرىدا بولار ئۇنىڭ مېۋىسى.
نوتىلارغا ئۆتۈپ كېتەر يىل سايىن،
يېشىللىقى، نۇرلىنىشى، ھەممىسى.
ۋەتەن ئوغلى بولدى ھامىد، زۇلپىقار،
جەڭدە كېزەر ئاتىلىدىن بەخەۋەر.
ئىللىق يانار ئائىلىنىڭ چىرىغى،
ئۇلار جەڭدىن كۈلۈپ قايتسا ھەر سەپەر.
ئوغلى يۇنۇس قوي باقىدۇ ئېدىردا،
ياۋا گۈللەر تېرىپ ئوتلاق، ئېرىقتىن.
گويا جەڭچى بولۇپ ھەريان ئوق ئۈزەر،
ئۆزى ياساپ ئالغان ياغاچ مىلتىقتىن.
ئويناپ يۈرەر كىچىككىنە گۈل سارى،
كۆپ مېھرىۋان سەلىم بوۋا كەينىدە.
ھامىدنىڭ بۇ سۈرىيىلىك خوشنىسى،
قېرىپ قالدى، قار توسى بار رەڭگىدە.
ئەرگە تەگدى بوي يەتكەندە قىزلىرى،



كۆچۈپ كەتتى، يىراق بولدى ھەم جايى.
ئوغۇللىرى قىلدى جەڭنى ئىختىيار،
پەلەستىنگە بولدى ئۇلار پىدايى.
يالغۇز قېلىپ موماي بىلەن ئىككىسى،
رائىلەنىڭ بالىلىرىغا قاراشتى.
ئۆتتى ئۇلار ئۇزاق ئاتا-بالىدەك،
شۇنداق يېقىن، شۇنداق ئىجىل ياشاشتى.
بىكار قالغان ۋە ئازادە ئۆيلەرنى،
ھامىدلارغا بەردى ئۇلار ئاجرىتىپ.
قولايلىقراق ياشىسۇن دەپ كۆيۈنۈپ،
دەرتمەنلەرگە تۇققانچىلىق ھېس ئېتىپ.
سەلىم بوۋا كېلىپ كېتەر ھاياتتا،
كۆپنى كۆردى ۋە ياشىدى ئۇ ئۇزاق.
كەچمىشكە باي ۋادىسىدا ئۆمرىنىڭ،
كېزىپ چىقتى سەكسەن يىلدىن ئارتۇقراق.
كۆرگەنلىرى، ئاڭلىغىنى كۆپىيىپ،
خاتىرىگە، ھېكايىگە ئايلاندى.
قېرىدى ئۇ ئوچۇق كۆڭۈل ۋە دىلكەش،
نەسىھەتكوي ھەم پاراڭچى بوپ قالدى.
قىزىق-قىزىق ھېكايىلەر سۆزلەيدۇ،
رائىلەنىڭ بالىلىرىغا ئاخشىمى.
ھەرە گۈلگە ئولاشقاندەك، بالىلار —
ئەتراپىغا ئولىشىدۇ ھەر كۈنى.
ئانا بۇ دەم ئىش پىچاقتا سۇپىدا،
نەفىسەنىڭ كۆيلىرىگە سىپ قولاق.
قورا ئىچى يېشىل بوستان، كۆكۈلۈك،

سەلكىن ئۇچار، گۈللەر چاچار خۇشپۇراق.
پارتىزانلار ئۇچۇن كىيىم تىكىدۇ،
زۇلپىقارنىڭ تېخى گۆدەك سىڭلىسى.
قەدىم ئەرەپ قوشىقىنى كۆيلەيدۇ،
چېچى تۇمان ۋە يۈزلىرى قىزىمىزى،
تونۇش گۈزەل ئاھاڭلارنى تىڭلايدۇ،
ئىشچان ئانا دىلى ئېرىپ، خوش بولۇپ.
تال باراڭلىق يېشىل قورا ئۈستىدە،
يۈكسىلىدۇ تىنىق ئاسمان، ئاق بولۇت.

× ×

خەتەرلىك ۋە ئېغىر جەڭنى كەچۈرۈپ،
ئاتا-بالا قايتىپ كەلدى بىر كۈنى.
غىزا قىلىپ خوشال بولغان رائىلە
كۈتتۇۋالدى ھامىدنى ۋە ئوغلىنى.
ئائىلىنىڭ ئەزالىرى جەم بولدى،
چولغاپ ئالدى ئۆيىنى دىدار شاتلىغى.
گۈل سارىنى ئەركىلەتتى ئاتىسى،
ئويناپ بەردى ئاڭا كىچىك تاتلىغى.
تۈن دېڭىزىدا كۆرۈنگەندە ئاق يەلكەن،
ئاق شوللار لىنتا ئاستى باراڭغا.
سۇپا ئۈزرە ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ،
ئاتا-ئوغۇل چۈشتى خالى پاراڭغا.
دىدى ھامىد، مەن قۇددۇسقا بارماقچى،
مەخپى كىرىپ ياۋ ئىچىگە بۇ سەپەر.



ئۆيۈشتۈرۈپ ئەرەپلەرنى چېلىنىشقا،
تەييارلايمەن. ئۇندا سىرلىق زەربىلەر.
شۇڭا خەنجەر ــ ئەجدادىمىز مىراسى.
قالسۇن سەندە، شولا چاچسۇن سەن بىلەن.
ئىش خەتەرلىك... ياخشى بولماس تەۋەررۈك،
ياۋ قولىغا چۈشۈپ قالسا مەن بىلەن.
بىلىسەن، قىزىلگۈلدۇر تىكەنلىك،
سەنمۇ جەڭدە كۆپنى كۆردۈڭ ياش تۇرۇپ.
قەدىمكىدىن پايلاپ يۈرەر ئەزرائىل،
مەخپى ئىشقا ئاتلانغاندا باش بولۇپ.
قارچۇغىدەك ساقلا ئوغلۇم خەنجەرنى،
ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغىن سەن بىرپەس.
چۈنكى ئۇندا پەلەستىننىڭ روھى بار،
ئازاتلىقنىڭ قورالى ئۇ مۇقەددەس.
بوۋىلاردىن قالغان نىجات تىغىنى،
ئەزىز كۆرگىن، جېنىڭدىنمۇ ئەلا بىل.
خەنجەر بىلەن داۋام قىلغان نەسلىمىز،
سەنمۇ ئۇنى دەردىمىزگە دەۋا بىل!
پەلەستىننىڭ تارىخىدۇر پۈتۈنلەي،
باسقىنلار ۋە باسقىنلارغا قارشىلىق.
قاراقچىلىق تاپقان ئۇندا خاتىمە،
قىساس چاقناپ تۇرغان خەنجەر ئارقىلىق.
ئەركىنلىككە ئاشنا ئۇلۇغ ئەجداتلار،
ياۋلىرىغا خەنجىرىنى كۆتەرگەن.
مېنىڭ دادام، سېنىڭ جەڭچى بوۋاڭمۇ،
شۇ خەنجەرگە قاراپ تۇرۇپ جان بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئوغلۇم بۇ تىنغ ئاددى تىنغ ئەمەس،
ئۇ پەلەستىن ئىسيانلىرى تىمسالى.
ئۇنىڭ پارلاق چاقنىشىدا ياشايدۇ،
خەلقىمىزنىڭ ئارزۇلىرى، خىيالى.
دېدى ئاتا بەردى ئۇنى ئوغلىغا،
تىغنى سۆيۈپ قەسەم بەردى زۇلپىقار:
بولسۇن دېدى خەنجەر مېنىڭ قورالىم،
خەنجەر بىلەن ئاتسۇن تاڭلار بىخۇبار...
كېچە ئۆتتى، يېشىل قورا جانلاندى،
ھامىد جابدۇپ يولغا چىقتى تاڭ بىلەن.
ئاق يول تىلەپ قالدى قوشناق ئائىلە،
ۋە ئۇزاتتى خورما بىلەن، نان بىلەن.

× ×

ۋادىلارنى يۇيۇپ پارلاق نۇر بىلەن،
يانار كۆكتە يورۇتقۇچى ئالتۇن شار.
مەنزىرىلەر ھۆرلىگىگە زوقلىنىپ،
پىشايۋاندا تۇرار كۈلۈپ زۇلپىقار.
تىنىق ئاسمان گويا سۈزۈك ئەينەكتەك
رەڭلەر بىلەن تاۋلىنىدۇ بار ئەتراپ
قۇياش نۇرى كەڭلىكلەردە ئويناپدۇ،
ئاي ئالتۇننىڭ شولىسىدەك يالتىراپ.
ئىگىزلىكتە ئاستا - ئاستا تەۋرىنەر،
پالمىلارنىڭ يېشىل ۋە كەك خەنجىرى.
تاشلار بۇركۈت قاناتىدەك بىر سايە،



ئاپتاپ ئېمىپ ئىللىۋاتقان يەر سىرى.
دەل - دەرەختلەر يوپۇرمىغى قۇياشقا،
يۈزلىنىدۇ مولايىم ۋە مىننەتدار.
كۈمۈش رەڭدە جىمىرلىغان ئوپپوقتا،
ئاققۇ بولۇپ يۈپۈپ يۈرەر بۇلۇتلار.
بېقىپ خوشال ئالتۇن رەڭلىك جاھانغا،
خەنجەرنى ئالار يىگىت سۆغۇرۇپ.
ياش جەڭچىنىڭ يورۇق تاپقان قەلبىدە،
ياڭراپ كېتەر يېڭى ناخشا تۇغۇلۇپ:
— ئەي سەن خەنجەر! بوۋىلارنىڭ خەنجىرى،
ئەسىرلەردىن مىراس قالغان قورالىم.
ساڭا باقسام ھىس ئېتىمەن ئىپتىخار،
ساڭا باقسام قاينار تۇيغۇ - ئىلھامىم.
مۈشكۈل تارىخ بولدى ساڭا ئىشخانا،
سېنى سوقتى زۇلۇم تارتقان بىر خەلق.
سېنى سوقتى باسقۇنچىلار دەستىدىن،
دەريا - دەريا قانغا پاتقان بىر خەلق.
قانلىق زەربە بولغاك بولدى سېنىڭكى،
كۆز ياشلىرى سۈيۈك بولدى قايىنغان.
ئوچاق بولدى ئەلنىڭ غەزەپ - نەپرىتى،
قىساس بولدى كۆيۈپ سېنى تاۋلىغان.
كۆيگەن ئوتلار، يالقۇنلىرى ئوچاقنىڭ،
كۆتىرىلىپ بولدى چېلىش بايرىغى.
سەندەل ئۇنى، جاراڭلىغان سادالار،
بولدى ياڭراق قوزغىلاڭلار چاقىرىغى.
ئەدى سېنى سوغارغاندا چىققان ئىس،

مەھكۇملارنىڭ دىل تۈتۈنى، پەريادى.
سېنى سوقتى، ياۋلىرىنغا قىلدى ئوق،
ئازاتلىقنىڭ نامى ئۆچمەس ئەجدادى.
جەڭ ئەھلىدە قالغان قىلىچ ئىزلىرى.
نەقىش بولۇپ چۈشتى ساڭا زىننەتلىك.
ئوتتىن، قاندىن ئالغان شولاڭ سېنىڭكى،
يورۇتقۇچى بىر نۇر بولدى قىممەتلىك.
نۇرسىز ھايات مامات بىلەن باراۋەر،
ئۇزى بولار قاپقاراڭغۇ قەۋرىنىڭ.
مەڭگۈ نۇرلار يورۇتۇشى ئاستىدا،
مەۋجۇتلىقى داۋام قىلار ھەممىنىڭ.
ئۇلۇغ ھايات ئانىسىنىڭ نۇرى بارە
ئاپتاپ بىلەن نۇر تۆكىدۇ جاھانغا.
سانسىز دۇنيا جانلىقلىرى تەشنادۇر،
ئالتۇن رەڭدە يورىغۇچى ھەر تاڭغا.
تاغدا قارلار ئېرىگەچكە نۇر بىلەن،
دولقۇن ئۇرۇپ تولۇپ ئاقار دەريالار.
سالقىن باغلار گۈللىگەچكە نۇر بىلەن،
تاڭ قوشىغى كۈيلەر بۇلبۇل گويالار.
يەر يۈزىنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن نېمىتى،
يېتىلىدۇ نۇردىن ئېلىپ ئوزۇقلۇق.
ھايات بىلەن تەمىن قىلار ئىنسانىنى،
نۇرنىڭ بەرگەن ھارارىتى ۋە يورۇق.
تۈندە كۆلۈپ چىققان ئاينىڭ نۇرى بار،
زۇلمەت تەسلىم بولار ئاپپاق نۇرلارغا.
يىراق يۇلتۇز ئالەم تۈنى ئىچىدىن،



نۇرى بىلەن كۆرىنىدۇ دۇنياغا.
نۇرى بولغاچ يۇلتۇز گۈلى قۇتۇپنىڭ،
كارۋانلارغا يول كۆرسىتەر ۋە پارلار.
نۇرى بولغاچ چولپان يېنىپ سۇبھىدە،
يېقىنلاشقان تاڭدىن قىلار خەۋەردار.
سېنىڭ نۇرۇڭ قوغداپ قالدى ۋەتەننى،
باسقىن قىلىپ كەلگەن تالاي ياۋلاردىن.
سېنىڭ نۇرۇڭ تاڭدەك چاقناپ ھىلى ھەم،
قۇتقۇزىدۇ ئۇنى ئېغىر چاغلاردىن.
نىجات تېپىپ نۇرلىنىدۇ سەن بىلەن،
يامان كۈندە قالغان خەلق تەقدىرى.
ساڭا باقسام جانلىنىدۇ خىيالىم،
ئەي سەن خەنجەر، بوۋىلارنىڭ خەنجىرى!
ساڭا باقسام كۆڭۈل كۆزۈم روشەندۇر،
تەسەۋۋۇرۇم يېيىلىدۇ تۇماندەك.
كۆرىنىشلەر ئۇچۇپ ئۆتەر ئالدىمدىن،
ياز بۇلۇتى كۆكتە لەيلەپ ئۇچقاندەك.
مەن كۆرىمەن يالتىرىغان بىسىڭدا،
قانلىق كۆرەش ئەۋج ئالغان جەڭگاھنى.
ئۇندا جەڭنىڭ قۇدرەتلىك شاۋقۇنى،
زىل-زىلىگە كەلتۈرىدۇ ھەرياقنى.
پەلەستىننىڭ ئاتلىقلىرى چاپىدۇ،
ھاسىل قىلىپ گويا دولقۇن شەكلىنى.
كۆتىرىلىپ تۈمەنلىگەن نەيزىلەر،
يەكسان قىلار ياۋۇز باسقىن ئەھلىنى.
قالقان، ساۋۇت تېشىلىدۇ نەيزىدىن،

ئات ئاستىدا دۆگۈلەيدۇ دۇبۇلغا.
ئانا ۋەتەن دۈشمەنلىرى ئۈستىدە،
ئۆلۈم ئۇچۇپ ئايلىنىدۇ قۇيۇنغا.
گۆلچەك-كۆلچەك بولۇپ كېتەر جەڭگاھتا،
قىلىچ، خەنجەر زەربىسىدىن ئاققان قان.
ئېپتىدائى سايلاردىكى تاش كەبى،
موردا بىلەن تولار قانلىق باياۋان.
قۇللۇق، ئاپەت بەندىلىرى تىترەر،
قىلىچ ئۇرار ئاتلىق مەردۇ-مەيدانلار.
ئاياق ئاستى بولار ئاتلار تېگىدە،
پەلەستىنى ئاياق ئاستى قىلغانلار.
ئالار ياۋدىن غەزەپلەنگەن بوۋىلار،
زوراۋانلىق قۇربانلىرى ئەنتىنى.
جەڭ تۇپەيلى خەلق يەنە ياشايدۇ،
ۋە پەلەستىن كۆتىرىدۇ قەددىنى.
مەن كۆرىمەن يالتىرىغان بىسىڭدا،
ئۆلۈۋاتقان قەھرىمانىنى خەنجىرىم.
ئۇ زەپەرنىڭ شەۋقى بىلەن جان ئۈزەر،
ۋە قەلبىدە جەڭگە تەشنا بىر سىزىم.
جان تالىشار قان ئىچىدە يېتىپ ئۇ،
خەنجىرىدە قېتىپ قالار كۆز نۇرى.
بىر قولىدا سىقىمدىغان خەنجەرنى،
بىر قولىدا تولپارنىڭ چۇلۋۇرى.
ئېغىر جەڭدە بولغان جەڭچى ياردار،
ئۆركىگەن ئات ئېلىپ قاچقان جەڭگاھتىن.
كىرىپ كەتكەن ئۇ جىلغىلار ئىچىگە،



چېپىپ ئۆتۈپ چەكسىز دەشتۇ-ئوتلاقتىن،
ئۇچۇپ چۈشكەن ئىگىسىنى چۆگىلەپ،
مۇڭلۇق كىشنەپ زارلىنىدۇ قاچقان ئات.
بوشتالماي چولۋۇرنى ئۆلۈكتىن،
ئەتراپىغا غەمكىن باقار ئۇ پات-پات.
قەھرىماننىڭ ۋە ئېتىنىڭ سۆڭىكى،
تاغ ئىچىدە ياتار ئۇزاق ئاقىرىپ.
يۇمۇلغان قول ئىسكىلىتى ئىچىدە،
خەنجەر يانار ئوغلانلارنى چاقىرىپ.
ئۇ يانىدۇ تاغ گۈللىرى ئاستىدا،
بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلارغا شاھىت بوپ.
ئۇ يانىدۇ نەسىللەرنىڭ قەلبىدە،
جەڭچى ئەجدات ھۆرمىتىنى يورۇتۇپ...
پارلاپ تۇرار زۇلپىقارنىڭ قولىدا،
خەنجەر يېنىپ يالقۇن سۈپەت ۋە نۇرلۇق.
خەنجىرىگە ئاتاپ مەغرۇر قوشاقلار،
يىگىت قەلبى كۈي كۆيلەيدۇ دولقۇنلۇق.

× ×

ھەركەت قىلدى يېرۇسالىم شەھرىدە،
ھامىد دەرتمەن ئەرەپلەرنى تەشكىللەپ.
ئاسارەتكە قەھرى تولا نامراتلار،
تەشكىلاتقا ئەزا بولدى بىر-بىرلەپ.
قەتئىي جەڭگە ئېلىپ كىردى ئۇلارنى،
ۋەتەن ئىشقى، ئازاتلىققا ئىنتىلىش.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلگىندىلەر سوققا يەندى ئۆزلۈكسىز،
چاپسان، پۇختا قانات يايدى مەخپى ئىش.
قورقۇنۇچلۇق قارشىلىققا دۇچ كەلدى،
قان تامغۇچى مىللى زۇلۇم قامچىسى.
قانلىق بەدەل بېرىپ تۇردى ھەر كۈنى،
ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيىسى، ساقچىسى.
پارتىلىتىش، ئۆلتۈرۈشلەر ئەۋجىدە،
يەھۇدىلار دۆلىتىگە كەلدى دەرت.
ئەمەلدارلار مەخپى تېرور خەۋپىدە،
ئارامخۇدا ئۆتەلمىدى بىر پۇرسەت.
تىندە چىققان قاراۋۇللار تاڭ بىلەن،
كوچىلاردا ياتار بولدى قانسىراپ.
گېزەندىلەر ئۆيلىرىنى يوق قىلدى،
ئەرەپلەرنىڭ مىنالىرى پارتىلاپ.
بۇ تۈپەيلى يېرۇسالېم ساقچىسى،
تەنھە يەندى، كۈچەيتەلدى ھەسسىلەپ.
تەشكىلاتنى پاش قىلىشقا ئۇرۇندى.
ساتقىنلارنى تاپماق بولدى پۇل تۆلەپ.
بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ ئادەملەر،
كۆرەشتە ھەم ئاجىز جانلار بولىدۇ.
گۈللەر ئارا بىللە ئۆسەر ياۋا ئوت،
دان ئىچىدە پۇچەك دانلار بولىدۇ.
تاغ - چۆللەردە بۆلار يوغان تاپ قوشى،
ئۇچۇپ يۈرەر قانات قېقىپ، پالاقلاپ.
تەققى - تۇرقى ئوخشاپ كېتەر بۈركۈتكە،
ئەمما ئۇنىڭ يەيدىغىنى ھارام تاپ.



خۇددى شۇنداق قىساسچىلار ئىچىدىن،
چىقىپ قالدى بىر شۇم ۋەتەن خائىنى.
خائىنلىققا قىزىقتۇردى مەلئۇننى،
يەھۇدىلار ساقچىسىنىڭ ئالتۇنى.
ساتقىن ئەرەپ خىزمەت قىلدى ساقچىغا،
ۋە ئۇلاردىن ئالدى قۇللۇق تەڭگىسى.
تۇتۇپ بەردى دەسلەپ قىلىپ ھامىدنى،
يوشۇرۇنغان سېرىق ئالتۇن بەندىسى.
يېتەكچىنىڭ تۇتقۇن بولۇپ كېتىشى،
زىل - زىلىگە سالدى يېرۇسالېمنى.
چوڭ خەۋپكە دۇچار بولدى مەخپى ئىش،
ئەمما ئۇلار بىلىپ قالدى خائىننى.
تۇتۇپ ئېلىپ ئۇيۇشتۇردى جىددى سوت،
ئىتقا ئوخشاش ئۆلمەك بولدى جازايى.
ئالتۇنلارنى ئېسىپ قويۇپ بوينىغا،
ئۆلۈگىنى قىلدى ئۇلار سازايى.
مۇردىسىنى مىخلاپ قويدى تۈن بىلەن،
يېرۇسالېم ساقچىسىنىڭ ئالدىغا.
كۆپ مەنىدار، پاجىئەلىك مەنزىرە،
ساقچىلارنى سالدى يەنە قايغۇغا.

× ×

كاردۇردىن ئۇياق - بۇياق ئۆتىدۇ،
مەھبۇسلارنى گۈزەت قىلىپ يۈرگەنلەر.
قېيىنلىدۇ ھامىد تاياق زەربىدىن،

مىدىرلىسا شاراقلايدۇ كىشەنلەر.
تار كامېرنى خىرە-شىرە يورۇتۇپ،
كۈندۈز نۇرى ئۆچۈپ كىرەر رۇجەكتىن.
ھامىد سوزۇپ ئالالمايدۇ پۇتىنى،
زىڭىلداشلار باشلىنىدۇ سۆڭەكتىن.
تىرگاۋچىلار سوراق قىلدى كۆپ قېتىم،
ئەمما ئۇندىن ئالالمىدى ھېچنېمە.
باغلاپ قويۇپ كالتەكلىدى، قىينىدى،
بارمىقىدىن ئېسىپ قويدى بىر كېچە.
ئاچچىغلىنىپ، قامچە ئۇرۇپ ساقچىلار،
باش-كۆزىنى قىلدى تامام قان زىدە.
ھامىد سۆكۈپ تىللاپ تۇردى ئۇلارنى،
ۋە ھۇشىغا كەلدى پاخال ئۈستىدە.
قىيناقلارغا بولۇپ باتۇر بىپەرۋا،
يېتىپ تۇرۇپ ئويلايدۇ خاتىرجەم.
كۆز ئالدىدىن قانات قېقىپ ئۆتىدۇ،
كەچمىش ئۆمرى خىيالىدا بولۇپ جەم.
ئۆلۈم كۈنى بولۇپ قالدى مۇقەررەر،
ئەسلەپ چىقماق لازىم بولدى ئۆتكەننى.
ئۇ ئويلىدى ئېغىر-بېسىق ۋە تەمكىن،
ھاياتىنى، چېلىشلارنى، ۋەتەننى.
ئۆتكۈنچىدۇر تىرىك ئىنسان ھاياتى،
ئادەم دېمەك قېرى دۇنيا مېھمىنى.
تۇغۇلغانلار تۈرلۈك-تۈمەن يول بىلەن،
ئۆتكۈزىدۇ بەكمۇ قىسقا ئۆمرىنى.
ئىنسان ئوخشار بولار پەقەت بۆشۈكتە،



مۇددىئادىن خالى بولار بوۋاقلىق.
كۆزگە ئىللىق كۆرۈنىدۇ چىچەكتەك،
بەخش بولار ئاڭا پاكلىك، ئوماقلىق.
بىر-بىرىدىن پەرقى روشەن بولىدۇ،
يېشى يېتىپ بولغاندا ئۆي-ئوچاقلىق.
ئادەم بولۇپ تونۇغاندا ھاياتنى،
مەقسەتلىرى پەيدا بولار تۇراقلىق.
ئوخشاشمىغان نىيەتلىرى تۈپەيلى،
ماڭغان يولى ئوخشىمايدۇ ھەركىمنىڭ.
بەرگەنلىرى ئوخشىمايدۇ ھەممىگە،
ھەممە ئۈچۈن ئوخشاش كەلگەن بىر كۈننىڭ.
بۆشۈكتىكى بوۋاق ئۆسۈپ ئايلىنار،
چوڭ كىشىگە — ياخشىغا ۋە يامانغا.
يامانلىرى خۇنۈك قىلار ھاياتنى،
ياخشىلىرى نىجات بېرەر زامانغا.
بەزىلىرى كۆيۈپ-پىشىپ ئۆتىدۇ،
ئۆزىنىڭلا كۆمۈچىگە چوغ تارتىپ.
بەزىلىرى خەلق ئۈچۈن ياشايدۇ،
شولا چېچىپ، قارا تۈننى ئاقارتىپ.
مۇددىئاسى ئوخشاشمىغاچ ھەركىمنىڭ،
ئوخشىمايدۇ خۇشاللىقى، رەنجىشى.
رازى بولار باسقان ئۆمۈر يولىدىن،
مۇرادىغا يەتكەن دەمدە ھەر كىشى.
ھاكىم بولۇپ يۇرت سورىماق بولغانلار،
بولالمىسا ھېس قىلىدۇ ئوساللىق.
سودىگەرلەر خاپا بولار زىياندىن،

ۋە پايدىدىن ھېس قىلىدۇ خوشاللىق.
مەنپەئەتنى بايراق قىلىپ ئالغانلار،
مەنپەئەتكە يەتسە مەمنۇن بولىدۇ.
مەنپەئەتى زەربە يېسە مۇبادا،
ياكى كېسەل ياكى مەجنۇن بولىدۇ.
ئەل تۈپەيلى باھا بېرەر ئۆمرىگە،
ئەل ئىشىنى قىلغانلىرى مۇددىئا.
ئۆز ئىشىدىن چەكسىز خوشال بولىدۇ،
يورۇق كۈنلەر كەلسە خەلقى - يۇرتىغا.
نادامەتتە بولماس ئۇلار ئەل ئۈچۈن،
چەكسە مېھنەت، تارتسا ئېغىر زۇلۇمنۇ.
دادىل قۇربان قىلالايدۇ ئۆزىنى،
قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدۇ ئۆلۈمنۇ.
كۆرگەن كۈنى، قىلغان ئىشى ھامىدنىڭ،
خىيالىدىن ئۆتەر، شۇ دەم بىر - بىرلەپ.
ئويلاپ كۆرسە ئۇ ھاياتتا قۇرۇتتەك
ئۆزى ئۈچۈن ياشىماپتۇ ئۆمىلەپ.
يىگىت چېغى قورال ئاپتۇ قولىغا،
ۋە ھالقىپتۇ جەڭلەر ئارا ئەللىكتىن.
ئانا ئېلى، يۇرتى ئۈچۈن ياشاپتۇ،
يورۇق ئىزلەپ ئازاتلىقتىن - ئەركتىن.
ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى تۈپەيلى،
مۇساپىرلار بىر سەپ بولۇپ ئۇيۇشتى.
يۇرتلىرىدىن قوغلانغانلار يول تېپىپ،
دۈشمەن بىلەن قەھرىمانە تۇتۇشتى.
ھاسىل بولدى ھاياتى بىر قارشىلىق،



ئەرەپلەردە ئەۋج ئالدى جەڭ زوقى.
جەڭچى خەلق قەد كۆتەردى ئوت ئارا،
يوقالمىدى پەلەستىننىڭ ھوقۇقى.
ئىشىنەر ئۇ، مۇساپىرلار بىر كۈنى،
يۇرتلىرىغا قايتىدۇ، دەپ مۇقەررەر.
پەلەستىننىڭ قۇتلۇق، گۈزەل بايرىقى،
ئۆز يېرىدە لەپىلدەيدۇ بىر كۈنلەر.
خارلانمايدۇ باسقۇنچىلار قولىدا،
ئاتا - بوۋا ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ يەر.
سەرگەردانلىق تېپىپ ئاخىر خاتىمە،
يۇرت - ماكانغا ئىگە بولار نەسىللەر.
ئۇ بىلىدۇ، قالدى دۈشمەن قانسىراپ،
غەلىبە يېقىن، يىراق ئەمەس بۇ ئىقبال.
پەلەستىندىن ئىگە بولار گۆرغىلا،
كۆچۈپ كېلىپ ئۇندا دۆلەت قۇرغانلار.
شۇڭا ئۆلۈم ھېچگەپ ئەمەس ھامىدقا،
يورۇۋاتقان تاڭ بولغاچقا مۇددىئا.
شۇڭا بىغەم كېتەلەيدۇ ھاياتتىن،
ئۆكۈنمەيدۇ ئۇندىن قالسا بۇ دۇنيا!
يوق بولمايدۇ ئەمدى ئانا پەلەستىن،
ئۆلسە ھامىد، كەتسە ئۇندىن يوق بولۇپ.
ئۆلۈم پەيتى سوت قىلىدۇ دۈشمەننى،
ئاخىرقى دەم ئېتىلىدۇ ئوق بولۇپ.
ۋە ئۆلۈمنى ئالالايدۇ ئۇ كۈتۈپ،
ئالغان كەبى كۈتۈپ شېرىن ئۇيقۇنى.
ئۇ بىلىدۇ، ئۇنىڭ قانلىق ۋاپاتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوزغالايدۇ يېڭى قىساس دولقۇنى،
پىغان چېكىپ كېتەر ئىدى ئۇ ئەگەر
بولمىغاندا غالىپ يۈرۈش كارۋىنى.
نادامەتلىك بولار ئىدى بۇ ئۆلۈم،
ئۆلۈم پەيتى قىينار ئىدى ئارمىنى،
لېكىن ئەمدى ئۇ ئۆلۈمگە بىپەرۋا،
يېتىپ تۇرۇپ ئوي ئويلايدۇ خاتىرجەم.
بۇزالمايدۇ ئۇنىڭ راۋان پىكرىنى،
تەن ئاغرىقى، شاراقلىغان كىشەن ھەم.

× ×

مەھكىمىدە، تېلېفوننىڭ ئالدىدا،
ئولتۇرىدۇ شازار خاپا ئويلىنىپ.
ئوي ئويلايدۇ ساراسىمە ئىلكىدە،
پىكرى قارا تىرۇپىكىغا توپلىنىپ.
سوققىلاردا قويغان ئىدى شەھەرنى،
ئەۋج ئالغان ھەركەتنىكى مەخپىي كۈچ
قىيىن قىلىپ قويغان ئىدى ياشاشنى،
قىساس خەۋپى، ئەندىشە ۋە قورقۇنچ.
ئەمەلدارلار ئۆلەر ئىدى ئۆيىدە،
لېكىن ساقچى كىم ئۆلتۈردى، بىلمەيدۇ.
ساقچىلارنىڭ بۇ ئامالسىز باشلىقى،
ھەدىسىلا مىنىستىردىن تىل يەيدۇ.
ئۇ مىنىستىر تېلېفوندا ۋاقىراپ،
ئەرەپلەرنى باشقۇرۇشنى بىل! دەيدۇ.



دەرەخ كېسىپ شالاڭلاتقىن ئورماننى،
چوڭلىرىنى تۇتۇپ قەتل قىل! دەيدۇ.
قەتل قىلماق ئاز بولمىدى ساقچىدا،
تۈرمىلەردە ئېرىق بولۇپ ئاقتى خۇن.
تۇتۇپ كېلىپ گۇماندىكى ھەممىنى،
سوراق قىلدى ۋە ئۆلتۈردى يوشۇرۇن.
تۆكۈلگەن قان يامغۇر بولدى ئورمانغا،
قىساسچىلار پەيدا بولدى نۇرغۇنلاپ.
كېسىۋېتىلگەن چوڭ دەرەختلەر ئىزىدىن
ياش نوتىلار ئۆسۈپ چىقتى بۈژغۈنلاپ.
قورقۇنچلۇق بولۇپ قالدى يەنىلا،
ئەرەپلەرنىڭ بىلىپ بولماس ئورمىنى.
دەھشەت سېلىپ گۈرۈلدىدى بوراندا،
تەۋرىنىشى بولدى دېڭىز دولقۇنى.
شەھەردىكى يېڭىدىن - يېڭى ۋاقەلەر،
كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى شازارغا.
تەشكىلاتقا تۇرالمىدى تاقابىل،
چۈشۈپ قالدى بەكمۇ قىيىن ئەھۋالغا.
مىنىستىرنىڭ سوغۇق ئۈنى قورقىتىپ،
ئەسەبىگە تېگەر بولدى نەشتەردەك.
يوشۇرۇنغان قىساسچىلار نىشانى،
تەقىپ قىلار بولدى ئۇنى ئەجەلدەك.
ئۆزىدىنمۇ بولدى دائىم خەۋپتە،
قورقۇپ قالدى كوچىلاردا مېڭىشقا.
جانسىزلىنىپ قالدى يېشىل كۆزلىرى،
جۈدىدى ئۇ ۋە باشلىدى قېرىشقا.

پەيدا قىلغان ئىدى ئىخرە بىر ئۈمىت،
مەخپى ئىشتىن چىققان ئەرەپ ساتقۇنى.
سىرىق زىننەت بولدى ئاخىر مۇردىغا،
مەھكىمىنىڭ سەرپ قىلغان ئالتۇنى.
شازار كۆزى كۆرگەن مۇردا تۇپەيلى،
چۈشلىرىدە كۆرەر بولدى مازارنى.
بوغۇم - بوغۇم ۋە قارايغان ئىسكىلىت،
قول ئۈزىتىپ قوغلار بولدى شازارنى.
قولغا چۈشكەن پارتىزانلار رەھبىرى،
سوراقلاردا تىرگاۋچىنى قىلدى مات.
تىللاپ تۇردى، يانمىدى ھىچ پەيلىدىن،
قىين - قىستاق قىلىنسىمۇ ئۇ پات - پات.
تاپالمىدى تەشكىلاتتىن يىپ ئۇچى،
تۈرمىدە خاس بولۇپ ئۆتكەن سوراقلار.
ئۇمىدىنى يوق قىلاتتى شازارنىڭ
تىرگاۋچىدىن كەلگەن قىسقا جاۋاپلار.
تىرگاۋچىنى سۆكتى ئاچچىق تالاي رەت،
كۈتكىنىگە بولالمىغاچ ئۇ ئىگە.
ئاخىر ئۆزى بۇ ئاجايىپ مەھبۇسنى،
كۆرمەك بولۇپ تېلېفون بەردى تۈرمىگە.
دىدى: ماڭا كەلتۈرۈڭلار مەھبۇسنى،
ئۆزەم بۇندا ئۇنى سوراق قىلماقچى.
ئىگە بولماق مۇمكىن بولار ئىقرارغا،
بەلكى ئۆزەم بولسام قەتئى سوراقچى...



× ×

كىشەن بوغۇق شاراقلىدى بۆلمىدە،
ھامىد ئېغىر سەنتۈرۈلۈپ كىرگەندە.
كۆردى جەڭچى، ئولتۇراتتى مىبلدا،
سىرىق يۈزلۈك، قىرى، ئورۇق بىر بەندە.
قات قاپاقسىز، يىرتىق، يېشىل كۆزلىرى،
باقار ئىدى ئەلەمزادە، پەرىشان.
ئەكس ئېتىپ تەشۋىش، روھى تارقاقلىق،
سۈس ۋە ھارغىن كۆرۈنەتتى ئۇ ئىنسان.
كۆرۈنەتتى كىچىككىنە ۋە خۇنۈك،
فورما پەلتۇ ئۇنى پىنھان ئېتەتتى.
تىترەيتتى پاپىرۇس تۇتقان قوللىرى،
پاپىرۇستىن چىققان ئىسمۇ تىترەيتتى.
ئۇ تۇتقۇننى كۆرۈپ تۇردى ئورنىدىن،
بىسەرەمجان بولۇپ ئاڭا زەڭ سالدى،
قوللىرىنى ئالماشتۇرۇپ كەينىدە،
ھەريان ماڭدى ۋە ھامىدنى ئايلاندى.
كۆزلىرىگە كەتتى بىر پەس كۆرۈنۈپ،
زىياپەتكە بېسىپ كىرگەن پارتىزان.
تونالمىدى، بولغان ئىدى ئۆزگىرىش،
پارتىزاننىڭ يۈز - كۆزىگە ئۇيۇپ قان.
قەد كۆتىرىپ تۇرار ئىدى ئالدىدا،
ئىگىز بويلۇق، نوچا ئەرەپ گەۋدىسى.
ياردىلىرى كۆرۈنەتتى قىپ - قىزىل،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىدە، سەسكەندۈرۈپ شازارنى
كۆرۈنگەندەك ئېچىلغان تاغ لەيلىسى.
قاپلىغاندى بىـۇدرە، قارا ساقاللار،
يۇمىلاق ۋە بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىنى.
ئۆسكىلەك ۋە قوشۇما قاشلىرى،
قىسىپ تۇرار ئىدى قەتئىي كۆزىنى.
كۆكرىكىگە تەككەن قامچا ئىزلىرى،
يول - يول بولۇپ كۆرۈنەتتى قانتالاش.
كۆزلىرىدە، سەسكەندۈرۈپ شازارنى
يېنىپ تۇرار ئىدى سوغۇق يالتىراش.
قىش كېچىسى ئاي شولىسى چۈشكەندە،
شۇنداق سوغۇق، جىمىرلايدۇ يېڭى قار.
ئاتلىق جەڭچى بىلىكىدە قىلىچنى،
قىلىچ نۇرى شۇنداق سوغۇق يالتىرار.
كۆرگەن شازار مۇنداق نەپرەت نۇرىنى،
قىساس ساقلاپ يۈرگەن ھەر بىر ئەرەنە.
ئۇ دۇچ كەلگەن ئەر - ئاياللار، باللار،
باقار ئىدى شۇنداق سوغۇق نەپرەتتە.
پۈتۈن بەستى زەنجىرلەنگەن تۇتقۇندا،
ئاشۇ نۇرنى كۆردى شازار بۇ دەم ھەم.
دورا يىدى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ،
كۆرۈنمەكچى بولۇپ تىنچ ۋە بەردەم.
ئولتۇردى ئۇ بېرىپ سىتول كەينىگە،
پاپىرۇس چېكىپ سۆزسىز قالدى ئۇزاققا.
قەغەزلەرنى ئاستا - ئاستا ۋاراقلاپ،
كېيىن بىردىن ئۆتتى سوئال - سوراققا.



شازار:

ياخشى كىشى، نېمە ئۈچۈن دۆلەتكە،
يەتكۈزمەكچى بولدۇڭ خەۋپ، زەرەرلەر؟
ساڭا ئوخشاش تېرور ئەھلى تۈپەيلى،
تەھلىكىدە قالدى زېمىن، شەھەرلەر...

ھامىد:

قاراقچىنى تەقىپ قىلار ئىنتىقام،
شۇنداق خەۋپتە ئۆتەر كۈنۈڭ سېنىڭكى.
سۆز ئاچمىغىن زېمىن بىلەن شەھەردىن،
زېمىن بىزنىڭ، دۆلەت ئەمەس بىزنىڭكى.
قاراقچىدىن تالانغانلار ھەرقاچان،
ئاتلىنىدۇ شۇنداق قىساس ئېلىشقا.
چاڭگىلىڭدا قالدى بىزنىڭ ئانا يەر،
كۆتىرىلدۇق ئۇنى ئازات قىلىشقا!...

شازار:

ياخشى كىشى، غالىپلارنى بىھۇدە
قاراقچى، دەپ سۆز ئاتىسەن نېمىشقا؟

ھامىد:

غالىپ ئىمىش!......
بۇ سۆزۈڭگە جاۋابەن،

هاجەت بولدى مۇنداق مىسال ئېلىشقا:
قەدىم چۆلدىن بوز يەر ئاچتى بىر كىشى،
ئاۋات قىلدى ۋە باشلىدى تېرىشقا؛
بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر بولۇپ،
چۆل باغرىدىن ئۆستەڭ چاپتى، سۇ ئاچتى.
ئېكىن ئەكتى، ئۈنۈپ چىقتى، زىرائەت،
ياۋايى بوز گۈللەر بىلەن ئۇچراشتى.
جاپا چېكىپ كىسەك قۇيدى بىر - بىرلەپ،
ياغاچ تېپىپ سالدى قورا، قورغانلار.
كۆچەت تىكىپ قىلدى ئۇندا باغ بىنا،
يېشىل سۇمبۇل يايدى باغۇ - بوستانلار.
ئۈمىت بىلەن ئۆتۈپ ئۆمرى مېھنەتتە،
هاياتىنى سەرپ قىلدى يېرىگە.
ئىزىلىنىشى، هالال تەرى ئارقىلىق،
ئىگە بولدى تىرىكچىلىك كۈنىگە.
گۈللەندۈردى بۇ سەمىمى ئەمگەكچى،
ئىنسان ياشاپ كۆرمىگەن بوز - دالانى.
ئاتا ئۆلدى، داۋام قىلدى نەسىللەر،
بولدى بۇ جاي زىمىن ئۆزرە ماكانى.
سادا بەردى ئۇندا يىللار، ئەسىرلەر،
هايات ئۈنى، ئوغۇللارنىڭ نەيلىرى.
سادا بەردى گۈللۈك بۆشۈك يېنىدا،
ئانىلارنىڭ ئېيتقان مۇڭلۇق ئەللىيى.
سادا بەردى، تولۇنئايلىق كېچىلەر،
شوخ مۇھەببەت قوشاقلىرى، پىچىرلاش.
سادا بەردى توي ناغرىسى ۋە سۇناي،



جەم بولغاندا خوشنا - خولۇم، قېرىنداش.
سادا بەردى گۆدەكلەرنىڭ قىقاسى،
ياڭراپ تۇردى شاتلىق ئۈنى هەم پات - پات.
سادا بەردى دەرتلىك هازا قوشىقى،
كۆتىرىلىپ يىغا ئۈنى هەم پەريات.
تىرىكچىلىك مورىسىدىن چىققان ئىس،
يەڭگىلگىنە لەيلەپ تۇردى كۆك سىرى.
قويلار مەرەپ، توسۇن ئاتلار كىشنىدى،
ۋە خورازلار چىللاپ كەلدى تاڭلىرى.
قىش كۈنلىرى مېھمان بولدى ئاق تۇمان،
ياز كۈنلىرى جۇلا يايدى مەجنۇنتال.
بۇ قورادا ئۆتتى شۇنداق هاياتلىق،
سادا بېرىپ مۇسىبەتلىك ۋە خوشال.
بەرپا بولدى ئۇندا مەڭگۈ ئىگىلىك،
ئەۋلاتلارنىڭ مىراسلىرى، هوقۇقى.
لېكىن كۆزى چۈشۈپ جايغا يات بىرى،
دەۋا قىلدى مېنىڭكى، دەپ بار - يوقى.
ئۇ يىراقتىن كېلىپ نەيزە - قىلىچلىق،
بولسا ئۇنى بىردىن تارتىپ ئالماقچى،
بۇ كىشىنى نېمە دەيمىز ئەپەندى؟

شازار:

هىم ... ئەلۋەتتە دەيمىز ئۇنى قاراقچى.

هامىد:

سەن خورمىنى بىلسەن شىرىن پىشىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنى دىخان پەرۋىش قىلىپ كۆكلەتتى.
كۆيۈپ - پىشىپ ئوغۇت بەردى، سۇغاردى،
ھالال مېھنەت تەرى بىلەن گۈللەتتى.
كۆزەت قىلدى ئۇنى تۈنلەر ئۇيقۇسىز،
قۇياش بولۇپ يورۇق بەردى تاڭلىرى.
خورما پىشتى قىزىرىپ ۋە مېزىلىك،
خوشاللاندى دىخان ھەمدە باللىرى.
پەيدا بولدى قوراللانغان يات بىرو،
ۋە خورمىنى دەۋا قىلدى مېنىڭ، دەپ.
قان يىغلىتىپ قوغلىۋەتتى دىخاننى،
بۇ خورمىدا ھەققىڭ بارمۇ، سېنىڭ؟ دەپ.
ئىككەي كۆچەت، قىلماي مېھنەت، مىۋىگە_
ئىگە بولدى بۇ زومىگەر، چاتاقچى.
بۇ كىشىنى نىمە دەيمىز ئەپەندى؟

شازار:

ھىم ... ئۇنىمۇ دەيمىز شۇنداق قاراقچى.

ھامىد:

شۇنداق ئىكەن، پەرقىڭ نىمە سېنىڭكى،
تارتىۋالساڭ ئەرەپلەرنىڭ يېرىنى؟
قۇرۇپ ئۇندا قاراقچىلىق دۆلىتى،
بىزنىڭكى، دەپ ئېلان قىلساڭ ئېلىنى؟



شازار:

بۇ باشقا گەپ! قايتىپ كەلدۇق بىز پەقەت
ئەجدادىمىز ئۆتكەن قەدىم زىمىنغا.
كۆچۈپ كېلىپ جەم بولۇشقا باشلىدۇق،
دۆلەت قۇرۇپ ئورۇنلاشتۇق ئۇنىڭغا.
يازمىلار بار ئىككى مىڭ يىل مۇقەددەم،
پەلەستىندە ئۆتكىنىمىز توغرىلىق.
رىم باسقۇنى بولغان زامان، بۇ يەردىن
ۋەيران بولۇپ كۆچكىنىمىز توغرىلىق.
ئۇلۇغ يەھيا نەزەر قىلىپ بۇ يەرگە،
بىزگە ماكان بولسۇن دىگەن ھاياتتا.
يەھۇدىلار ۋە پەلەستىن ھەققىدە،
قەسىدىلەر كۆيلىنىدۇ تەۋراتتا.
پەلەستىننىڭ بىزگە مىللى ئائىلە،
بولغىنىغا بولار ئىسپات ئەمەسمۇ؟
ياخشى كىشى، قېنى ئېيتىپ كۆرگىنە،
قايتىپ كېلىش — تارتىۋېلىش ئەمەستۇ؟

ھامىد:

قايتىپ كېلىش؟ ...
سۆز چىقىدۇ ھەرقانداق،
ئۇنۇتقاندا ئادالەتنى، ئىنساپنى.
بۈگۈن مۇندا ئىناۋەتكە ئالار كىم،
ئىككى مىڭ يىل مۇقەددەمكى ھېساپنى؟

ئۇ زاماندا قەبىلىلەر، خەلقلەر،
كۆچكۈن بولۇپ يۈرگەن شۇنداق تەنتىرەپ،
ئىنسانىيەت ھايات ئىزلەپ كېزەتتى،
كۆچمەنلەرگە ماكان ئىدى ھەر تەرەپ.
قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر ئىچىدە،
بولۇپ تۇرار ئىدى قانلىق تالاشلار.
بىر ماكاننى ئىگەللىسە بىر خەلق.
يۈز بېرەتتى بەزەن ئۇنى تاشلاشلار.
ياۋروپاغا كۆچۈپ سىېنىڭ قەبىلەڭ،
ئەللەر ئارا تاپقان ھايات يوللىرى.
سىڭىپ كەتكەن تۈرلۈك خەلق ئىچىگە،
شۇلار بىلەن ئوخشاش بولغان تەقدىرى.
نەدە ئۆتكەن بولساڭ ئۇزاق ئەسىرلەر،
شۇ بولىدۇ ۋەتىنىڭمۇ، ئېلىڭمۇ.
قايسى دولەت زېمىنىدە ياشىساڭ،
ئانا ئېلىڭ بولار ئۇ يەر سىېنىڭمۇ.
ئۇ كەچمىشنى تالاش قىلسا دۆلەتلەر،
جەڭ - جىدەللەر بىلەن كۆپ قان بولمامدۇ؟
بىر تارىخىي ئاخماقچىلىق يۈز بېرىپ،
يەر شارىمىز قانلىق ماكان بولمامدۇ؟
پەلەستىندە ئىككى مىڭ يىل مابەينى،
يىلتىز يېيىپ ياشاپ كەلدى ئەرەپلەر.
ۋەتەن قىلىپ قۇرۇپ چىقتى بۇ يەرنى،
دەۋر بويى قىلىپ مېھنەت، ھەركەتلەر.
پەيدا قىلدى بۇندا ئۆلكە، ۋادىلار،
ئۆزلەشتۈرۈپ چۆلنى، يېقىن - يىراقنى.



سەھرالاردا بىنا قىلدى شەھەرلەر،
قۇرۇپ چىقتى سانسىز يېزا - قىشلاقنى.
بوز يەر ئاچقان دىخان كەبى تەر تۆكۈپ،
بىنا قىلدى يەر ۋە ماكان، مەملىكەت.
يەھۇدىلار ئۇ چاغ بۇندا بولمىدى،
مۇندا مېھنەت قىلغىنى يوق تارتىپ دەرت.
بېسىۋالدى كېلىپ پەقەت قوراللىق،
بۇڭا نېمە دېمەكچىسەن سەن ئەمدى؟
تارتىۋالساڭ كىشىلەرنىڭ مۈلكىنى،
قاراقچىلىق بولماي نېمە ئەپەندى؟

شازار:

قانچە ئېيتقىن ياخشى كىشى ھىچقاچان،
بىزگە سۆپەت بولمايدۇ بۇ ئىبارە.
دۆلەت قۇرۇپ ئەجدادىمىز ئۇ زامان،
پەلەستىننى قىلغان ئىدى ئىدارە.

ھامىد:

تارىخ بويى كىملەر دۆلەت قۇرمىغان،
ئۆز يېرىدە ياكى ئۆزگە يېرىدە؟
تالىمىدى كىملەر بېرىپ كىملەرنى،
كىملەر زۇلۇم چەكمىدى كىم ئىلكىدە؟
باسقۇنچىلار قۇردى دۆلەت، سۇلالە،
خەلقلەرنى بېسىپ ئېلىپ يۈرۈشتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۈگۈن دۇنيا ئاستىن - ئۈستۈن بولدۇ،
بۇ تارىخنى قىلساق ئەگەر سۈرۈشتە.
قەدىمىي رىم سۇلالىسى، بىلسەن،
باسقىن قىلىپ تۆككەن ئىدى تالاي قان.
باشقا ئەللەر زېمىنىگە كېڭىيىپ،
ئۈچ قىتئەدە بولغان ئىدى ھۆكۈمران.
ئۇنىڭ بولغان ئىدى پۈتۈن ياۋروپا،
ئىگەللىگەن پۇنت، پىرگامنى، بالقاننى.
بېسىۋالغان ئوتتۇرا شەرق يېرىدە،
سۈرىيەنى، پەلەستىننى، لىۋاننى.
بېسىپ كىرىپ كارفاگېنغا، مىسىرغا،
خوجايىنى بولغان زېمىن، سۇلارنىڭ.
ئوتتۇرا دېڭىز ئۇزاق ئەسىر داۋامى،
ئىچكى كۆلى بولغان ئىدى ئۇلارنىڭ.
بولغان رىمغا مۇستەملىكە ئۆلكىسى،
بۇ جايلاردا ھازىر ھايات دۆلەتلەر.
گېرمان، رومان نەسىللىرى بولغان قۇل،
مەھكۇم بولغان ماكېدونلار، ئەرەپلەر.
بۈگۈن ئەمدى ئىتالىيە دۆلىتى،
بۇ جايلارغا بولالامدۇ دەۋاگەر؟
يەر يۈزىدە ئىناۋەتكە ئالار كىم،
بۇ زېمىنلار مېنىڭ دېسە ئۇ ئەگەر؟
بىلسەڭ كېرەك، ئىسكەندەرمۇ بىر زامان،
قۇرغان ئىدى بۇندا دۆلەت، سۇلالە.
ئىستىلاچى ماكېدونلار ئىلكىدە،
قۇللۇق تارتقان نۇرغۇن خەلق، ئاھالە.



شۇ تۇپەيلى گرېتسىيە زېمىن دەپ
سۆز ئاچسۇنمۇ ئەرەپكە ھەم بالقانغا؟
قىلسۇنمۇ ئۇ ھۆكۈمرانلىق دەۋاسى،
ئافغانىستان، پاكىستان ھەم ئىرانغا؟ ...

شازار:

ئىناۋەتكە ئالما مەيلى ئۆتكەننى،
بۈگۈن ئەمدى بۇ يەر بولدى كىمنىڭكى؟
قۇرۇۋالدى مىللى ماكان خەلقىمىز،
بىنا بولدى دۆلىتىمىز بىزنىڭكى.
يىگىرمە يىل بولدى مەھرۇم قالدىڭلار،
بۇندا قەدىم ئۆلكىلەردىن، سۇلاردىن.
ئورۇنلاشتى ۋادىلارغا، شەھەرگە،
يەھۇدىلار كۆچۈپ كېلىپ دۇنيادىن.
يېڭى زېمىن ئۈچۈن بېرىپ قۇربانلار،
قەد كۆتەردى مۇندا ئىسرائىلىيە.
مەغلۇپلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىدە،
ئىشقا ئاشتى دۆلەتچىلىك ۋە غايە.
ياشاش ئۈچۈن چېگرالارنى كېڭەيتىپ،
ھەربى ھەركەت ئېلىپ باردۇق بىز جانلىق.
پەلەستىننى بىزنىڭ قىلىپ قويمامدۇ،
بۇ تارىخىي، رەت قىلغۇسىز رىياللىق؟

ھامىد:

رەت قىلدۇ ئۇنى ئۆلمەس ھوقۇقلار،
مۇستەملىكە رىياللىقى بۇ جاناپ.

ئىشغالىيەت — ئەمەس ئىگىلىك ھوقۇقى،
باسقىنلارنى قىلماس دۇنيا ئېتىراپ.
زوراۋانلىق پەيدا قىلار ئىسيانىنى،
مۇستەملىكە — ئازاتلىققا ھامىلدار.
زاۋال تېپىپ يوق بولىدۇ تارىختىن،
باسقۇنچىلىق ئېلىپ بارغان قاتىللار.
مەھكۇم خەلق مۇستەقىللىق تاپىدۇ،
مەيلى ئۆتسۇن يىللار بىلەن ئەسىرلەر.
ئەللىرىنى قۇتقۇزىدۇ قوللۇقتىن،
ئويغىنىشقا ئىگە بولۇپ نەسىللەر.
ئۆزگىلەرنىڭ ئېلى باسقىن سەۋەبىدىن،
كەلگىندىلەر ئېلى بولۇپ كەتمەيدۇ.
ئۆزگە جايلار ئۆتكەن ۋاقىت تۇپەيلى،
باسقۇنچىلار يېرى بولۇپ كەتمەيدۇ.
ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولار بەربىر،
مۇستەملىكە بولغان جايلار، ماكانلار.
سۇنماس ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلايدۇ،
مۇستەملىكە، بۇلاڭ - تالاڭ بولغانلار.
زېمىندىكى ۋۇلقان كەبى بۇ ھوقۇق،
پەيدا قىلىپ تۇرار ھامان تەۋرەشلەر.
قىساس، ئۆلۈم ئېلان قىلىپ باسقىنغا،
يۈز بېرىدۇ سەلتەنەتلىك كۆرەشلەر.
بىلسەڭغۇ دۇنيا ئارا بۇ ئەسىر،
تالاي ئەللەر ئىگە بولدى ئەركىگە.
نىجات بەردى يېڭى، مىللىي دۆلەتلەر،
مۇستەملىكە بولغان تالاي ئۆلكىگە.



ئۆزى كەلگەن ھاكىملارنى جايلاردىن،
قوغلاپ چىققان ئاشۇ ھوقۇق ئەمەسمۇ؟
ئەرك تاپقان خەلقلەرنى قۇتلىغان،
شۇ ھوقۇقتىن چىققان يوروق ئەمەسمۇ؟
شۇنداق ئىكەن، يەھۇدىلار باسقىنى،
بۇ كەچمىشتىن بولالامدۇ تاشقىرى؟
شۇنداق ئىكەن ساڭا زېمىن بېرەمدۇ،
بۇندا يېنىپ تۇرغان ۋولقان تاغلىرى؟

شازار:

مۇستەملىكە تارىخىدىن سۆز ئېچىپ،
ياخشى كىشى، قىلما بىزگە ئاھانەت.
ئېيتقانلىرىڭ باشقىلارنىڭ قىلمىشى،
باسقىنلارغا ئائىت ئەمەس بىز پەقەت.
باشقىلاردىن زۇلۇم كۆرگەن خەلقنى،
باسقۇنچى دەپ تەرىپلىمە تەسكىرى.
ئەجدادىمىز مىليونلاپ قىرىلغان،
پەلەستىنگە كىرگەندە رىم لەشكىرى.

ھامىد:

ئۇ قارشىلىق قۇربانلىرى ھۆرمىتى؛
بولالمايدۇ بۈگۈن سىنىڭ ھۆرمىتىڭ.
نەسىبىگە قىلدى ئېغىر ئاھانەت،
جاھانگىرلار پۇشتى بولۇپ دۆلىتىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇددى رىملىق نەسەبىڭنى قىرغاندەك،
ئەرەپلەرنى قىرغىن قىلدىڭ سەن بۈگۈن.
زورلۇق قىلىپ مىليون - مىليون خەلقنى،
ھەر تەرەپكە قوۋغىن قىلدىڭ سەن بۈگۈن.
رىم چاپقۇنى يەھۇدىلار تەرىپىدىن،
پەلەستىندە بۈگۈن قايتا ئوينالدى.
مۇستەملىكىچى يەھۇدىلار قىلىچى،
ئەرەپلەرنىڭ قېنى بىلەن بويالدى.
گويا گۈللەر ئۆسۈپ تۇرغان بوستاندا،
قۇرغاق دالا يانتاقلىرى كۆكەردى.
تارىخىدا زۇلۇم كۆرگەن خەلقتىن،
يېڭى زۇلۇم قىلغۇچى باش كۆتەردى.
شۇڭا بۈگۈن پەلەستىنلىك دەستىڭدىن،
خارۇ - زاردۇر ۋە تارتماقتا كۈلپەتلەر.
رىمغا قارشى بوۋىلىرىڭ مىسالى،
ساڭا قارشى كۆتىرىلدۇق ئەرەپلەر.

شازار:

نىمە كەلمىش ئەرەپلەرنىڭ قولىدىن،
كۈچ ئەمەسقۇ نالە - پەريات، قاخشاشلار؟
ۋەتەن تېپىپ بىرلەمدۇ سىلەرگە،
پارتىزانلىق ۋە بىھۇدە تالاشلار؟
تۆمۈر يىلتىز يايدۇق يېڭى زېمىنغا،
دۆلىتىمىز ئەمەس بۈگۈن ھېچ ھالسىز.
قانداق رەقىپ بولالىسۇن ئەرەپلەر،
ئارمىيىسىز، زامانىۋى قورالسىز؟...



ھامىد:

مۇساپىرلار — سانسىز كىشىلىك ئارمىيە،
ۋە جەڭچىدۇر زۇلۇم تارتقان ھەربىر جان.
پەلەستىننىڭ ھەقلىق مىراسخورلىرى،
قورقۇنۇچلۇق رەقىبىڭدۇر ھەرقاچان!
دۆلىتىڭنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ،
يەر يالقۇنى كەبى يانار بىر ھوقۇق.
تۆمۈر - تەسەك غالىپ ئەمەس ئادەمدىن،
كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن زور قورال يوق.
غەزەپ ئوتى بىلەن نەپرەت بورانى،
گۈكىرەيدۇ بولۇپ ئۆچمەس بىر سادا.
قۇدرەت بىلەن پارتىلسا قەلبلەر،
ئاجىز قالار ھەممە ئۇنىڭ ئالدىدا...

شازار:

ئامېرىكا بار بىزگە تاغدەك يۆلەنچۈك،
دۈشمىنىمىزغا مەدەت ھەمدە خالاسكار.
تۇرغان چاغدا ئۇ جاھاننى تىزگىنلەپ،
ئاقار دەمسەن مۇنداق دەۋا - تالاشلار؟

ھامىد:

ئۈگىتىلگەن قۇشى بولسا ئوۋچىنىڭ،
كېيىكنىڭمۇ بار نىجاتچى خۇداسى.

سائا مەدەت بولسا تەنها ئامېرىكا،
بىزگە مەدەت ھەققانىيەت دۇنياسى!

شازار:

جانىغا زەرەر، كۆپ بىھۇدە پىكىرلەر،
كىرىپ قاپتۇ مەھبۇس سېنىڭ كاللاڭغا.
ئەخمەقانە ئۇرۇنۇشتىن نىمە نەپ؟
ھەزەر ئەيلە، خىلاپ كەلمە زامانىغا!
ئىقرار بىلەن چىققىن مۇندىن قۇتۇلۇپ،
ھەم ئۆزەڭنى جازالاردىن خالاس قىل.
دۆستلىرىڭنى تۇتۇپ بەرگىن بىر - بىرلەپ،
ئۇلار نەدە، كىملەر؟ بۇنى ئېنىكاس قىل!
تۆۋەنامە يېزىپ بەرگىن ھەم يەنە،
بۇنىڭ بىلەن قويىۋېتەي مەن سېنى.
شەھرىمىزدە تىنچ پۇخرا بولۇپ قال،
ۋە دىنارغا كۆمۈۋېتەي مەن سېنى.
دىنار دېمەك ھەممە نەرسە ھاياتتا،
ئۇنىڭ بىلەن ئۆتەلەيسەن باياشات.
خۇش راھەتتە ئۆتسۇن تېپىپ كۈنلىرىڭ،
ھاياتىڭغا غۇربەتچىلىك بولار يات!

ھامىد:

قانداق، سېنى قالدۇردۇممۇ نائىلاج،
مۇنازىرەڭ بارمىدىغۇ ئۇزاققا؟



خىيال قىلما چۈشەردىكىن دەپ ئەمدى،
ئالتۇن بىلەن قورغان گۈزەل قىلتاققا!
مەن ئەمەسمەن دۈشمىنىڭگە تىز پۈكۈپ،
سەپداشلىرى، دوستلىرىنى ساتقۇچى.
مەن ئەمەسمەن بەدەل قىلىپ ۋىجداننى،
خائىنلارغا مەخسۇس تۇرمۇش تاپقۇچى.
دوستلىرىمنىڭ قېنى بىلەن بويالغان،
قۇللۇق نېنى ماڭا زەھەر بولىدۇ.
ساتقىن ھايات، ئاھانەتلىك رەزىل كۈن،
ئۆلگەندىنمۇ بەلكى بەتتەر بولىدۇ.
پۇل — خۇداسى ئەمەس ھەممە ئىنساننىڭ،
سېرىق مېتال ھەممە پەقەت سەن ئۈچۈن.
مېنى جەلپ قىلالمايدۇ دىناردىك،
ئۇ زاۋاللىق بەلگىسىدۇر مەن ئۈچۈن!
ئۇنىڭ رەڭگى كۈز غازىڭىغا ئوخشايدۇ،
شامال بىلەن چۈشكەن ئۇچۇپ شىلدىرلاپ.
ئۇنىڭ ئاجىز، سىل كېسەلدەك تۇسىدە،
ئەكس ئېتەر ئۆلۈم بىلەن ئىزتىراپ.
كۈزگى غازاڭ يالىڭاچلاپ دەرەختنى،
ۋادىلارنى كۆپ زەپىران ئېتىدۇ.
ئۈستەڭلەردە قالار موزغا چاپلىشىپ،
كوچىلاردا ئادەم دەسسەپ ئۆتىدۇ.
قاندىن كەلگەن دىنارىڭنى مەن سېنىڭ،
خۇددى شۇنداق ئۆلگەن غازاڭ كۆرىمەن.
كىشەنلەنگەن جاراھەتلىك پۇت بىلەن،
ئۇنى مەغرۇر بېسىپ - دەسسەپ ئۆتىمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شازار:

مەھبۇس، سۆزلەر قىلدىڭ ئەركىن، بىمالال،
مەن سوراقنى ئېلىپ بارسام مۇلايىم.
ئاداققى رەت قىلماقچىمەن تەۋسىيە،
ئەھۋالىڭنى ئۇنۇتمىغىن سەن دائىم!
قارا ئەنە، پۇت - قولۇڭدا كىشەنلەر،
ئۆزۈڭ تۇتقۇن، ئىختىيارىڭ مەندىدۇر.
ئۇچالمايسەن، بوقۇشلانغان قاناتىڭ،
تەقدىر - كۈنۈڭ، بەلكى جانىڭ مەندىدۇر.
مەن خالىسام يامان بولار كۆرمىشىڭ،
يوق بولسەن پارچە - پارچە گۆش بولۇپ،
ھۆتىمە - تۆشۈك ئەيلىگەيمەن نەيزىلەپ،
ئۆرتىگەيمەن بېزىن چىپچىپ، ئوت قويۇپ.
ۋە ئىتلارغا تالاتقايمەن جىسمىڭنى،
ياكى ئاستا تۇغرىغايمەن جادۇدا.
مەن خالىسام ئۆلۈك تېنىڭ شۇ ھامان،
پۇلاڭلىغاي يەھۇدىلار دارىدا.
ھاياتىڭدۇر بۇ دەم قىلىچ ئاستىدا،
گۈزگۈم يايدى ساڭا ئۆلۈم ئاخشىمى.
بىلگىن بۈنى، كۆرگىن بىر پەس ئويلىنىپ،
ئازراق ئېيتقىن ئاقمايدىغان ناخشىنى!
ئېغىز ئېچىپ تۇرغان ئەجەل غارىدىن،
ئىقرار بىلەن كېتەلەيسەن ئاتلاپلا.
نىمە ھاجەت تىرىكلىكنى تەرك ئەتمەك،
ئەزىز جاننى قىيىنغۇچى ئازاپلار؟



ھامىد:

قاراقچىنىڭ كەسپى تۈندە يول توسماق،
قان تۆكۈشتۇر قىلار ئىشى جاللاتنىڭ.
شۇنداق ئىكەن، ھەيران قالار يېرى يوق،
سەندىن كەلمىش ئۆلۈم بىلەن ئازاپنىڭ.
ئېگىلمەيدۇ ھەرگىز مەغرۇر بېشىمنى،
سەن ئۈمىتتە بولغان ۋەھشى چارىلار.
سەن بىلەمسەن، جاننى تىكىپ چىققان بىر،
پەلەستىنگە يەتكەن چاغدا بۇ ئازار.
ۋەتەن ئەركى ئەلا بىزگە جاندىنمۇ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن شات جان بەرسە ئەرزىيدۇ.
ۋەتەن ئانا! ئۈچۈن ئوغلانلار،
قانلار تۆكۈپ قۇربان بەرسە ئەرزىيدۇ.
ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەشتىكى ئەرەپلەر،
بېغىشلىغان ھاياتىنى، ھەممىنى.
شۇنداق ئىكەن، يەنە مەغلۇپ قالىسەن،
مەيلى ئۆلتۈر، مەيلى چاپقىن سەن مېنى!
مەن ياتىمەن ئۆلسەم مەڭگۈ جاي ئېلىپ،
ئانا يەرنىڭ مېھرى ئىسسىق باغرىدا.
ئورۇن ئالار قەۋرەم بولۇپ مۇبارەك،
ئاتا - بوۋا ياشاپ ئۆتكەن ۋادىدا.
قۇزغۇنلاردىن قىلار تۇپراق ھىمايە،
.......................................
ياۋلىرىغا تىز پۈكمىگەن گەۋدەمنى.
ياز ئوتلىرى ئۈنۈپ چىقىپ ئۈنىگدىن،

ئەزىز بىلىپ ئوراپ ئالار قەۋرەمنى.
ئەۋلاتلىرىم تىككەن كۆچەت: شاخ يېيىپ،
مەقبەرەمنى يېپىپ پىنھان ئېتىدۇ.
ئاق بۇلۇتلار ئۇچۇپ كېلىپ دېڭىزدىن،
تامچە - تامچە يامغۇر تۆكۈپ ئۆتىدۇ.
يوپۇرماقلار ئارا گۈزەل سوزۇلۇپ،
ئالتۇن قۇياش يورىتىدۇ ھەم ئۇنى.
پەلەستىننىڭ شامالىرى يىراقتىن،
كەلتۈردۇ گۈلەرنىڭ خۇش ھىدىنى.
دەھشەتلىكرەك بولار سېنىڭ ئۆلۈمىڭ،
ھەق جازادىن قۇتۇلماققا ھەددىڭ يوق.
چۈنكى مۇندا مېنىڭ جايىم ئىدى، دەپ،
قەۋرە قېزىپ ئالغۇدەكمۇ يېرىڭ يوق.
جەسىدىڭگە ئىگە چىقماي ئاخىرى،
كۆمۈلمەستىن قالار بەلكى جەڭگاھتا.
چۈنكى سېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەللىرىڭ،
بۇ ماكاندىن قالغان بەكمۇ يىراقتا.
كۆزلىرىڭنى قارا قۇزغۇن چوقۇيدۇ،
ۋە قوڭغۇزلار يۇرەر سېنى چۆگىلەپ.
سۆڭەكلىرىڭ پارچىلانسا سارغىيىپ،
چۆمۈلىدەر كېزەر ئۇندا ئۆمىلەپ...

شازار:

.....................

سوغۇق، ئاجىز تىترەك باستى شازارنى،
چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقتى تەر.



ئۆلۈم كۈنى جىلۋە قىلىپ ئالدىدا،
قورقۇنۇچقا سالدى ئۇنى ھەم بەتتەر.
زەئىپ ئەسەپ يىپلىرىنى تىترەتتى،
چىرىك جەسەت تۇغرىسىدىكى ئىبارە.
ئۇ سوراقنى تۈگىتىشكە ئالدىراپ،
گۇندىپايغا قىلدى دەرھال ئىشارە.
تۇرار ئىدى ھامىد تىنچ كۆزىتىپ،
ئالاقزادە بولغان ئورۇق بەندىنى.
ئۇ بىلەتتى شۇ دەم قانداق تەسىرات،
ۋەھىمە ئارا قويغىنىنى ھەم ئۇنى.
تەسادىپىئەر شۇنداق ئەجەپ بولىدۇ،
ئۇ شازارنى تونالمىدى سوراقتا.
زىياپەتتە بولۇپ ئۆتكەن قىسقا جەڭ،
ۋاقىت ئۆتۈپ قالغان ئىدى ئۇزاقتا.
تارتۇق ئىدى يۈزلىرى بۇ جاناپنىڭ،
تۇپراق چېقىپ قويغان ئاقۇش قاپاقتەك.
ئولتۇراتتى قارشىسىدا تىترەپ،
قوچاق كەبى، كىچىككىنە ۋە پىتەك.
يانچۇغىدىن پاپىروسنى ئىزلەيتتى،
تىترەپ تۇرغان سېرىق قولى ئارقىلىق.
شۇ ھالىدا تېخى سۆزلەر قىلىدۇ،
ئەرەپلەرگە دەۋا قىلىپ ھاكىملىق.
كۆرۈپ ئۇنىڭ مەسخىرىلىك ھالىنى،
ھامىد بىردىن كۈلۈپ كەتتى قاقاھلاپ.
يامغۇر كۈنى بولدى چاقماق كۈلگەندەك،
بۇلۇت ئارا ئاۋاز بېرىپ ۋە چاقناپ.

ئۇنى چاپسان ئېلىپ كەتتى بۆلمىدىن،
چۇقان سېلىپ قورقۇپ كەتكەن گۈندىپاي.
شازار چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتى ئورنىدىن،
ۋە ئويلىدى! چوقۇم قەتل قىلدۇراي!
قارا ئۇنى! تېخى ئۇنىڭ ئۇستىدىن،
سوراق پەيتى كۈلەلەيدۇ بىمالال.
نىبە ۋاپا قالمىش بۈگۈن زاماندىن،
تۇتقۇن شۇنداق سوراقچىنى قويسا لال؟
ئىقبال نىبە بولماق ھەممە ئەرەپلەر،
ئاڭا ئوخشاش ئويلىسا ۋە سوزلىسە؟
نىمە بولماق يەھۇدىلار دۆلىتى،
بارچە ئۇنىڭ زاۋالىنى ئىزلىسە؟
يوق بولمامدۇ پان يەھۇدى ئىشلىرى،
رول ئوينىسا تۇتقۇن دىگەن بايانلار؟
مۇنداق سۆزلەر ئەلگە سېلىپ غۇلغۇلا،
باشلانمامدۇ ئۆچ ئالغۇچى ئىسيانلار؟
ياق، ياق... مۇنداق يامان ئويلۇق كاللىنى،
قىلىپ قويۇش كېرەك پىكىر قىلالماس.
مۇنداق كاللا قالسۇن تۇپراق تېگىدە،
قويالمىسۇن يەنە پاكىت ۋە ئاساس.
مۇنداق تىلنى كېسىپ تاشلاش پايدىلىق،
ئۇندىن سۆزلەر چىقالمىسۇن ئوت بولۇپ.
ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن يامان تۇتقۇننى،
ئېسىپ قوياي مەيدان ئارا دار قۇرۇپ.
بىرى ئۆلسە ئەيمىنىدۇ قالغىنى،
بەلكى زەرەر يەتكۈزەلمەس ھەم چۆچۈپ.



قونالمايدۇ يەرگە تىرىك قۇشلارمۇ،
ئۆلۈك قۇشنى قىلىپ قويسا قارانچۇق"،
پاپىرۇسنى ئىزلەپ تاپتى ئاخىرى،
تۇتاشتۇردى ئۇنى شازار ئويلىغاچ.
ئارام تاپتى، كۆتىرىلگەن ئىس ئارا
كۆزلىرىگە ئايان بولۇپ دار ياغاچ...

× ×

چاقىرىپ ئېلىپ زۇلپىقارنى باشلىقلار،
بەردى مۇھىم، پارتىزانچە بىر بۇيرۇق.
جەڭ ھاياتى شۇنداق، يىگىت ئالدىدا —
قۇچاق ئاچتى سەپەر بوران - جۇدۇنلۇق.
شىتابىغا ۋەدە بەردى زۇلپىقار،
يولغا چىقتى ھازىرلىنىپ ئۇ تولۇق.
قىران جەڭچى مەنزىل ئالدى يىراقنى،
ئۇنى ئالغا يېتەكلىدى يولبۇرۇق.
بولۇپ ئېلىپ ئىش ئىزلىگەن سەرگەردان،
يوللار كېزىپ سەپەر قىلدى قۇددۇسقا.
تەشنا ئىدى ئازاپتىكى پەلەستىن،
يېڭى - يېڭى گۇرۇپپىلار قۇرۇشقا.
لازىم ئىدى بىرىپ ئىزلەپ تېپىشى،
ئالاقىسىز قالغانلارنى ئۇ ئۇندىن.
يەھۇدىلار تۇتۇپ كەتكەن ھامىدنى،
قۇتقۇزۇشى لازىم ئىدى تۇتقۇندىن.
— سىنىڭ ئاتاڭ، — دىگەن ئىدى باشلىقلار،

پەلەستىنىنىڭ سادىق ئوغلى، كۆز نۇرى.
ئۇ ئەل ئۈچۈن سەرپ قىلدى ئۆمرىنى،
جەڭدە ئۆتتى ئۇنىڭ ھايات يوللىرى.
نەسىللەردە بولمىش ۋەتەن تەقدىرى،
زىننەت تېپىپ يەر كۆكرەر ئەر بىلەن.
سادىق ئەرگە ئەركىن مەيدان ئانا يۇرت،
قىممەت تېپىپ ئەر ئەزىزدۇر يەر بىلەن.
ئوتقا ئوخشاش يېنىپ ئۆتەر ئەرلەردىن،
ۋەتەن ھايات كۈچى ئالار بەخۇدۇك.
يەپ - ئىچىپلا ئۆتمىش ئاچكۆز بەندىلەر،
بولار ئاڭا ھاقارەت ۋە يامان يۈك.
نومۇسسىز ئەل ساتقىنلىرى تۈپەيلى،
ئانا زېمىن سەسكىنىدۇ، قاخشايدۇ.
سادىق ئەرلەر سۆيەر ئانا ئېلىنى،
ئانا ئەل ھەم سادىق ئەرنى ئاسرايدۇ.
خۇددى ئۇلۇق ئېقىنلارغا بېرىپ يول،
تاش قىرغاقلار ئاسرىغاندەك دەريانى.
قىرغاقلىرى بولغاچ دەريا سوزۇلۇپ،
گۈل - گۈلىستان قىلار ئۆلكە، دالانى.
سېنىڭ ئاتاڭ خۇددى شۇنداق ئەرلەردىن،
مۇنداق ئەرلەر كىشەن بىلەن قالمىسۇن!
قۇتقاز ئۇنى! ئۇنىڭ ئوتى زۇلمەتتە،
يەنە ئالتۇن شولا چېچىپ پارلىسۇن...
بۇ سۆز سىڭدى زۇلپىقارنىڭ قەلبىگە،
سىڭگەن كەبى تۇپراققا ياز يامغۇرى.
ياش قەلبتە ئوتلۇق تۇيغۇ قوزغىدى،



ئاتا ئۈچۈن بولغان ئوغۇل غۇرۇرى.
ئۇ سۈكۈتتە ياتقان تاغلار ئىچىدە
جىلغىلاردىن ئۆتتى، كۈنلەپ يول ماڭدى.
دولقۇنسىمان قەدىم تاغلار زەنجىرى،
ئۇنىڭ قەدەم تاۋۇشىدىن ئويغاندى.
يېقىنلاشقان كۈزدىن خەۋەر تارقىتىپ،
بېشى ئۆزرە ئۇچۇپ ئۆتتى تۇرنىلار.
بۇلۇتلارنى لەپىلدىتىپ ياغلىقتەك،
ئاق يول تىلەپ قالدى مەغرۇر چوققىلار.
يېشىل ئورمان جانلىقلىرى ئۇزاتتى،
بۆك دەرەختلەر ئارىسىدىن مارىشىپ.
ئاق گۈل بولۇپ چاقناپ قارا دۇردۇنغا،
قالدى كېچە يۇلتۇزلىرى قارىشىپ.
تۈن كۆكىدە كۈلۈمسىرەپ يېڭى ئاي،
ئۇنىڭ ماڭار يوللىرىغا نۇر چاچتى.
كۆز ئالدىدا ئۈمىتەك يېيىپ كەڭلىكلەر،
يەر جامالى ھەر خىل بولۇپ ئالماشتى.
سالقىن بەردى بەزەن چۆللەر دەرىخى،
شامال بىلەن يېيىپ يېشىل يايلىنى.
ۋە بۇلاقلار تەكلىپ قىلدى مۇزدەك سۇ،
ئۆرتىنگەندە ئۇزاق دەشتلەر يالقۇنى.
ئۇ بەزىدە كەزسە دەريا بويىدا،
بەزەن چەكسىز قۇملۇقلاردا ئاداشتى.
بەزەن ئۆتۈپ تۇمانلىقلار ئىچىدىن،
كۈلۈپ تۇرغان گۈللەر بىلەن ئۇچراشتى.
مۈزلۈك سايلار سادا بېرىپ شاقىراپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ قالدى ئۇنىڭ جۇشقۇن ئەكسىنى.
ئۇنىڭ تولقۇپ تۇرغان خىيال كۆچىدىن،
قۇدرەت ئالدى بەزەن جىرا كەلكۈنى.
تاغ تاشلىرى شاراقلىدى ئاستىدا،
ئېنەپ يۈرگەن يىرتقۇچلارنى ھۆركىتىپ.
يېقىنلاشتى ئاخىر يىگىت مەنزىلگە،
سەپەر بىلەن تۈنلەر ئۆتۈپ، كۈن ئۆتۈپ.
يىرۇسالىم گۈمبەزلىرى كۆرۈندى،
چەكسىز تۈزلەڭ ئۇپۇقىدا يىراقتىن.
ماشىنلار، يولاۋچىلار توپلىرى،
ئاڭا ئېقىپ بارار ئىدى ھەر ياقتىن.
قەدەم ئالدى يىگىت ئاڭا خاتىرجەم،
پەشمىتىنى تاشلاپ مەغرۇر يەلكىگە.
ئارىلىشىپ ئىش ئىزلىگەن توپ بىلەن،
كىرىپ كەتتى زۇلۇم، ئىسيان شەھرىگە.

× ×

شازار قارار قىلىپ قەتل ھۆكمىنى،
ئىجراسىغا تۇتۇنمىدى بىراقلا.
ئۆمىتلىنىپ، ئاخىرقى رەت تۇتقۇنغا،
ئۇيۇشتۇردى يېڭى قىيىن - قىستاقلار.
ساي تاشلىرى بولار قاتتىق، يۇمۇلاق،
لېكىن ئۇرسا كۈكۈم - تالقان بولىدۇ.
ۋە پولاتمۇ قالسا بولقا زەربىدە،
ئىتائەتلىك خېمىرسىمان بولىدۇ.



ئىرادىلىك ئىنسان جېنى قاتتىق ئۇلاردىن،
زەربىلەردە پۈكۈلمەيدۇ ھېچقاچان.
تاشلىمايدۇ ئوڭاي قەيسەر ۋۇجۇتنى،
ھالال ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن جان.
ئۆلۈم بىلەن كەلدى ھامان ئېلىشىپ،
جاراھەتلىك ھامىد يېتىپ تۇرمىدە.
داۋام قىلدى ئۇنىڭ روھى ھاياتى،
ئۈمىت، خىيال ۋە ھاياجان ئىلكىدە.
ئىسسىق كۈنلەر ئۆتۈپ سالقىن كۈز كەلدى،
شامال ئۇرار بولدى كىچىك روجەكتىن.
ئۇچۇپ دېڭىز تۇمانلىرى سىرتتا،
قۇيدى يامغۇر تۈكۈلگەندەك چېلەكتىن.
تۇرار بولدى تاشقىرىدىن ھامىدقا،
قاغىلارنىڭ تاراقلىشى ئاڭلىنىپ.
روجەك بىلەن يامغۇر چۈشۈپ كامىرغا،
چېچىلاتتى ئۈنچىلەرگە ئايلىنىپ.
قانچە تەشنا ئىدى سوغۇق تامچىغا،
قىزىپ كاۋاپ بولۇپ ياتقان بۇ ۋۇجۇت.
بېسىلاتتى نەپەس ئېلىپ سالقىندىن،
ئۇنىڭ يارا جىسمى ئۆزرە يانغان ئوت...

× ×

يامغۇر بۇلۇتلىرى ئۇچۇپ يۈرىدۇ،
يىرۇسالىم ئاسمىنىدا تەنتىرەپ.
ئېغىر، ئەسىرىي سۈكۈت بىلەن تۇرىدۇ،

مۇناربلار ۋە قۇببىلەر كۆك تىرەپ.
بەزەن چاقماق يانار بۇلۇت ئىچىدە،
كوچىلارنى يورىتىدۇ يالتىراش.
تىرىكچىلىك داۋام قىلار شەھەردە،
ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئەسەبى ۋە ئالدىراش.
بۇلۇت باسقان كەمبەغەللەر مەلىسى،
نامرات هايات ئۇنى بىلەن جانلىنار.
قىڭغىر - قىيسىق كوچىلاردا، ئۆيلەردە،
بۇلۇت كەبى لەيلەپ يۈرەر قايغۇلار.
هاسىل قىلىپ پاتقاق، ئەگرى يوللارنى،
سوزۇلىدۇ دۇكانلار ۋە رەستىلەر.
تىيىنلارغا ئالمىشىدۇ ئۇلاردا،
نان، تۇز، كوكتات كەبى لازىم نەرسىلەر.
بىر خارابە دوخمۇشىدا رەستىنىڭ،
قەد كوتەرگەن تامغىچىنىڭ دۇكانى.
ياغاچ بوتكا — قىرى، تەنها ئەرەپنىڭ،
ئىشلەيدىغان، ياشايدىغان ماكانى.
تاقاپ ئېلىپ كونا، يوغان كۆزەينەك،
سۆڭەك ئويۇپ ئولتۇرىدۇ ئاقساقال.
ئۇ ئىشىغا پىششىق كىشى، خىلمۇ - خىل —
يېزىقلارنى ئويالايدۇ بىمالال.
ئۇ هۈنەرۋەن مويسىپىدى شەهەرنىڭ،
شۇ شەهەردە تۇغۇلغان ۋە ياشىغان.
هەر خىل بولۇپ ئۆتكەن ئۇزاق ئۆمرىنى،
هۈنەر، مۇشكۈل مېهنەتلەرگە ئاتىغان.
ئاشخانىدا چايچى بولۇپ ئىشلىگەن،



ئۇ ئېسىنى بىلگەن كۈدەك يىللىرى.
يېتىم ئىدى، قىشنىڭ سوغۇق تۈنىدە،
چۈشەك بولغان ئىدى ئوچاق كۈللىرى.
خوجايىنلار، خېرىدارلار ئىچىدە،
مېهنەت چېكىپ ئۆتتى ئۇنىڭ كۈنلىرى.
ئۈستى ئاستا، كۆكلەپ گۇرۇستاندىمۇ،
هايات تاپقان كەبى كۆكلەم گۈللىرى.
مال توپىدا ئۆسكەن يېتىم قوزىدەك،
ئەل ئىچىدە ئۆسۈپ باردى يىل سېرى.
مالايلىقتا تېخى كۆپ ياش دىلىگە،
ئورناپ قالدى ئاشپەزچىلىك هۈنىرى.
بولدى كېيىن تۆمۈرچىگە شاگىرت،
يىللار بويى ئۇردى ئېغىر بازغانلار.
كېيىن بولدى سىرچى، تامچى، سۇۋاقچى،
ۋە قۇيمىچى بولۇپ قۇيدى قازانلار.
تۈرلۈك هۈنەر بىلەن ئۆتتى هاياتى،
ئۆمۈر بويى كۆردى پەقەت مۇشەققەت.
هۈنەرنىڭ تاپتى ئۆتكەن يىللاردىن،
تاپالمىدى يورۇق كۈنلەر ۋە شەپقەت.
ئۇنىڭ تۆككەن هالال مېهنەت تېرىنى،
ئەل ياۋلىرى قىلدى تالان ۋە تاراج.
بىر پەشمىتى ئىككى بولۇپ باقمىدى،
ئۆمۈر بويى ئۆتتى نامرات ۋە مۇهتاج.
باشلانغاندا باسقۇنچىلىق ئۇرۇشى،
كوچىلاردا ئېقتى ياساپ ئاقتى قان؛
كۆز ئالدىدا قىرغىن بولدى ئەرەپلەر،

قانلىق دەمدە ئۆلدى جۈپتى قەدىردان.
تۆمۈر تىرناقلىرى بىلەن رودۇپاي،
چىرماپ ئالدى ئۇنىڭ ئانا شەھرىنى.
شۇندىن بېرى بۇ ھاياتتا ھېچنەرسە،
ئاچالمىدى بوۋاينىڭ دىل بەھرىنى.
يالغۇز ئوغلى كېتىپ قالدى چەتئەلگە،
قۇلچىلىقتا ياشىماقنى بىلىپ ئار.
بوۋاي يېتىم قالدى ياغاچ بوتكىدا،
تىرىكچىلىك قىلدى ئويۇپ تامغىلار.
قېرىغاندا قىيالمىدى شەھرىنى،
ئۇنى بۇندا تۇتۇپ تۇردى بۇ ھۈنەر.
ھالسىرىتىپ قويدى يىللار بوۋاينى،
قول مېھنىتى بىلەن ئۆتتى ئاي - كۈنلەر.
خەۋەر ئالدى ئاتا ئاخىر ئوغلىدىن،
ئەۋج ئالغاندا مۇساپىرلار چېلىشى.
سۈرىيەدە ئىكەن ئوغلى پارتىزان،
ماقۇل كەلدى ئاتا ئۇنىڭ بۇ ئىشى.
سۈرىيەدىن كەلگەن مەخپى جەڭچىلەر،
سالام ئېلىپ ئىزلەپ تۇردى بوۋاينى.
بوتكىسىنى ئايلاندۇردى قورغانغا،
ئالاقىلىشىش ئورنى قىلدى بۇ جاينى.
مەخپى ئىشقا ئەزا بولدى بوۋاي ھەم،
تۈتەپ قالدى ھايات ئوتى يېڭىدىن.
بولدى چېلىش بالىلىرىغا ئۇ ئاتا،
ئۈمىدلىنىپ پارلاق زەپەر تېڭىدىن.
كەچمىشلەرنى ئەسلەپ بوۋاي دۇكاندا،



ئىشلىمەكتە خىيال سۈرۈپ ئوي ئويلاپ.
كەچمۇ كىردى، ئىشتىن چۈشتى خالايىق،
كوچىلاردا قالدى كىشى نۇرغۇنلاپ.
ئۇپۇق يورۇپ بۇلۇتلارنىڭ كەينىدە،
كەچكى قۇياش نۇرى بولدى نامايان.
تۇمان ئارا گۈلگۈن قىلدى ئاسماننى،
ئۆلۈۋاتقان بىر كۈن چېچىپ قىزىل قان.
چاي دەملىدى بوۋاي ئىشنى توختىتىپ،
ۋە كوچىغا باقتى شۇ دەم خىيالچان.
ئۆتەر ئىدى توپ - توپ نامرات ئىشچىلار،
ئۆتكەن كەبى شۇنداق ھەر كۈن، ھەر قاچان.
قايتار ئىدى ئۇلار قان ۋە تەرىنى،
ئالماشتۇرۇپ كۈنلۈك قارا بولكىغا.
تاڭدىن بېرى ئىشلەپ تېپىپ ئوزۇقلۇق،
كۈتۈپ تۇرغان قىزىغا ۋە ئوغلىغا.
قايتار ئىدى بولكىلارسىز يانغىنى،
ساڭگىلىتىپ ئېغىرلاشقان بېشىنى.
كۆزلىرىگە دۇنيا قارا كۆرۈنۈپ،
ھارغىن دەسسەپ، ئاققۇزۇشۇپ يېشىنى.
ئېزەر ئىدى ئۆيلىرىدە ئاچ كۈتكەن —
بالىلىرىغا نېمە دەيمەن دېگەن غەم.
ئەتراپىغا باقار ئىدى ئۈمىدسىز،
دىللىرىنى گۇمران قىلىپ دەرت - ئەلەم.
يىرتىق - ياماق ئىدى ئۈستى ئۇلارنىڭ،
خالتىلىرى پۇلاڭلايتتى قوپ - قۇرۇق،
چىرايلىرى ئىدى تۈنگە مۇپتىلا،

يىرۇسالىم ئاسمىنىدەك بۇلۇتلۇق.
شەھەر بولۇپ قالدى بوغۇق شاۋقۇنلۇق،
ۋە پويىزلار سادا بەردى ئۇزاقتىن.
شۇ دەم ئۇيچان بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا،
بىر ياش يىگىت پەيدا بولدى تۇساتتىن.
ئۇ بوۋايغا سالام بەردى مۇلايىم،
قاراپ چىقتى چىچەن، سەگەك كۆز بىلەن.
شاگىرتلىقتا تەكلىپ قىلىپ ئۆزىنى،
ئىش سورىدى تونۇش مەخپىي سۆز بىلەن.
باش كۆتىرىپ بوۋاي ئاڭا كۆز سالدى،
سوراپ كۆردى ئۆزى نەلىك، كىم ئېتى؟
يىگىت كۈلۈپ تۇرار ئىدى مەنالىق،
يەلكىسىدە ئىدى يازلىق پەشمىتى.
دالا چېچىكى قونغان ئىدى بەستىگە،
كەلگەن كەبى ئىدى سەھرا يولىدىن.
سوئاللارغا جاۋاپ بەردى ۋە چالا —
سالام ئېيتتى سۈرىيىدىكى ئوغلىدىن.
بوۋاي خۇشال بولۇپ قالدى ئالدىراپ،
ۋە مەرھەمەت ئىزھار قىلدى ئوغلانغا.
كىرىپ كەلدى يىگىت قەتئىي، ئىشەشلىك،
قوچاق ئاچقان كىچىككىنە دۇكانغا.

× ×

كۈگۈم بەخش ئەتكەندە تۈن كامىرغا،
تۆمۈر ئىشىك سادا بەردى جالاقلاپ.



دەپتەر ئېلىپ كىرىپ كەلدى تىرگاۋچى،
ئۆلۈم ھۆكمى ئېلان قىلدى ۋالاقلاپ.
تەھدىت ئۇنى بىلەن دىدى ھامىدقا:
مەھبۇس، سېنى ئەتە تاڭدا كۈتمىش دار!
گەر ئىقرارغا كەلسەڭ ئۆلۈم ئالدىدىن،
شۇبھىسىزكى ئۆزگىرىدۇ بۇ قارار...
سوراپ قويدى كېيىن بولۇپ سىپايە،
— قىزدىغى بارمۇ قارا يەرگە كىرگەنىڭ؟
مەسخىرىلىك كۈلكە بولدى جاۋاۋى،
ۋە غەزەپلىك شاراقلىشى كىشەنىڭ.
تىرگاۋچىنى ۋەھىمە باستى، كامىرنى —
تەرك ئەتمەكنى ماقۇل كۆردى ئۇ ئويلاپ.
ئالدىرىدى كارىدورغا چىقماققا،
ۋە ئىشىكنى قويدى يەنە قۇلۇپلاپ.
ئۆلۈمنى جاكالىغان بۇ خەۋەر،
قىلچە تەسىر كۆرسەتمىدى ھامىدقا.
گويا تەسىر قىلمىغاندەك سۇ سېپىش،
بوران ئارا لاۋۇلدىغان بىر ئوتقا.
يېقىن ئۆلۈم قوزغىمىدى ھاياجان،
زىل-زىلىگە كەلتۈرمىدى ھەم ئۇنى.
پەقەت جىلۋە قىلىپ ۋەتەن جامالى،
ئاستا-ئاستا ئىگەللىدى قەلبىنى.
ئەزىز، ئۇلۇغ كۆرۈنىشلەر تەۋرىنىپ،
پەيدا قىلدى ئۇندا مېھىر، شان ھىسى.
ئويلاپ چىقتى ئۇ پەلەستىن توغرىلىق،
ئەڭ ئاداققى بولغان ھايات كېچىسى.

كۆز ئالدىدا گۈزەل ئەرەپ ۋەتىنى،
گويا روشەن شەكىل ئالدى سۈرەتتەك.
ئوتتۇرا يەر دېڭىزنىڭ شەرقىدە،
ساھىل بويلاپ ياتقان ئىدى ئۇ ئېتەك.
خۇددى پالما يوپۇرمىقى ئىدى ئۇ،
يەر ئۈستىدە ياتقان ئۇزۇن، غايەت زور.
خوش تاۋلىنىپ تۇرغان ياشناپ - كۆكىرىپ،
ئەتراپىغا چېچەپ مەڭگۈ يېشىل نۇر.
كېزىپ ئۆتكەن مۇھەببەتلىك بۇ ئەلنى،
جەك يىللىرى تۇتقۇن مەخپى ھەركەتتە.
ئۇنىڭ ئىللىق جامالىغا جەك ئوغلى،
باققان ئىدى مۇھەببەتتە ۋە دەرتتە.
تونۇش ئىدى ئاڭا قەدىم كەڭ يۇرتلار،
ئانا ئەلنىڭ ۋادىلىرى، تاغلىرى.
تەشنا بېقىپ يۈكسىلەتتى نەزىرى،
قات - قات بولۇپ ياتقان ئىدىر - تاغ سىرى.
شۇ دەم گاللىل ئىگىزلىگى كۆرۈندى،
خىيال يانغان كۆزلىرىگە ئۇنىڭكى.
تۆپىلىكلەر ياتقان ئىگىز - پەس بولۇپ،
ۋە ئورمانلار رەڭدار ئىدى ئۇندىكى.
ئۇندا پەيدا قىلغان جۇشقۇن جانلىنىش،
پادا قويلار يامراپ جىلغا - ئوتلاقتا.
ۋە ئېقىنلار تاغ - تاشلاردىن تېپىپ يول،
شوخ شاقىراپ ئالدىرايدۇ ھەر ياقتا.
چەكسىز قۇچاق ئېچىپ بولادى ھەم ئايان،
جەنۇپتىكى كەڭرى نېگىپ سەھراسى.



ئارام ئېلىپ ياتقان مەڭگۈ تېچلىقتا،
شالاڭ كوكات، ئالتۇن قۇملار دۇنياسى.
ئۇندا بەزەن ياساپ جالىلىق مۇنارە،
دەشت شامىلى تازا قۇمنى ئويناتقان.
ۋە ئەسىرىي ئۇيقۇسىدىن بەزىدە،
كارۋانلارنىڭ قوڭغۇرىقى ئويغاتقان.
يېقىن ئىدى سەھرا ئۇنىڭ قەلبىگە،
بىلىنەتتى ئاۋات يۇرتتەك، چۆل ئەمەس.
چۈنكى ئۇندا كەڭ ھۆرلۈكنى ھىس قىلغان،
ھاۋاسىدىن ئالغان قېنىپ ئۇ نەپەس...
دېڭىز قىرغاقلىرى بويلاپ يېيىلىپ،
ئېكىنزارلار پەيدا بولدى ئالدىدا.
گويا توزنىڭ قۇيرىغىدەك يېيىلىپ،
جەۋلان قىلدى گۈل - گۈلىستان ۋادىلار.
تازىم قىلدى ئاڭا، كۆككە ئىنتىلگەن
خۇش قامەتلىك باشاقلىرى بۇغداينىڭ.
قۇلىغىغا ئاڭلانغاندەك تۇيۇلدى،
بۇغدايلىقتا سايراشلىرى تورغاينىڭ.
ئاھ، ئۇ كۆپ - كۆك، باغرى كەڭرى دالالار،
شامال چىقسا دولقۇن بولۇپ تەۋرەيتتى.
باقساڭ چاقناپ كېتەر ئىدى كۆزلىرىڭ،
كۆركى دىلنى قانچە مەپتۇن ئېتەتتى!
يىراق دېڭىز مەلىسىدە ياش يىگىت،
ئېتىزلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.
ئىشتىن قايتىپ، ئوت - چۆپ بېسىپ ھارۋىغا،
قۇملۇق دالا يوللىرىدىن كېلەتتى.

ھارۋۇدىكى يېشىل دالا ئوتلىرى،
چاچار ئىدى ئېتىز ھىدى، خۇشپۇراق.
باقار ئىدى يېگىت، يېقىن ئەتراپتا —
كۆكلەپ تۇرار ئىدى تېرىق ھەم پۇرچاق.
قىزغۇچ پۆپەك يېيىپ كۆممە قوناقلار،
تۇرار ئىدى ھامان كۆككە باققاندەك.
ئاپتاپپەرەس قاتارلىرى ئېچىلىپ،
كۆرۈنەتتى ئالتۇن تاجلار تاققاندەك.
پاختىزاردا خۇشخۇي ئەرەپ دېھقىنى،
يۈرەر ئىدى توپا يېرلەپ، سۇ قۇيۇپ.
كۆكتاتلىقتا قارا كۆز ئەرەپ بالىلىرى،
قىزىلچىلار كولىشاتتى بىر بولۇپ.
مەلە ياقتا قويۇق خورما باغلىرى،
كۆرۈنەتتى كۆتىرىلگەن بولۇتتەك.
ئۈزۈمزارلار قاپلىۋالغان قىرغاقلار،
كۆرۈنەتتى تامام يېشىل بىر يۇرتتەك.
بۇ مەنزىرە بارا-بارا كېڭەيدى،
نېگىزتىن تا كاللىغىچە سوزۇلۇپ.
تەسەۋۋۇردا بولدى يېشىل بىر لېنتە،
دېڭىز بىلەن كەتكەن گويا قوشۇلۇپ.
ئىگىزلىكتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ بۇ لېنتە،
ئىئوردانىنىڭ بويلىرىغا ئورناشتى.
تاشلىق، قۇملۇق قىرغاقلارنى ئىگەللەپ،
تۇرۇپ قالدى، بىر-بىرىگە تۇتاشتى.
يېشىل بوستان ئېكىنزارلار ئېچىدىن،
ئانا دەريا ئېقىپ ئۆتتى شاقىراپ.



غۇلاچ يايدى ئۇنىڭ كۈمۈش ئېقىمى،
سامان يولى كەبى ئاپپاق يالتىراپ.
پۈتۈن ئېلى شۇنداق ئېنىق كۆرىنىپ،
تۇتقۇن قەلبى تاپتى يورۇق ۋە ئاپتاپ.
يارىلانغان لەۋلىرىنى تىترىتىپ،
ئۇچۇپ چىقتى شۇ دەم ئوتلۇق بىر خىتاب:
ئاھ، پەلەستىن! ۋەتىنىم سەن سۆيۈملۈك،
ئايان بولدۇڭ ماڭا ئۆلۈم كېچىسى.
گويا ۋىدا ئەيلەپ سېنى كۆرسەتتى،
قانات ياساپ ئۇچۇپ خىيال جىلۋىسى.
ئوغلانىڭغا بېرىپ گويا رازىلىق،
قارىشىمدا پەيدا بولدۇڭ مېھرىۋان.
پەيدا بولدۇڭ سەكراتتىكى ئوغلىڭغا،
سۇ تېمىتقان كەبى ئانا جانىجان.
كۆرۈنسەن ماڭا تازا ۋە گۈزەل،
بولۇپ گويا كۆكتىن چۈشكەن پەرىزات.
مايىل بولۇپ قەدىم دېڭىز بويىغا،
ئەتراپىڭغا يايغان كەبى سەن قانات.
شۇ جازىبەڭ، گۈزەللىگىڭ تۈپەيلى،
دەۋر بويى نۇرغۇن بولدى ياۋلىرىڭ.
ئۇچۇپ كەلدى ساڭا قەۋر قۇشلىرى،
قوزغۇنلارنى جەلپ قىلدى باغلىرىڭ.
جەلپ قىلدىڭ گويا ھەسەل ھىدىدەك،
قاراقچىلار كەلدى بولۇپ ھاشارەت.
كەلدى شۇنداق قاپلاپ قارا قاناتلىق،
پەيدا قىلىپ غۇربەتچىلىك، جاھالەت.

www.uyghurkitap.com

باسقۇنچىلار ئۆكسىمىدى ئىز بېسىپ،
كۆرۈپ سېنى نېمەت تولا دەستىخان.
گويا سېمىز قوزا كۆردى بۆرىلەر،
بوغۇپ-غاجاپ قىلماق بولدى ئۈستىخان.
بۈگۈن مانا ۋەتەنسىزلەر قوشۇنى،
جامالىڭغا ئۆمۈچۈكتەك تور تارتتى.
ۋەيران قىلىپ، قوغلاپ-سۈرۈپ خەلقىڭنى،
سېنى يېتىم پەرزاتقا ئوخشاتتى.
سۆلۈك بولۇپ قانلىرىڭنى شورىدى،
ياۋ قولىدا بولدۇڭ مالاي ۋە دىدەك.
دەرتلىك دىيار، شۇ تاپ مېنىڭ كۆزۈمگە،
كۆرۈنسەن زەنجىرلەنگەن ئانىدەك.
مەھكۇم ئانا! تاڭ پەيتىدە سەن ئۈچۈن،
پاك جىسمىمدىن تۆكۈلگۈسى قىزىل قان.
ئوغلۇڭمەنكى ئاق سۈتۈڭنى ئاقلايمەن،
ئەركىڭ ئۈچۈن ياۋ قولىدا بېرىپ جان.
كەتمە خىيال كۆزلىرىمدىن يىراقلاپ،
ئىچ-باغرىمنى ئايان ئېتەي مەن ساڭا.
ئۆمۈر بويى ئارزۇلىغان، ئويلىغان
ئويلىرىمنى بايان ئېتەي مەن ساڭا.
سۆيگەن شېرىن ئارزۇلىرىم مېنىڭكى،
بولسۇن ساڭا بېغىشلىغان مۇناجات.
مەن ئۈمىتتە بولغان كۈنگە يەتكەندە،
ئەسلىگەيسەن سۆزلىرىمنى قىلىپ ياد.
شۇ ئۈمىتلەر ئۈچۈن دادىل چېلىشماق،
بولدى مېنىڭ پۈتۈن ئۆتكەن ھاياتىم.



سۆزلەپ ئۆتەي بۇ ئاخىرقى سائەتلەر،
نىمىلەرنى ئويلار ئىدىم مەن دائىم.
ئويلار ئىدىم، پاچاقلانسا زەنجىرلەر،
قۇللۇق كۈندىن بولساڭ ئىدىڭ سەن خالاس.
مۇساپىرلار قايتىپ كەلسە باغرىڭغا،
كۈلسە ھايات، يالقۇنلىسا ئېھتىراس.
بولۇپ ئەسىرى ئىگىلىرىڭ قولىدا،
روناق تاپساڭ دۇنيا ئارا تىكلەپ قەد.
ئالغا باسار ئەركىن ئەللەر قاتارى،
ئىقبالىڭغا ئىلگىرلىسەڭ سەن ئەبەت!
تارىخ بولۇپ قالسا قۇللۇق تەقدىرى،
زامان بويى چەككەن جەۋرى-جاپالار.
چېچەكلىسە يەنە ئەرەپ گۈلشىنى،
مەنسۇپ بولسا مەڭگۈ سولماس باھارلار.
ئويلار ئىدىم ئوغلانلىرىڭ ئىچىدىن،
چىقسا قابىل يېتەكچىلەر، داھىلار.
تەقدىرىڭگە بولۇپ ئۇلار خوجايىن،
يات زۇلمىغا ئۇچراتمىسا زادىلا.
بولسا ئۇلار شىجائەتلىك، غەيرەتلىك،
گۈلخان بولۇپ ۋۇجۇدۇڭغا بەرسە ئوت.
پاراستى سەرپ بولسا ئەل ئۈچۈن،
قايغۇسىمۇ، شاتلىقىمۇ بولسا يۇرت.
مەۋھۇم تارىخ سەھرالىرى يولىدا،
بولالىسا چېچەن كارۋان باشلىغى.
ئاسمىنىڭدا قوياش بولۇپ نۇر چاچسا،
بولالىسا گۈزەل، كۆركەم ۋە سېخى.

كەلتۈرمىسە ساڭا ئاپەت، بولمىسا —
قارا يۈرەك ۋە ساتقىنلار ئەلىدىن.
ئۇنچە تۆكسە بولۇپ يامغۇر بۇلۇتى،
گۈللەپ تۇرساڭ ۋە ياشنىساڭ بەھرىدىن.
ئويلار ئىدىم، خەلقىڭ ياخشى كۈن كۆرسە،
مېھنەت قىلسا ئۇلار ئەركىن ۋە ئازات.
خار بولمىسا پارچە نانىنىڭ دەستىدىن،
ئۆتسە دائىم خوشال - خورام، باياشات.
ئويلار ئىدىم، ئوماق بۇدرۇق باللىرىڭ
يۈرمىسە دەپ جۇلدۇر - ياماق، خارۇ - زار.
كوچىلاردا سارغايمىسا نان تىلەپ،
كۆزلىرىنى قاپلىمىسا قايغۇلار.
مەنسۇپ بولسا غەمسىز باللىق كۈنلىرى،
مەكتەپلەردە بىلىم ئالسا، ئۆتسە شات.
ساغلام ئۆسۈپ قىلالىسا ۋارىسلىق،
ئۇلار بىلەن بولساڭ گۈزەل ۋە ئاۋات.
چىگاراڭدا تۇرسا قوغداپ ئەسكەرلەر،
سىنىڭ ئۇچۇن قالقان قىلسا يۈرەكنى.
ئۆز قوشۇنۇڭ مەرەملەردە سەپ تارتىپ،
مەيدانلاردىن ئۆتسە كېرىپ كۆكرەكنى.
ۋە باشقىلار... ئەمىنمەنكى ۋەتىنىم،
بولار سەندە مۇنداق بەخت كۈنلىرى.
تىلەكداشمەن جەڭ ئوتلىرى ئىچىدە،
ئىلگىرلىگىن ئاشۇ پارلاق كۈنسېرى!..



× ×

تۈن يېرىمىدىن ئۆتتى، شەھەر ئۈستىدە —
گىرەلەشتى قاراڭغۇلۇق ۋە بۇلۇت.
يۇمدى يورۇق كۆزلىرىنى يۇلتۇزلار،
ئايمۇ بىرپەس قالدى كۆكتە يوق بولۇپ.
كۈزگى يامغۇر سىمىلداشقا باشلىدى،
زۇلمەت ئارا ئىزلەپ تېپىپ زېمىننى.
سوغۇق شامال ئۇچۇپ كەلدى ھۇشقىتىپ،
يامغۇر، شامال ئىشغال قىلدى بۇ تۈننى.
تۈن چېچىنى يايدى بولۇپ قاپ - قارا،
گۈرۈلدىدى شامال بوغۇق ئۈن بىلەن.
كېسەل ئۇيقۇسى بىلەن ياتقان شەھەردە،
ئەجەل دارى قەد كۆتەردى تۈن بىلەن.
قەد كۆتەردى ئاسفالىتلىق كوچىدا،
تېلېگىرافلار تۆۋرۈگىدەك تىك بولۇپ.
ئەتراپىدا ئەمەلدارلار، ساقچىلار،
تۇرۇشاتتى شۇمشىيىشىپ، توپلىنىپ.
ھازىرلىغى پۈتكەن ئىدى، كۈتەتتى،
تېزدىن ئېلىپ كېلىنگۈچى مەھبۇسنى.
ئىش تۈگىتىپ ئۇخلىشىنى ئىستەيتتى،
خالىمايتتى بۇندا ئارتۇق تۇرۇشنى.
يامغۇر بىزار قىلار ئىدى ھۆل قىلىپ،
بەلكى شەھەر تۈنى ئىدى بىخەۋپلىك.
بۇ جازانى بىلىپ قالسا ئەرەپلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۇمان بولۇپ قالار ئەدى تىرىكلىك.
شۇڭا شازار تاڭ پەيتىنى كۈتەلمەي،
ئەنسىزلىنىپ بولغان ئەدى بىقارار.
پانا ئىزلەپ قاراڭغۇلۇق قوينىدىن،
كۆنى بىلەن ئورنىتىشتى ئۇلار دار.
دار تۈن ئارا كۆرۈنەتتى قارىيىپ،
غىچىرلىغان ئۈن كېلەتتى سىرتماقتىن.
شۇ دەم شامال بىلەن بىللە گۈكىرەپ،
ئاپتوموبىل ئۇنى كەلدى يىراقتىن.
بۇيرۇق بەردى شازار ئاستا، ساقچىلار
هازىر بولۇپ تارقىلىشتى يوللارغا.
هايال ئۆتمەي ماشىنىسى تۈرمىنىڭ،
پارتىزاننى ئېلىپ كەلدى ئۇلارغا.
ئاپتوموبىلدىن چۈشتى هامىد ۋە چىقتى،
سىرتماقنىڭ ئاستىدىكى سىتۇلغا.
قەد كۆتەردى مەغرۇر سىتۇل ئۈستىدە،
ۋە كۆزلىرى تولدى ئوتلۇق بىر نۇرغا.
ئېلان قىلدى شازار ئاجىز خىرقىراپ:
بەش مىنۇتقا ساڭا رۇخسەت ئېيتىمىز.
ئاچچىق ئۆلۈم ئالدىدىكى بەش مىنۇت...
ئويلاپ كۆرگىن، ئىقرارىڭنى كۈتىمىز!
كۈلۈپ قويدى تۇتقۇن، يارا جىسمىدا
زەنجىرلىرى سادا بەردى تەۋرىنىپ.
كۆز تاشلىدى ئاسمىنىغا ۋەتىنىنىڭ،
ۋىدالىق بىر نەزەر بىلەن تەلپۈنۈپ.
ئېلىپ قارا رومالىنى يۈزىدىن،



ئاي ئالدىراپ ئايان بولدى يىراقتا.
ئاي يۈزىدە كۆرۈنەتتى خىرە داغ،
ئۆرتەنگەندەك ئەدى گويا پىراقتا.
ئاي كەينىدىن بالقىپ چىقتى چولپانمۇ،
يېرىپ قويۇق بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى.
چاچراپ كەتتى شامال تەككەن ئوت كەبى،
يەرۇ - كۆكنى تۇتتى ئاپپاق يانغىنى.
يامغۇر توختاپ خىرە - شىرە بولدى كۆك،
ئاقىرىشقا مايىل بولدى كەڭ ئۇپۇق.
قارا سۈبھى تۇمانلىرى كەينىدە،
ئېلىشماقتا ئەدى زۇلمەت - يورۇقلۇق.
چىقىراتتى تېخى شامال، گويا تۈن —
تاشلىناتتى هەريان ئاچچىق تولغىنىپ.
تولغاق ئارا هاياتىغا يول تېپىپ،
يورۇق بىر تاڭ تۇغۇلاتتى نۇرلىنىپ.
ئويلاپ قالدى هامىد شۇ ئان، ئاھ تاڭلار!
تۇغۇلىدۇ شۇنداق تەستە، ئازاپتا.
لېكىن ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى مۇقەررەر،
ۋە پەسلىنى ئىگەللەيدۇ هاياتتا.
پەلەستىنگە شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ،
بولار ئەرك تەنتەنىسى، بايرىمى.
ئۇلۇق غەلىبە چوقانلىرى دولقۇنلاپ،
گۈكىرەيدۇ بولۇپ دېڭىز قاينىمى.
ئازات خەلق كوچىلارغا چىقىدۇ،
گويا هېيت كۈنلىرىدەك شات بولۇپ.
ئانا شەھەر يوللىرىدىن كېلىدۇ،

ئۆركەشلىنىپ، دەريا كەبى ئۇلغىيىپ،
تاۋلىنىدۇ گۈلدەستىلەر رەڭمۇ-رەڭ،
تارقىلىدۇ ئەجەپ خۇشبۇي پۇراقلار.
جەۋلان قىلىپ قۇببىلەرنىڭ ئۇستىدە،
ئاسمان ئارا لەپىلدەيدۇ بايراقلار.
داپ ياڭرايدۇ، كۆي تۆكىدۇ سۇنەيلەر،
ھاياجانغا چۇشەر قەلب ئەۋجىدىن.
گۈلدەك گۈزەل كۈلۈشىدۇ ئادەملەر،
تاڭ مىسالى كۆرىنىدۇ ھەممىدىن.
زەمبىرەكلەر ساليۇت ئېتىپ، شات تەبرىك —
بېغىشلايدۇ كۈلگەن زەپەر ئەھلىگە.
رەت-رەت بولۇپ ئۆتەر ئەرەپ قوشۇنى،
ئالتۇن كاكار تاقاپ ئېلىپ سەللىگە.
دار ئاستىدا تۇرۇپ كۆردى شۇلارنى،
مەھكۇم تۇتقۇن بېقىپ كۆككە، يىراققا.
شۇلار ئۇچۇن ئۆلمەك راھەت ئەمەسمۇ،
ۋە قولىنى ئۇزارتتى ئۇ سىرتماققا.
لېكىن شۇ ئان كوچىلارنى يورىتىپ،
پەيدا بولدى موتوتسىكلىت قاتارى.
تېزلىك بىلەن يېقىنلاشتى دار تامان،
يېتىپ كەلدى ئۇچقۇر شامال مىسالى.
ياغۇرلۇقلار كىيگەن يوچۇن كىشىلەر،
ئوراپ ئالدى، جىددىيلەشتى ھەر تەرەپ.
شازار ھەيران بولۇپ سوئال سورىدى،
قارشىسىغا چىقتى ئاستا تەنتىرەپ.
— ئالى سوتنىڭ ئادەملىرى بولىمىز...



دىدى ياش بىر ئوفىتسېرى ئۇلارنىڭ.
ئەپ كەتكىلى كەلدۇق يامان مەھبۇسنى،
تېخى ۋاقتى ئەمەس ئىكەن بۇ دارنىڭ.
باشلىغىمىز بەردى بىزگە كۆرسەتمە،
بالدۇر بوپتۇ مەھكىمىنىڭ قارارى.
كېچىكمەيدۇ دەيدۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈش،
لېكىن ھازىر مۇھىم ئىكەن ئىقرارى.
مانا ھۆججەت! دىدى سۇندى پاكىتنى،
ئالدى شازار، كۆرۈپ چىقتى تەپسىلى.
بېسىلىپتۇ ئاڭا سوتنىڭ تامغىسى،
تەنبىھ كەبى قاتتىق ئىدى گەپلىرى.
ئېھتىياتلىق بولۇپ لېكىن شۇندىمۇ،
كەلگەنلەرگە قاراپ چىقتى بۇ باشلىق.
ھەربىي قىسىم ئىدى ئۇلار تامامەن،
ئىچكى تەرتىپ ئىشلىرىغا قاراشلىق.
چاتاق يوقتەك... ھاسىل قىلدى ئۇ ئىشەنچ،
ئەپ كېتىڭلار! — دىدى قىلدى ئىجازەت.
تېخى ئۆمرى تۈگىمىگەن تۇتقۇنغا،
قاراپ قويۇپ تارتتى ئازراق خىجالەت.
دار ئاستىدىن چۇشۇرۇشتى ھامىدنى،
موتوتسىكلىتلار گۈرۈلدىدى، ئوت ئالدى.
غۇۋا شەھەر يوللىرىنى يورۇتۇپ،
قوزغىلىشتى ۋە نەزەردىن يوقالدى.

× ×

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئاچچىغلاپ،
جىك. شازارنى چاقىرىپ ئالدى ئالدىغا.

تاڭ ئالدىدىن بولۇپ ئۆتكەن سەۋەنلىك،
سالغان ئىدى ئۇنى ئېغىر قايغۇغا.
ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى شازار، تۇتقۇنىنىڭ
قۇتۇلغىنى توغرىسىدا گەپ ئاڭلاپ.
باقار ئىدى مىنىستىرغا ھاڭۋېقىپ،
يەلكىسىنى قىسىپ ھەمدە ئالاڭلاپ.
چىقىپ كەتكەن ئىدى دۆلەت ئىچىدىن،
نىقاپلانغان موتوتسىكلىتلار قاتارى.
بۇنىڭ بىلەن قالغان ئىدى ئېچىلماي،
قورقۇنۇچلۇق قىساسچىلار ئەھۋالى.
ۋاقىرايتتى، ئاچچىقلايتتى مىنىستىر،
ۋە ئاخىرى سالدى ئاڭا بىر كاچات.
شازار ناچار ئۇچۇپ چۈشتى زەربىدىن،
بۆلمە ئارا كۆتىرىلدى ئاچچىق دات.
خىزمەتچىلەر يۈگرەپ كىردى سىرتتىن،
ۋە مەھكىمە باشلىغىنى يۆلەشتى.
ئەيىپكارغا بولۇپ باشلىق پىسەندىسىز،
تېلېفوندا بىرى بىلەن سۆزلەشتى.
ۋە بۇرۇلۇپ باقتى يەنە شازارغا،
كۆزلىرىدىن ئۆچمەي يېشىل يالتىراق.
كاچات سالغان ئالقىنىغا بېقىپ سوغ،
سۇ سورىدى، يۇيدى ئۇنى ئۇ ئۇزاق.
خىزمەتچىلەر قورقۇپ كەتكەن شازارنى،
مەھكىمىگە قويدى بىللە ئەكىلىپ.
قولى ئىشقا يارماي ئۇنىڭ كەچكىچە،
ساپاسىدىن قوزغالمىدى ئەندىكىپ.



ئۇزاققىچە ئۇخلالمىدى شۇ كېچە،
سوغۇق تىترەپ ۋە ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ.
ۋەھىمىلىك خىياللاردا قىينالدى،
چۈشەك ئۆزرە بىسەرەمجان قوزغىلىپ.
كېسەل كەبى ھالسىزلىنىپ تەرلىدى،
ئاستا-ئاستا ئۇخلاپ قالدى تەر ئارا.
يامان چۈشلەر يايدى خىرە كۆرۈنىش،
ئايان بولدى يامغۇر تۈنى قاپ-قارا.
قوراللانغان قورقۇنۇچلۇق ئەرەپلەر،
تۇتۇپ ئېلىپ باغلىغانمىش شازارنى.
بۇلۇت، زۇلمەت ئارا ئېنىق كۆردى ئۇ،
سىرتمىغى پۇلاڭلىغان بىر دارنى.
قۇيار ئىمىش يامغۇر ئۇنى ھۆل قىلىپ،
شامال ئۇچار ئىمىش ئاچچىق چىقىراپ.
ئۇنى دارغا ئېسىپ قويدى ئەرەپلەر،
يەر-ئاسمان كەتتى شۇئان پىقىراپ.
ۋاقىرىۋىدى ئۇنىڭ ئۈنى چىقمىدى،
تىپىرلىدى سىرتماقتا بوغۇلۇپ.
كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى،
ھەممە نەرسە كەتتى بىردىن يوق بولۇپ.
ئاي دالادا ياتقان ئىمىش ئۇ ئۆلۈپ،
ئۆلگىنىنى بىلىپ، سېزىپ تۇرارمىش.
قاياقتىندۇر خوشال ۋە شۇم ئۈن بېرىپ،
قارا قۇزغۇن كېلىپ ئاڭا قونارمىش.
چوقۇلارمىش، گۆشلىرىنى يۇتارمىش،
تىتما-تالاڭ قىپتۇ ئۇنى بىر پەستە.

سۆگەكلىرى بويتۇ شۇئان يالىڭاچ،
قۇرۇت - قوڭغۇز غاجىلارمىش ھەۋەستە.
پەيدا بولۇپ چۆمۈلىلەر پادىسى،
باياۋاندىن كەلدى ئاڭا ئۆمىلەپ.
ئەكەتمەكچى بولۇپ ئۇنى ئىنىغا،
سۆڭەكنى ئاجرىتىشتى بىر - بىرلەپ.
كونا گۆردىن ئېچىلىپ قالغان جەسەتتەك،
سۆگەكلىرى ئىمىش ئۇنىڭ ساپ - سېرىق.
چۆمۈلىلەر ئېيىق كەبى زور بولۇپ،
سۆرىگەنمىش ئۆمىلەشلەر ئارقىلىق.
زىل - زىلىگە كەلدى بىردىن باياۋان،
چۆچۈپ چۈشتى شازار تونۇش سادادىن.
گۈلدۈرماما كەبى ئۇلۇغ گۈلدۈرلەپ،
تۇتقۇن ئۇنى كەلدى شۇ دەم ھاۋادىن:
— بارار يېرىڭ بويتۇ ئەنە نىھايەت،
ئاچ قوڭغۇزلار ئۆمىلىگەن باياۋان.
ئەي قاتىلنىڭ لەنەت تەككەن مۇردىسى،
شۇ بولدىمۇ ئېرىشكىنىڭ تۆكۈپ قان؟...
باياۋاندا پەيدا بولغان غايىپ ئۈن،
ئۆلگۈچىنى تېخى بەتتەر قورقاتتى.
قورقۇپ - قورقۇپ باقتى كۆككە، چاقماقلار —
ئالتۇن يىلان بولۇپ ئۇندا ياناتتى.
چاراقلايتتى گويا ئالتۇن قىلىچلار،
ئاسمان ئارا بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ.
ئۇچار ئىدى ئارىسىدىن چىققان ئوت،
شازار بىردىن كەتتى شۇئان ئويغىنىپ.



قارا چۈشتىن ياتتى گاڭگىپ ئۇ ئۇزاق،
ۋە ئېسىگە كېلىپ ياقتى چىراقنى.
قورقۇنۇچتىن يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ،
تەشۋىش بىلەن قاراپ چىقتى ھەر ياقنى.
كارىۋىتىدىن چۈشۈپ ھەريان چامدىدى،
ياتاق ئارا پۇرقىرىتىپ پاپىروس.
ئەلەم قىلدى ئاڭا كۆرگەن بۇ چۈشى،
ۋە باشلىقتىن كاچات يېيىش، خۇن بولۇش...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 6 - باب

## چېچەك جۇدۇنى

ھۇجۇم قىلدى يەھۇدىلار دۆلىتى،
قىرغىن بولدى ئون مىڭلىغان ئاھالە.
ئىئوردانىيە دەرياسىنىڭ بويىدا،
كۆتىرىلدى ئاچچىق پەريات ۋە نالە.
پارتىزانلار ئۇرۇش بىلەن چېكىنىپ،
قاقاس ئاجىرۇن تاغلىرىغا يول ئالدى.
مىڭلاپ جەڭچى ھالاك بولدى ۋاقىتسىز،
دەريا سۈيى قانلار بىلەن بويالدى.
لەختە - لەختە قان ئاقىدۇ دەريادا،
دەريا خۇددى بوران تەككەن لالىزار.
ئەتراپلارغا تارقىتىدۇ بىر تىترەك،
دولقۇنىدىن كۆتىرىلگەن ئاھۇ - زار.
يېڭى ياردىن ئاققان قاندەك قىزىرىپ
كۆرۈلىدى ئاي، باقتى قانلىق دۇنياغا.
قىزغۇچ ۋە سۇس شولىلىرى ئۇنىڭكى،
لالە رەڭگى بەردى يەنە دەرياغا.



× ×

قۇربان بولغان دوستلىرىنى جەڭچىلەر،
كۆمۈپ قويۇپ ۋىدالاشتى سۈكۈتتە.
يارىلارنى باغلاپ، سۈرتۈپ قانلارنى،
تاغ - جىلغىغا كىرىپ كەتتى ئۈمىتتە.
سانسىزلىغان قېرىنداشلار جەسىدى،
ئارتتا قالدى، قالدى قارا تۇپراقتا.
ئاشنا جەڭگاھ، ئانا دەريا بويلىرى،
غايىپ بولدى، قالدى ئەمدى ئۇزاقتا.
ماكان بولدى ئىئوردانىيىدە ئاداققى،
چۆلسىرىگەن، ئاھالىسىز تاغ يېرى.
بازا بولدى پانا بېرىپ قوينىدىن،
قەۋەت - قەۋەت ئاجىرۇن، جىراش تاغلىرى.
ئۇندا تاغلار دولقۇنلىنىپ يۈكسەلگەن،
گويا تەۋرەپ تۇرغان دېڭىز ئۆركىشى.
تىك قىيادىن سامان يولىدەك سوزۇلۇپ،
شاقىراتمىلار چاچرىتىدۇ كۆز يېشى.
ياۋا ئوتلار ئاچقان يىتىم چېچەكلەر،
جىلغىلاردا قىزىرىدۇ گىلاستەك.
ۋە چوققىلار بولۇتلارغا سوزۇپ بوي،
ئاسمان ئارا پاقىرايدۇ ئالماستەك.
يالڭاچ تاشلار بىر - بىرىگە كىرىشىپ،
دەشتىلەر بويلاپ سوزۇلىدۇ تاغ پۈتۈن.
ھاڭلار چوڭقۇر، قوياش چىقسا تاڭ پەيتى،

بۇ ھاڭلاردا ھۆكۈم سۈرەر تېخى تۈن.
بەربات بولغان بازىلاردىن كەلگەنلەر،
ئۇرۇنلاشتى ئۇندا ئارقا - ئارقىدىن.
بورانلاردا ئۇچقان قاردىغاي ئۇرنىدەك،
تاغ - تاشلاردا ئۇندى ئۇلار قايتىشتىن.
جەڭگىۋارلار گورۇپپىلىرى ئەۋەتىپ،
ئىسرائىلغا بەردى يەنە تالاپەت.
ئاجرۇننىڭ خەنجىرى ياۋ تېنىدە،
پەيدا قىلدى يېڭى - يېڭى جاراھەت.

× ×

چىقىپ كەلدى ئاپتوماتلىق جەمىلە،
خىلۋەتتىكى تاغ ئۆڭكۈرى ئىچىدىن.
ماڭلىيىنى كەتكەن ئۇنىڭ ئوق سىجاپ،
تامچىلايدۇ قانلار بوستان چېچىدىن.
ئانار سۈيى رەڭلىك سۈزۈك قان بىلەن،
بويالدۇ قولىدىكى قورالى.
قىزغىن جەڭدىن يېنىپ كەلدى ھېلىلا،
لېكىن ھامان جەڭدە ئۇنىڭ خىيالى.
نەلىشىدۇ ئەتراپ ئۇنىڭ ئالدىدا،
ئاق يېغىنلىق ئاسمان كەبى كۆرىنىپ.
ئۇ كۆرمەيدۇ، كىشىلەر ئۆتەر ئالدىدىن،
يارىلانغان جەڭچىلەرنى كۆتىرىپ
تاغ ئىچىزى بولغان يىراق جايلاردىن،
ئاڭلىنىدۇ قايناۋاتقان جەڭ ئۈنى.



قىز ئەندىكىپ ئىغىر نەپەس ئالىدۇ،
قەلبى ئارا ئۆرلەپ يىغا دولقۇنى.
تۇرار ئۇنى جەڭگە ئوقتەك ئۇچۇشتىن
بىھوش ئاتا ئەندىشىسى توختۇتۇپ.
ئىغىر ھالدا ياردەمدار قىلدى قاسىمنى،
ياۋ ئۇلارنىڭ ئاكوبىغا ئىتىپ توپ.
قىز ئاتىنى ئىلىپ كەلدى ئۆڭكۈرگە،
ئانىسىنى گاڭگىراتتى بۇ ئەھۋال.
كۆرۈپ جەڭدە پاچاقلانغان گەۋدىنى،
قارشىسىدا قالدى تامام بى ماجال.
سالقىن ئۇرۇپ تۇرغان چوڭقۇر ئۆڭكۈردىن
ئاڭلىنىدۇ جۆيلۈش ئۇنى ۋە يىغا.
يىغلىماقتا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ سارىيە،
چۆمۈپ قارا ۋەھىمىگە، قايغۇغا.
ئىغىر بولۇپ قالدى قىزنىڭ يۈرىگى،
ۋە دەرەختكە قالدى شۇئان يۆلىنىپ.
تاغلار تەۋرەپ، پىقىردى چوققىلار،
كۆزلىرىگە ئوت ۋە تۇمان كۆرىنىپ.
ئۇ يۆلەنگەن يالغۇز جىلغا دەرىخى،
ئۆسكەن ئىدى كۈن چىقىشقا باش ئىگىپ.
بۆك شاخلىرى شامالارنىڭ زەربىدىن،
كۆك قۇچاغلاپ، مەيۇسقىنا قىڭغىيىپ.
تېنىم تاپماس تاغ شاملى شۇدەم ھەم،
شاخلىرىغا ئۇرۇلىدۇ گۈرۈلدەپ.
يالغۇز دەرەخ ئىگىلىدۇ تېخىمۇ،
غىچىرلايدۇ، مۇڭلىنىدۇ ئۇ ھەدەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاغ بۇلىقى ئۆتەر دەرەخ ئاستىدىن،
ھاسىل قىلىپ كىچىككىنە بىر ئېقىن.
سەگەك قىلدى قىزنى بۇلاق ۋە شامال،
ئۇ ھۇشىغا كەلدى ئېلىپ ئۇلۇق تىن.
شىلدىرلىغان كۆز يېشىدەك سۈزۈك سۇ،
ئاقار ئىدى يالاپ سىلىق تاشلارنى.
قىز ئېڭىشىپ كۆردى ئۇنىڭ ئەكسىدە،
قانلىق يۈزنى ۋە چۇۋۇلغان چاچلارنى.
ئۇرۇش قىزنى تونۇۋالدى ئۆزىنى،
قەيسەر روھقا بولدى يەنە ئۇ ئىگە.
چاشكىسىنى ئېلىپ سۇغا توشقۇزۇپ،
بۇرۇۋالدى - دە، قايتىپ كىردى ئۆڭكۈرگە.
قورۇتۇلغان تاغ چۆپلىرى ئۈستىدە،
يېتىپ قاسىم ئېڭىراتتى ۋە جۆيلەيتتى.
ئىزلەر ئىدى قورالىنى قوللىرى،
گويا ئۆزىنى جەڭ ئىچىدە كۆرەتتى.
ۋاقىرايتتى تاشلاپ ھەريان ئۆزىنى،
ھۇجۇمدىكى دۈشمەنلەرگە ئوق ئات ! دەپ.
جەڭچىلەرگە بېرەر ئىدى كوماندا،
يەھۇدىلار كۈچلىرىنى يوقات ! دەپ.
ئاڭا ئاجىز تەلمۈرەتتى سارىيە،
ئوتقا چۈشكەن ھۆل چىۋىقتەك تولغۇنۇپ.
ئېغىر ھىسلار ئالغان ئۇنى زەنجىرلەپ،
يىغلار ئىدى كۆز ياشلىرى قۇيۇلۇپ.
يىغلار ئىدى يىغلىغانىدەك ھازىدا،
ئانىسىدىن يېتىم قالغان بىر گۆدەك.



تىترەيتتى، كۆزىنىڭ كۆنى سولۇشۇپ،
سوغ شامالدا تىترىگەن بىر گۈلدەك.
سۇ ئىچكۈزدى دادىسىغا جەمىلە،
ئارام تاپتى قاخشاپ تۇرغان پارتىزان.
لېكىن رەڭگى كەتتى بەتتەر ئاقىرىپ،
ساقال باسقان يۈزلىرىدىن قېچىپ قان.
قۇچاغلىدى جەمىلەنى ئانىسى،
ۋە بېشىنى قويدى ئاڭا ئۆپكىدەپ.
قىز ئانىنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى،
ۋە چىدالماي يىغلىۋەتتى ھۆكىرەپ.
ئەكس سادا بېرىپ شۇ دەم پارتلاش،
گۈمبۈرلەتتى تاغ - جىلغىلار قوينىنى.
تاغ ئېغىزى بولغان يىراق جايلاردىن،
ياڭراپ كەلدى قايناۋاتقان جەڭ ئۇنى.

× ×

ئۈچ كۈن تامام تىترەپ چىقتى سارىيە،
قاراشلىرى بولۇپ ئېغىر ۋە دەرتلىك.
پاچاقلانغان جىسمىدىمۇ قاسىمنىڭ،
قۇچاغلاشما جەڭلەر بولدى شىددەتلىك.
قىزىپ، كۆيۈپ تۇرغان بىھوش ۋۇجۇتتا،
قىلىچلاشتى ھايات بىلەن ماماتلىق.
ھۇجۇم بىلەن چېكىندۈرۈپ ياۋىنى،
غالىب بولۇپ چىقتى ئاخىر ھاياتلىق.
تارقاپ ئۆلۈم كۆكۈشلۈكى لېۋىدىن،

كۆزلىرىنى ئاچتى قاسىم سەھەردە.
بالقىپ چىقتى رەڭگىگە قان، ئۇيقۇدا
قاندەك شەپەق بالقىپ چىققان مەھەلدە.
جەملەدىن كۆتىرىلدى ئەندىشە،
ئالدىرىدى جەڭگىدىكىلەر يېنىغا.
سارىيەمۇ خوشاللىقتىن تەنتىرەپ،
پاتماي قالدى شۇ دەم قىنى - قېنىغا.
ئاستاغىنا يۆلەپ ئېلىپ قاسىمنى،
قۇچىقىغا ئالدى ئۇنىڭ بېشىنى.
سەگەكلىشىپ يارىلانغان پارتىزان،
بارا - بارا تاپتى پىكىر - ھوشىنى.
ئاۋالقىدەك جانلىق، چېچەن، مۇلايىم،
بولۇپ قالدى ئۇنىڭ تۇسى كۆرۈنىشى.
قان داغلىرى قېتىپ قالغان يۈزىگە،
تامچىلىدى سارىيەنىڭ كۆز يېشى.
قىزىلگۈلگە چۈشكەن سۈزۈك يامغۇردەك،
قانلىق داغدا يالتىرىدى بۇ ياشلار.
شۇ ئان ئاستا سارىيەگە تىكىلدى،
مېھرىۋان ۋە يالقۇنى بار قاراشلار.
ئىزلەپ قاسىم سارىيەنىڭ قولىنى،
سىلاپ تۇرۇپ، يىغلىما! — دەپ ئۇن قاتتى.
بوغۇق ئۈنى ئىدى شۇنچە خاتىرجەم،
تەمكىنلىكى بۇرۇنقىغا ئوخشايتتى.
ئۇزاقلاردا ئېتىشمىلار كۈچەيدى،
ئېتىشمىغا سالدى ھوشيار ئۇ قولاق.
ماغدۇر بېرىپ جانلاندۇردى قاسىمنى،



جەڭ سىزىدى، جەڭگە بولغان ئىشتىياق.
دىدى كۈلۈپ: يارىلاندىممۇ سارىيە،
سەن قىلىنىپ ئولتۇرىسەن قېشىمدا؟
جەڭ ئەمەسمۇ! مۇنداق ئىشلار بولىدۇ،
قورقما!... مېنىڭ ھوشۇم يەنە بېشىمدا.
ئاڭلىغىنا... بىزنىڭكىلەر ئاتماقتا...
لازىم ئەمەس ئەندىشە ۋە قورقۇنۇش.
مەن بىلىمەن، بىزدە تېخى قۇدرەت بار،
تېخى داۋام قىلالايدۇ بۇ ئۇرۇش...
شۇنداقتا ھەم... ئەھۋالىمىز قىيىنراق...
دۇنيا بىلەن ئالاقىمىز ئۈزۈلگەن.
جەڭ ئوتلىرى ئۆرلىمەكتە، لېكىن ئۇ،
غەلىبە نۇرى ئەمەس چاقناپ كۆرۈنگەن.
كەمچىل بىزدە ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا،
ئۇزاق جەڭگە يېتىشمەيدۇ ھەم بارى.
مۇقەررەركى، بۇ تاغلاردا ئاقىبەت،
يۈز بېرىدۇ قەھرىمانلار تارمارى.
شۇنداق قىلىپ... ئىنقىلابىمىز، ئىئوردانىيە ئېلىدىن،
چېكىنىمىز، تۇرالمايمىز پۇت تىرەپ.
يول ئالىمىز بەلكى باشقا ئەللەرگە،
سەرگەردانلىق - سەرسانلىقتا تەنتىرەپ.
بۇ پاجىئە... قان ۋە ياشلىق بىر تارىخ،
قانلىق دەۋران قىلغان ئاچچىق كىنايە.
دىمەك ئەرەپ ئىشى ئۈچۈن ئەرەپلا،
بولماق تېخى ئەمەس ئىكەن كۇپايە.
مەن ئېسىمنى بىلگەن كۈندىن مابەينى،

ياشاپ ئۆتكەن ئاددى ئاۋام ئىچىدە.
ھە... ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىللىقراق —
ئىدى ماڭا مۇزدەك جاھان ئىچىدە.
قىزغىن ئىدى مەن بىلگەن ئۇ ئەرەپلەر،
ساددا ئىدى گويا كۆڭلى ئاق گۆدەك.
كۆزلىرىدە سەمىمىلىك پارلايتتى،
تاڭ كۆكىدە جىلۋىلەنگەن بىر نۇردەك.
مېھرى مىسلى قوياش ئىدى ئۇلارنىڭ،
بىر-بىرىگە ساداقەتلىك، كۆيۈمچان.
يۈكسەك ئىدى نامۇسى ۋە غۇرۇرى،
قوغدار ئىدى توغرا كەلسە بېرىپ جان.
مەن بۇلارنى تالاي قېتىم ھىس ئەتتىم،
سەرسان بولۇپ ئۆتكەن ئېغىر يىللاردا.
ئەرەپلەرگە مەنسۇپ ھەممە خىسلەتلەر،
داۋام قىلىپ ياشار ئىدى شۇلاردا.
ئايان ئىدى ۋەتىنىگە مۇھەببەت،
جەڭلەردىكى قەھرىمانلىق ۋە مەرتلىك.
كۆرسەتتى چەكسىز غەيرەت ۋە چىدام،
بورانلارغا دۇچ كەلگەندە شىددەتلىك.
ئايان ئىدى كەڭ پېئىللىق ۋە دوستلۇق،
بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمەت-ئىززىتى.
مۇشكۇللەردە ئىدى چاققان ۋە ئوتلۇق،
مېھنەت بىلەن ئىدى ئۆمرى قىممىتى.
تېپىلاتتى ۋۇجۇدىدىن ئۇلارنىڭ،
ئادىمزاتتا بولىدىغان گۈزەللىك.
ھاياتنىڭ پاك ئارزۇلىرى، ئىنتىلىش،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەقىل-ئىدىرەك، پاراسەت ۋە چېچەنلىك.
كۆيۈنەتتى ئۇلار ئادەم بالىسىغا،
ئايان ئىدى مۇھەببەت ۋە ئادىللىق.
تولۇق ئىدى قەيسەرلىك ۋە شىجائەت،
ھەم ياشاشقا بولغان قۇدرەت-قابىللىق.
ئۇلار بىلەن ئىدى ناخشا ۋە قوشاق،
خەلقىمىزنىڭ پارچە روھى بايلىقى.
ئۇلار بىلەن ئىدى تارىخ ۋە ۋەتەن،
ئەرەپ ئۈچۈن ئەزىز بولغان بارلىقى.
لېكىن ئەزىزىم... كۆردۈمكى مەن ھاياتتا،
بەختسىز ۋە نامرات ئىدى ھەر بىرى،
تىرىكچىلىك مۈشكۈلاتى ئىچىدە،
ئېغىر بولۇپ ئۆتەر ئىدى تەقدىرى.
كەم بولمايتتى كۆز ياشلىرى ئۇلاردا،
ئازاپلايتتى غۇربەتچىلىك ۋە جاپا.
ئايىمايتتى دەھشەت، قارا كۈنلەرنى،
ھايات سوغۇق، زامان بولۇپ بىۋاپا.
مەن ئويلايمەن... ئەرەپ دىگەن بۇ خەلق،
دۇنيا ئۈزرە پەقەت شۇلار ئوخشايدۇ.
پەلەستىننىڭ ئازاتلىقى، چىنلىشى،
بەلكى پەقەت شۇلار بىلەن ياشايدۇ.
ئەرەپ ئەمەس ئىكەن تېخى بەزىلەر،
مەن بىلمەيمەن خائىنلارنى ئەرەپ دەپ.
نەپرەتلەيمەن ئەرەپلەرنىڭ ئىچىدە،
تۇغۇلغىنىنى، ئۆسكىنىگە لەنەت! دەپ.
مۇنداقلارنىڭ ۋەتىنى يوق دۇنيادا،

پۇل ۋە مەنسەپ — ھاياتتىكى بايرىقى.
ئۇلار ئۈچۈن ۋەتەن پەقەت تاجۇ - تەخت،
ئۇلار ئۈچۈن خەلق — پۇلى، بايلىقى.
ئەل زۇلمەتتە قالغان باسقىن مەزگىلى،
روناق تېپىش، گۈللەش پەيتى ئۇلارغا.
ياۋنىڭ تۆمۈر تاپىنىغا باش قويۇپ،
ئايلىنىدۇ شايى تونلۇق قۇللارغا.
ۋەتەن يىغىسى قۇلىقىغا كىرمەيدۇ،
بولمايدۇ ھېچ خەلقى ئۈچۈن ئىنتىلىش.
بەلكى پىكرى - خىيالىغا كەلمەيدۇ،
قۇللۇق كۈننىڭ خورلۇغىنى ھېس قىلىش.
قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئېلىنى،
مەنسەپ تېپىپ، تاج تاقىشىپ ئۆتىدۇ.
قورچاق بولۇپ ئولتۇرۇشقان تەختلىرى،
ئۆز خەلقىنىڭ سۆڭگىدىن پۈتىدۇ.
كەڭ ئاۋامنى دەسسەپ قىلىپ پەلەمپەي،
ئۆرلىشىدۇ ئارسىزلىقى تۈپەيلى.
بىر ئۆزىگە ئوزۇق ۋە نان تاپىدۇ،
مىليونلارنىڭ نانسىزلىقى تۈپەيلى.
ئۇلار ئۈچۈن ئايلىنىدۇ ئالتۇنغا،
يۇرتنى قاپساپ ئالغان قارا نامراتلىق.
ئەل بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت، قايغۇلار،
ئۇلار ئۈچۈن كۆڭۈل خوشى ۋە شاتلىق.
باسقۇنچىلار خارلىغاندا خەلقىنى،
نومۇس بىلمەي بېرىدۇ بىللە خارلىشىپ.
باسقۇنچىلار تالىغاندا خەلقىنى،



جان - دىل بىلەن بېرىدۇ بىللە تالىشىپ.
ئۆز خەلقىگە جەۋرۇ - زۇلۇم سالىدۇ،
خوجايىنلار چاچ ئال دىسە باش ئېلىپ.
ياۋغا بولسا ئىنزىھار قىلىپ ساداقەت،
تىترەيدۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.
بوۋدىلاردىن قالغان ئەزىز تۇغلارنى،
ياۋ ئاستىغا يېرتىپ تاشلاپ بېرىدۇ.
ئادەم گۆشى لازىم بولسا مۇبادا،
بالىلارنى سويۇپ راسلاپ بېرىدۇ.
قانخورلارنى ماختاپ ئوقۇپ قەسىدە،
توقۇپ چىقىدۇ لايىق سۈرە - يوسۇنىنى.
قەسەم ئىچىپ نىيۇ - يوركنى مەككە، دەپ،
پەيغەمبەر دەپ ئىسپاتلايدۇ جونسۇننى.
ھەي ساردىيە ... ئاز ئۆتمىدى دۇنيادىن،
مۇنداق رەزىل ئەمەلدارلار، خاقانلار.
خەلقلەرنىڭ تارىخىنى بۇلغىدى،
ئۇلار ھۆكۈم سۈرۈپ زامان - زامانلار.
مۇنداقلارنىڭ پەقەت تارىخ بېتىدە،
ئاھانەتلىك نامى قالار خائىن، دەپ.
قەۋرىسىگە تۈكۈردۇ نەسىللەر،
بەختسىزنى ساتقان قورچاق زالىم، دەپ.
مەن بىر ئەرەپ ... تاجىدارلار كۆزىگە،
چېلىقمايمەن ئەسكى چاپان ئىچىدە.
شۇ دەم ياۋايى ئۆككۈر ئىچىدە ياتىمەن،
ئازاپلىنىپ جاراھەت ۋە قان ئىچىدە.
ئۇزاق يىللار يۇرت - ماكانسىز پاشىدىم،

www.uyghurkitap.com

ئۆمرۈم ئۆتتى كۈلپەتلەردە بولۇپ زار،
لېكىن ئىنسان بىلىپ كەلدىم ئۆزەمنى،
ئەرەپلىگىم بىلەن قىلدىم ئىپتىخار.
شۇ دەم مېنىڭ نەزىرىمدە خائىنلار،
ئالتۇن تاجلىق ئىتقا بەكمۇ ئوخشايدۇ.
ئەرەپلەرگە ئېتىلىدۇ ئاغزى قان،
غەزەپلىنىپ هاۋشۇيدۇ ۋە قاۋايدۇ.
ئامېرىكىدىن كەلتۈرۈلگەن سۆڭەكلەر،
غەيرەت بېرىپ تاشلىنىدۇ ئالدىغا.
يەھۇدىلار مەفتۇن قۇلاق سالىدۇ،
ئۇنىڭ ئاچچىق خىرىلدىشىغا، دادىغا...

× ×

قاراڭغۇلۇق قۇچاق ئاچتى تاغلارغا،
ئەتراپ تامام قالدى مەخمەل كېچىدە.
تىك چوققىلار ئاسمان ئارا قارىيىپ،
غايىپ بولدى تۈن تۇمانى ئىچىدە.
شامال ئۇچۇپ ئۆتتى چوڭقۇر جىلغىدىن،
يىتىم دەرەخ شىۋىرلىدى ئۇيقۇلۇق.
ئۆڭكۈر ئالدى، قاراڭغۇلۇق ئۈستىدە،
يالتىرىدى يۇلتۇز ئاپپاق ۋە نۇرلۇق.
— يۆتكەپ قويغىن مېنى ئۆڭكۈر ئاغزىغا،
دېدى قاسىم، — ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ...
يۇلتۇزلارنى كۆرۈپ ياتاي مەن ئويغاق،
كۆڭلۈم شۇ دەم كۈمۈش كۆكنى تارتىدۇ...



يۆتكەپ قويغىن... — دېدى خىيال ئارىلاش،
ئاياللىدىن قىلدى يۇمشاق ئىلتىماس.
ئۇنىڭ بوغۇق ۋە خاتىرجەم ئۈنىدە،
ئەكس ئەتتى قىزىقىش ھەم ئېھتىراس.
يۆلەپ ئۇنى ئاستا - ئاستا يۆتكىدى،
ئاۋايلىدى ئايال خۇددى بوۋاقتەك.
تۈن كۆكىگە باقتى يېتىپ پارتىزان،
ۋە خىيالى مەۋج ئۇردى بۇلاقتەك.
ئۇ كۆردىكى، كۆكۈش بولۇپ تاۋلىنىپ،
سۈس يالتىراپ تۇراتتى كۆك گۈمبىزى.
ئۇنىڭ ئۇزاق، چەكسىز يۈكسەكلىگىدە،
چاقنار ئىدى ساناقسىز تۈن يۇلتۇزى.
نۇر چاچاتتى تۈركۈم - تۈركۈم ئېچىلىپ،
گۈلگە ئوخشاش بېزەپ ئاسمان قەھرىنى.
شات ۋە گۈزەل چاقناشلىرى ئۇلارنىڭ،
ئاچتى شۇ دەم پارتىزاننىڭ بەھرىنى.
ئۇلار ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ ئېچىلىپ،
ئازاپتىكى يۈرىكىنى شات قىلدى.
قاراپ يېتىپ خىيال سۈرۈپ كۆڭۈللۈك،
ئۇ باھارنىڭ چېچىكىنى ياد قىلدى.
دېدى خوشال: قارىغىنا سارىيە،
ئۇ يۇلتۇزلار... قانداق نەپىس ۋە ئوماق،
ئەسلەتمەكتە ماڭا چېچەك پەسلىنى،
مەن ئويلىدىم... ئېيتىپ بېرەي، سال قۇلاق:
پەسلى كېلىپ ئىللىغاندا ئۆلكىلەر،
زېمىن گۈللەپ يېتىشىدۇ ئىستەككە.

سانسىز باغلار ئاپپاق بولۇپ ئېچىلىپ،
تولۇپ كېتىدۇ يۇلتۇز كەبى چېچەككە.
ياسىنىدۇ ۋادىلار ۋە مەلىلەر،
چېچەكلەرنىڭ يالتىرىشىدا ئاق بولۇپ.
ئاقىرىدۇ قوياش كۈلگەن كەكۈلىكلەر،
قونۇپ قالغان كەبى گويا ئاق بۇلۇت.
چېچەكلەرنىڭ يېقى، خۇشبۇيى ھىدلىرى،
تولدۇرىدۇ بوستانلارنى، بىنانى.
كىم سۆيمەيدۇ دېيسەن شۇنداق كۈنلەردە،
كۆللۈمسىرەپ تۇرغان گۈزەل دۇنيانى.
لېكىن ھامان شۇنداق چېچەك پەسىلدە،
يۈز بېرىدۇ جۇدۇن سوغۇق ۋە مۇدھىش.
يېغىن بولۇپ، گۈكىرەيدۇ شامالار،
گويا يېنىپ كەلگەن كەبى يەنە قىش.
ۋادىلارنى قاپلاپ سىلجىپ ئۆتىدۇ،
كۆتىرىلگەن كۈلرەڭ بۇلۇت تاغلىرى.
سوغۇق تاڭدا، يېقىن تاغلار ئۈستىدە،
يالتىرايدۇ يەنە قىشنىڭ قارلىرى.
كۈنلەر بويى ئاسمان تۇتۇلۇپ ئالىدۇ،
توپا يېغىپ تۇرىدۇ ئۇندىن كۆڭۈلسىز.
قوياش بولسا گويا دۆگلەك ئەينەكتەك،
خىرەلىشىپ تۇرىدۇ سوغۇق ۋە نۇرسىز.
ئىزغىرىندا توڭۇپ - تىترەپ كىشىلەر،
ئۇرىلىدۇ قىشلىق كىيىم - كېچەككە.
كۆپ تالاپەت يەتكۈزىدۇ بۇ جۇدۇن،
باغلاردىكى ئېچىلىپ بولغان چېچەككە.



بۇ چېچەكلەر ئۇششۇپ، چۈشۈپ بەرگىنىدىن،
ھۆل - يېغىندا چاپلىشىدۇ پاتقاقـقا.
تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ قالغان بوۋاقتەك،
ئۆلۈپ كېتىدۇ قەدەم قويماي ھاياتقا.
ئادەملەردە پەيدا قىلىدۇ ئېچىنىش،
كۈلۈپ تۇرغان چېچەكلەرنىڭ قىرىلىشى.
لېكىن نابۇت قىلالمايدۇ ھەممىنى،
قىسقا جۇدۇن، قىشنىڭ ئاجىز تىرىلىشى.
نۇرغۇن چېچەك يەنە ياشاپ قالىدۇ،
بوي بەرمەيدۇ سوغۇق جۇدۇن كۈنىگە.
يەنە ئىللىق باھارغا ئېرىشىپ،
ئاستا - ئاستا ئايلىنىدۇ مېۋىگە.
پەلەستىنمۇ دېيمەن... بۇ رەت... ساردىيە،
شۇنداق چېچەك جۇدۇنغا دۇچ كەلدى.
يەھۇدىلار دۆلىتىنىڭ ھۇجۇمى،
بىرگە چېچەك قىرىلىشىنى ئەكەلدى.
لېكىن نۇرغۇن چېچىگىمىز بىزنىڭكى،
ئېچىلماقتا سۈرىيەدە، لىۋاندا.
ئۇلار ھايات، ئۇلار نابۇت بولمايدۇ،
پەلەستىنمۇ ھايات ئۇلار تۇرغاندا...
ئاھ يۇلتۇزلار... يۇلتۇز ماڭا چېچەكنى،
چېچەك — چېچەك جۇدۇننى ئەسلەتتى.
باھار غالىب، جۇدۇن بولسا ئۆتكۈنچى...
دەپ ئويلۇدۇم... ئويلار مېنى شات ئەتتى.
دۇنيا ئىشى مانا شۇنداق ئەمەسمۇ؟
دىدى قاسىم ساردىيەگە بۇرۇلۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاڭا سۆزسىز باقار ئىدى ساردىيە،
ھاياجانلىق يىغا بىلەن بوغۇلۇپ...

× ×

گۈمبۈرلىدى تىترەپ تاغلار، جىرالار،
كۈن ۋە تۈنلەر قىلدى ئۇندا جەڭ داۋام.
قىرىپ ياۋنى پەلەستىنلىك جەڭچىلەر،
قۇربانلىرى ئۈچۈن ئالدى ئىنتىقام.
ياۋلىرىغا زەربە بەردى قاخشاتقۇچ،
چۇققىلارنى، ئېگىزلارنى ئىگەللەپ.
ئاددى مىلتىق، بومبىلىرى ئۇلارنىڭ،
بېسىپ كەلگەن ياۋنى قويدى يۈگەنلەپ.
ياۋ تاغلارغا كىرەلمىدى ئىچكىرلەپ،
ھەم خائىنلار تىت - تىت بولدى بۇ ھالغا.
ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتى نائىلاج،
ھۇجۇمدىكى قوشۇن ئۆتتى قامالغا.
ئاچارچىلىق بىلەن يەكمەك قەستىدە،
بارچە يولنى ئالدى دۈشمەنلەر قاپساپ.
ئېگىزلاردا جەڭ چوقانى پەسەيدى،
ئېتىشمىلار قالدى ئۇندا شالاڭلاپ.
ئۆتتۈپ كەتسە گۈلدۈرماما ۋە يامغۇر،
ئاسمان تىنجىپ ئايان بولار يورۇقلۇق.
گۈلدۈرماما تىندى، لېكىن ئاجىرۇن ئاسمىنى،
ئىمدى يامغۇر كۈنى كەبى بولۇتلۇق.
ھالسىرىتىپ پارتىزانلار سېپىنى،



رول ئوينىدى دۈشمەنلەرنىڭ قامالى.
ئوزۇق - تۈلۈك، تىببى دورىلار ئۆكسىدى،
ئاچارچىلىق ئارا قالدى ئەھۋالى.
جۈدەپ كەتكەن ۋە قەھرلىك جەڭچىلەر،
تۇساپ تۇرار ئىدى يەنە دۈشمەننى.
ئاكوپلاردا يىقىلاتتى ئاچلىقتىن،
ئاداققى رەت تىلغا ئېلىپ ۋەتەننى...
بىلىندۈرمەي چېكىنىشنى پەيدىن - پەي،
قارار قىلدى پارتىزانلار شىتابى.
دەسلەپ قىلىپ ماڭدى يېنىك ياردارلار،
قاراڭغۇ تۈن بولدى يۈرۈش نىقابى.
چېكىنگەنلەر كىردى تاققا ئىچكىرلەپ،
چوققىلارغا ياماشتى ۋە يول ئاچتى.
پەيدا بولۇپ مۇشەققەتلىك چىغىر يول،
سۇرىيەدىكى بازىلارغا تۇتاشتى.
ئاكۇپتىكى جەڭچىلىرى قاسىمنىڭ،
كۆپ ئويلاشتى يېتەكچىسى ھەققىدە.
ئۇنى ئېلىپ يۈرۈش مۇمكىن بولمايتتى،
چىغىر يولدا ۋە چوققىلار قەھرىدە.
ئىككى تايىن بىر ھالەتتە ياتاتتى،
ماجاقلانغان، بېشى سۇنغان پارتىزان.
قانسىرىغان ئىدى خەۋپلىك دەرىجىدە،
ياردار جىسمى ھالسىزلىقتا بېرىپ يان.
ئۇنىڭ ئۈچۈن باش قاتۇردى يارانلار،
تېپىلمىدى ئېلىپ يۈرۈش ئامالى.
يۆتكىمەكچى بولدى ئۇنى كېيىنرەك،

ۋاقىت ئۆتۈپ ياخشىلانسا ئەھۋالى،
ئۇلار يانچۇق، خالتىلارنى ئاختۇرۇپ،
ئاداققى نان، خورىمىلارنى يىغىشتى.
باشلىنىغا ئىلھام بەخش خەت يېزىپ،
خەت، ئوزۇقنى جەمىلەگە بېرىشتى.
قايتۇرۇشتى جەڭچى قىزنى ئاكوپتىن،
جېكىلىدى: بار، ئاتاڭنى ساقلا، دەپ.
ماغدۇر بەرگىن، ياخشى قارا ئۇنىڭغا،
ئەتىردىمىز ئىشەنچىنى ئاقلا، دەپ.
ماكانىغا قايتىپ كېلىپ جەمىلە،
سارىيەنى كۆردى ئۆڭكۈر ئالدىدا.
تۇرۇپ قالغان ئىدى ئانا تېڭىرقاپ،
ھەم قورقۇنچ ئەكس ئېتىپ ھالىدا.
جەمىلەنى كۆرۈپ ئاڭا جان كىردى،
خىتاپ قىلدى: كەلدىڭمۇ جان بالام؟ دەپ.
يەيدىغان يوق، ئاتاڭ بۈگۈن ئاچ قالدى،
سېنى كۈتتۈم كېلەر ئىكەنسەن قاچان، دەپ.
قىز ئانىسىنى قىلىپ شۇ دەم خاتىرجەم،
جەڭچىلەرنىڭ سوغىسىنى كۆرسەتتى.
ئانا باقتى جان بەرگۈچى خالتىغا،
ئوزۇق ۋە خەت ئۇنى غايەت شات ئەتتى.
مەن قورققاندىم ... بۇنىڭ بىلەن، — دېدى ئۇ،
ساقلاپ قالار بولدۇق ئەندى ئاتاڭنى.
مەن تاغلارغا چىقىپ ئىزلەي بىر نەرسە،
سەن ئاتاڭغا قاراپ يېگۈز بۇ ناننى.
ئوزۇق كۆپرەك بولسا ياخشى... تاغلاردا



بولۇشى مۇمكىن ياۋا مېۋە ۋە يىلىتىز.
كېزىپ كېلەي، بەلكى ئۇچراپمۇ قالار!...
— ماقۇل ئانا، تېزرەك كەلگىن! — دېدى قىز.

× ×

قىز ئولتۇرۇپ ياردار ئاتا يېنىدا،
دىققەت بىلەن تازىلايدۇ ئاپتومات.
قاسىم ئويغاق، قاراپ يېتىپ ئۇنىڭغا،
كەچمىش ئۆمۈر يوللىرىنى قىلار ياد.
شۇ دەم ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۆتىدۇ،
يىگىرمە يىل مۇقەددەمكى جەڭ، كۈلپەت.
ئۇنتۇلغۇسىز ئۇزاق كۈنلەر جانلىنىپ،
كۆزلىرىگە كۆرۈنىدۇ شۇ پۇرسەت.
كۆرۈنىدۇ كۆيۈۋاتقان قوراسى،
ئاتىسىدىن، ئىنىسىدىن ئايرىلىش.
مۆكۈنۈپ يۈرۈپ خارابىلار ئىچىدە،
تۈننى كۈتمەك ۋە قىرغاقتا يول ئېلىش.
ئەسكە چۈشەر شۇدەم چەكسىز سۇلارغا،
باققانلىرى ئۈمىت بىلەن ۋە دەرتلىك.
ھەم قىرغاقتا تۈن ئاسمىنى ئاستىدا،
تاشلار ئارا ياتقان بوۋاق يۆگەكلىك...
سارىيە ئۇنى قۇچىقىغا ئالغاندا،
خورسىناتتى بوۋاق تېخى ئۇيقىدا.
لەۋلىرىدىن ئاستا ئۇچۇپ چىقاتتى،
ئۇيقۇ ئارىلاش ئېڭىرىغان بىر نىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ئانىسىنى ئۇنىڭ ئالغان باغرىغا،
كەڭ دېڭىزنىڭ مەڭگۈ ۋە پاك دولقۇنى.
يېتىم قالغان ئىدى قىرى ھاياتىنىڭ،
غۇنچە كەبى ئوماق، يېڭى مېھمىنى.
ئەسكە چۈشەر ئۇچقۇر قېيىق، كەڭ دېڭىز...
زۇلمەت ئارا پالاق ئۇرۇپ يول يۈرۈش.
سارىيەنىڭ ئېيتقان تۈنگى قوشىقى،
پارلاق قۇتۇپ يۇلتۇزىغا تەلمۈرۈش...
ئىشسىز قېلىپ كېيىن قۇددۇس شەھىرىدە،
كۆچمەنلەردىن كۆردى زۇلۇم - زورلۇقلار.
ئىئوردانىيە بايلىرىغا يالىنىپ،
مالاي بولۇپ تارتتى ئازاپ، خورلۇقلار.
ئايالىغا، قىزچىقىغا نان ئىزلەپ،
كېزىپ يۈرۈپ ھەر قەيەردىن ئىش تاپتى.
ئاھ، ئۇ يىللار ... مۇشكۈل بوادى تەقدىرى،
ياش مۇساپىر سەرسانلىقتا دەرت تارتتى.
چەككەن كۈلپەت، كۆرگەن يامان كۈنلىرى،
ئۇندا غەزەپ ۋە قۇدرەتكە ئايلاندى.
بورانلاردىن پەرۋاز تاپتى لاچىندەك،
ياققۇن ئارا پولات بولۇپ تاۋلاندى.
ھاسىل بولدى مۇساپىرلار قوشۇنى،
تەشكىللەندى خانۇ - ۋەيران خالايىق.
چېلىشلارغا باشلاپ ماڭدى قاسىمنى،
ۋەتەن دەردى، ئازاتلىققا تەشنالىق.
بېسىپ ئۆتكەن ھايات ۋە جەڭ يوللىرى،
خاتىرىسىدە قالدى بولۇپ ئۆچمەس ئىز.



ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى سارىيە.
بىللە بولدى نىجات تاپقان يېتىم قىز.
بېغىشلىدۇ شۇ دەم ئارام قاسىمغا،
قىزنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلگىنىنى ئويلىماق.
ئورۇن ئالدى تەقدىرىدە قىزنىڭمۇ،
بوران - جۇدۇن، گۈلدۈرماما ۋە چاقماق.
قىز مۇشكۈلدە ۋە جەڭلەردە چوڭ بوادى،
بىر قىز بولدى باتۇر، چىچەن ۋە ئوماق.
ئاپتوماتلىق جەڭچى چىقتى يېتىمدىن،
ۋەتىنىگە مۇھەببەتلىك، كۆڭلى ئاق.
بېرىلىپ قورال تازىلايدۇ ئۇ شۇ دەم،
جەڭدە بولمىش بىر قىزغىنلىق ئەۋجىدە.
ئاتىسىغا قاراپ - قاراپ قويىدۇ،
دىققىتىنى بۆلۈپ توختاپ بەزىدە.
قەدىم بوۋىلار ئوقياسىغا ئوخشايدۇ،
ئەگمە بولۇپ چۈشكەن نازۇك قاشلىرى.
ئوراپ ئالغان يۈزىنى ۋە بويىنىنى،
توزغۇپ تۇرغان بۇدرە - بۇدرە چاچلىرى.
كۆكرىگىدە يېيىلىپ تۇرىدۇ بۇ چاچلار،
ۋادىلارغا چۈشكەن تۈندەك قاپ - قارا.
كۆرىنىدۇ پېشانىسىدىكى تارتۇغى،
ئوت ياققۇنى كۆرۈنگەندەك تۈن ئارا.
قىزلىق رەڭگى بالقار ئۇنىڭ يۈزىدە،
قىزىرىپ پىشقان خورما كەبى سۈزۈلۈپ.
خىيال ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى،
يۇلتۇز كەبى تۇرىدۇ چاقناپ كۆرۈنۈپ.

بۇ گۈزەلدە بەزەن جۇشقۇن بىر نىگاھ،
خەنجەر كەبى يالتىرايدۇ باقسا تىك.
بۇ گۈزەلدە جۇش ئۇرىدۇ روھى كۈچ،
جەڭ شىددىتى، ئىرادە ۋە گۈزەللىك.
بوۋاقلىقىدىن تارتىپ بۇ قىز قاسىمغا،
ھەمرا بولدى سەرسانلىقتا، يات يۇرتتا.
ئۈستى تۆگە كەينىدىكى بوتىلاق،
بىللە بولۇپ ئۆسكەن كەبى قۇملۇقتا.
تەسكىن بېرىپ كەلدى غېرىپ كۆڭۈللەرگە،
ئۇ قاسىمغا بولۇپ ئەزىز ۋە جاندەك.
يورىتىپ كەلدى ئازاپ چەككەن قەلبىنى،
ئايغا ھەمرا بولۇپ ئۈزگەن چولپاندەك.
ئۇنتۇلمايدۇ قاسىم ھامان دەسلەپكى،
تاتلىق، سەبى كۈلۈشىنى بوۋاقنىڭ.
بولغان ئىدى قانچە شات ۋە بەختىيار،
ئايىغى چىققان دەمدە بۇدرۇق قىزچاقنىڭ.
ئۇ مۇساپىر گەمىسىدە شوخلىنىپ،
ساردىيەگە ئەگىشەتتى ئانا! دەپ.
ئىجىل بولۇپ ئېلىپ غەمخور قاسىمغا،
ئەركىلەيتتى كۆتەر مېنى دادا! دەپ...
ئېسىدە، ئۇنىڭ گويا كېيىك بالىسىدەك،
يۈگۈرگەنلىرى ئويناپ، سەكرەپ ۋە تاخلاپ.
ئاخشاملىرى ئېغىناپ نامرات چۆشەكتە،
ئۇخلىغىنى قوچىغىنى قۇچاقلاپ.
دوستى ئىدى ئۇنىڭ گۈللەر، چېچەكلەر،
شات قىلاتتى ئۇنى كۆكلەم نىھالى.



تەبىئەتكە بولار ئىدى ئۇ ھەيران،
باشلىناتتى كېيىن تۈگىمەس سوئاللى.
ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ ئېسىدىن،
بالىلىرىنىڭ مۇنداق پەيتى كەتمەيدۇ.
جەمىلەگە بېقىپ قاسىم ئويى سۈرۈپ،
ئۇنىڭ ئاشۇ چاغلىرىنى ئەسلەيدۇ...
خىيال بىلەن كېلىدۇ شۇ دەم ئېسىگە،
ياش تۆمۈرچى — قىزنىڭ ئۇ ئۆز ئاتىسى.
ۋە ياش گۈزەل — ئۇرۇش پەيتى قىرغاقتا،
پەريات بىلەن غەرق بولغان ئانىسى.
پەرزەندىنى قويۇپ قانخور دۇنيادا
نادامەتتە قۇربان بولدى مەرھۇملار.
ھاياتىغا زامىن بولدى ئۇلارنىڭ،
پەلەستىنگە كەلگەن ئاپەت، زۇلۇملار.
كۆرەلمىدى بالىسىنىڭ ئۆمرىنى،
قىز ھېچنىمە بىلمەس ئۇلار توغرىلىق.
يۇمران دىلىنى ئاياپ كەلدى قاسىملار،
خىيال قىلدى قاپلىمىسۇن دەپ بۇلۇت.
لېكىن ئەمدى، تۇغۇلغاندى قاسىمدا،
قىزغا بۇنى سۆزلەپ بېرىش قارارى.
قىز چوڭ بولغان ... ۋە قاسىمۇ ياردار...
كۆڭۈلدىن - كۆڭگە ناچارلاشتى ئەھۋالى.
ئويلىدى ئۇ، پەلەستىننىڭ يېتىمى،
بىلىپ قالسۇن ئۆز تەقدىرى توغرىسىلىق.
ئالسۇن دەرتلىك قۇربانلارنىڭ ئەنتىنى،
جەڭلەر ئارا يانسۇن يەنە ئوت بولۇپ!

×   ×

جىمجىتلىقنى بۇزۇپ قاسىم سۆز ئاچتى،
يېنىپ ئۇندا ئاداققى ئوت، ئىشتىياق.
دېدى: كەلدى خاتىرەمگە بىر كەچمىش،
سۆزلەپ بېرەي قىزىم ساڭا، سال قۇلاق.
ۋەھىمىسىن دېگەن بىر ئاغىنەم بار ئىدى،
پەلەستىندە، مەلىمىزدە بىرىنىڭكى.
تەنھا ئىدى تەڭتۇشلارنىڭ ئىچىدە،
بەستلىك، باتۇر كۆرۈنىشى ئۇنىڭكى.
يىگىت ئىدى تەققى-تۇرقى كېلىشكەن،
قويۇق چاچلىق، چوڭ-چوڭ كۆزلۈك، قارا قاش.
مەغرۇر، خۇشخۇي قاراشلىرى بار ئىدى،
ۋە بەزىدە ئويچان، خىيال ئارىلاش.
بەكمۇ كىچىك قېلىپ ئاتا-ئانىدىن،
باللىق كۈنى بولغان ئۇنىڭ كۈلپەتلىك.
ئۆسكەن تەقدىر زەربىسىدىن كۈچ تېپىپ،
يىگىت ئىدى خۇددى شىردەك قۇۋۋەتلىك.
چېلىش قىلسا مەلىمىزنىڭ باللىرى،
غالىبلىقنى ئۇ ھېچكىمگە بەرمەيتتى.
يىگىتلەرنى ئاتار ئىدى بىر-بىرلەپ،
بىر قېتىممۇ يېنى يەرگە تەگمەيتتى.
دوستلىرىغا ئىدى ھامان پىداكار،
جېنىنىمۇ ئايىمايتتى قاياشتىن.
بولۇپ قالسا ناگاھ قانلىق سورۇنلار،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەكۈن ياساپ قويار ئىدى مۇشلاشتىن.
تاشقىن ئىدى ئۇندا كۈچ ۋە تۇيغۇلار،
يۈرەر ئىدى كۆتىرەڭگۈ ۋە جانلىق.
مىجەزىدە ئىدى روشەن نامايان،
جەڭگىۋارلىق، شىددەت، بەزەن قاراملىق.
خۇلقى ئۇنىڭ ئۆزگىرىشچان، باي ئىدى،
خۇددى كۆكلەم كۈنلىرىگە ئوخشايتتى.
كۆكلەم كەبى ياشلىق كۈچى ئۇنىڭدا،
بەزەن ئاپتاپ، بەزەن جۇدۇن قوزغايتتى.
گاھى ئېچىلىپ قالاتتى كۆك ئاسماندەك،
كۆزلىرىدە قۇياش نۇرى كۆرۈنۈپ،
دىل قەھرىنى قىلىپ گاھى ئىپادە،
يۈرەر ئىدى قاش-قاپىقى تۈرۈلۈپ.
قارىشىدا پەيدا بولۇپ گاھى غەم،
ئەكس ئېتەتتى ئېغىر روھى پىغانىنى.
گاھى ئۇندا قارار تېپىپ ئىرادە،
ئەسلىتەتتى قۇدرەتلىك بورانىنى.
غەزىۋىگە ياندىش بەھرى بار ئىدى،
بولۇتىدا ئىللىق قۇياش پىنھانى.
شەپقىتىگە بىللە قەھرى بار ئىدى،
ياغمۇرىدا گۈلدۈرماما ئىسيانى.
كۈچلۈك بولۇپ ئۆسكەن نوچى يىگىتنىڭ،
قەلبى ئىدى سازدەك نازۇك، ئاھاڭدار.
تەسىراتلار بېرىپ ئۇنى چەككەندە،
جاراڭلايتتى مۇڭلۇق، خوشال ئاھاڭلار.
ئۇ تۆۋەرچى ئىدى مەلە ئىچىدە،

كەسىپ بولغان ئىدى ئاڭا بۇ ھۈنەر.
كۈنى ئۆتەر ئىدى قايناق مېھنەتتە،
دۇكىنىدا چاچراپ ئالتۇن ئۈنچىلەر.
بىر دوست ئىدۇق، ئىشتىن يېنىپ ھەر كۈنى،
ئاخشاملىرى دۇكىنىغا كىرەتتىم.
بەزەن ئۇنىڭ بولقىسىغا يۆلىنىپ —
خىيال سۈرۈپ تۇرغىنىنى كۆرەتتىم.
بىر پارچىغا چۈشەر ئىدۇق، دۇكاندا
يېرىم تۈنگە قەدەر ھەمدەم ئولتۇرۇپ.
سۆزلىشەتتۇق تەقدىرىمىز ئۈستىدە،
ئەل دەردىنى ئويلىشاتتۇق بىر بولۇپ.
قارا كۈنلەر ئازاپلايتتى ياش دىلنى،
ئازاپلايتتى، غاجىلايتتى قۇرۇتتەك.
كۆڭلىمىزنى خىرە قىلىپ خورلۇقلار،
قاپلاپ ئالغان ئىدى قارا بۇلۇتتەك.
ئۇ چاغ قىزىل مۇستەملىكە ئىدۇق بىز،
ئېلىمىزنى سورار ئىدى بىرىتانلار.
يات خەلقنىڭ زەنجىرلىرى ئىچىدە،
تولغىناتتى پەلەستىنلىك تۇققانلار.
ئەلنىڭ كۈنى ئىدى ئاچلىق، نامراتلىق،
زۇلۇم، تەھدىت، ئۆلتۈرۈشلەر ۋە قاماق.
يۇرتىمىزغا ئالغان ئىدى چاپلىشىپ،
قۇللۇق قىسمەت — بۇ ئەسىرىي بۇدۇشقاق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆلكىلەرگە خاتىرجەم،
بىرىنچىكى دەپ تاشلالمايتتۇق قەدەممۇ.
ئۆزىمىزنىڭ يەرلىرىدە ئازادە



كۆكرەك كېرىپ يۈرەلمەيتتۇق بىر دەممۇ.
ئوخشار ئىدۇق خۇددى يېتىم بالىغا،
زالىم، ئۆگەي ئانا ئىدى بىرىتانلار.
دەرت ئىچىدە يۈرەر ئىدۇق غەزەپلىك،
قەلبىمىزدە قاينار ئىدى ئىسيانلار.
موھسىن بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ يوشۇرۇن،
تۈزەر ئىدۇق قارشىلىققا پىلانلار.
ئېلىپ بارار ئىدۇق سىرلىق ھەرىكەتلەر،
ئىنتىلەتتى ئېلىشىشقا ياش جانلار.
ئەپچىل بولۇپ ياۋنى داغدا قوياتتۇق،
موھسىن ھامان ئىشىمىزغا باش ئىدى.
خەتەر ئارا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى،
شۇنداق قورقماس، شۇنداق جۇشقۇن ياش ئىدى.
ياۋ ئىچىگە راۋان ئېلىپ كىرەتتى،
مەدەت بولۇپ ئاڭا تاغدەك يۈرىگى.
قاراۋۇللار خەنجەر يەيتتى ئۇنىڭدىن،
تۈندە سوۋۇپ قالار ئىدى ئۆلۈكى.
ئىنگلىزلار خەۋپ ئىچىدە ياشايتتى،
كۆز ئالدىدا كەڭرى دۇنيا بولۇپ تار.
كۈپ-كۈندۈزى يارىلىناتتى كوچىدا،
يۇرتىمىزغا يېڭى كەلگەن ئەمەلدار.
ئاھ، ئۇ چاغلار يېنىپ تۇرغان ئوت ئىدۇق،
كۈچلۈك ئىدى بىزدە چېلىش خۇمارى.
سىرلىق كىزدىپ، ئوخلىمايتتۇق تۈن بويى،
قولىمىزدا ئازاتلىقنىڭ قورالى.
بەزەن غەزەپ بىلەن يۇرتنى قوزغايتتۇق،

كوچىلاردا ئۆتكۈزەتتۇق نامايىش.
دەرتلىك قوشۇن قۇدرەت بىلەن تەۋرەيتتى،
تووۋلاپ شۇئار، ئىزلەپ ئەرك، ئاسايىش.
ئۆتكۈزۈلۈپ تەنتەنىلىك مۇراسىم،
كۆمۈلەتتى نامايىشتا ئۆلگەنلەر.
ئادالەتلىك ئۇ چۇقانلار، ئاققان قان،
يولىمىزنى قىلار ئىدى مۇنەۋۋەر...
موھىسىن بىلەن دوستلىقىمىز سىنالدى،
رىشتە باغلاپ شۇ كەچمىشتە يۈرەكلەر.
سىرداش، سادىق بولۇپ ئۆتتۇق ئۆز ئارا،
يېقىن قىلدى بىزنى ئۇلۇغ ئىستەكلەر.
پۇرسەت يېتىپ بۇ تۆمۈرچى دوستۇمدا،
قايناپ تۇرغان ئىشىق تۇنجى گۈل ئاچتى.
تەلەي ئاڭا كۈلۈپ باقتى، بىر كۈنى
شۇنداق ئوڭلۇق بىر قىز بىلەن ئۇچراشتى.
بېلىقچىنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى ئۇ،
مەلە ئۇنى ئامىنە، دەپ ئاتايتتى.
بىر قىز ئىدى چاققان، نازۇك، ئەۋرىشىم،
گۈزەل ئىدى خۇددى گۈلگە ئوخشايتتى.
ئۇماق ئىدى دىلغا ئارام بەرگۈچى،
بوستان ئارا ئۆسكەن يۇمران گىيادەك.
دولقۇن - دولقۇن قارا چېچى بار ئىدى،
ۋە قاشلىرى ئىدى ئەگمە ئوقيادەك.
كىچىگىدىن بېلىق تۇتۇپ ئۆسكەن قىز،
گويا خۇلق ئالغان ئىدى دېڭىزدىن.
دولقۇنلارنىڭ تەبىئىتى ۋە كۆركى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تولۇق ھالقىپ تۇرار ئىدى بۇ قىزدىن.
ئاي يورۇتۇپ تۇرغان دېڭىز سۈيىدەك،
خۇمالىشىپ چاقنار ئىدى كۆزلىرى.
دولقۇنلاردا يانغان تاڭغى شەپەقتەك،
نۇرلىناتتى ئۇنىڭ ئالما يۈزلىرى.
سۆز ئاھاڭى ئاڭلىناتتى قۇلاققا،
خۇددى دولقۇن ناخشىسىدەك يېقىملىق.
كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرى بار ئىدى،
تېنچ دېڭىز كەبى گۈزەل ۋە ئىللىق.
ئامىنەگە، ياراتقۇچى تەبىئەت
ئاۋاز ئاتا قىلغان ئىدى ئاجايىپ.
مەلە ئارا ياڭراپ ئۇنىڭ كۆيلىرى،
بولار ئىدى دولقۇنلاردىلا غايىپ.
ناخشىلارنى شۇنداق ياخشى ئېيتاتتى،
يۈرەكلەرنى تىترىتىپ، ھىسقا باي.
مېھنەت ئەھلى ئاڭا قۇلاق سالاتتى،
ئارام تۇنى باشلانغاندا چىقىپ ئاي.
ئاڭلاپ ئۇنى سۇنۇق دىللار جانلىنىپ،
نەملىنەتتى كۆزلەر ئاستا تۆكۈپ ياش.
خىيال قونۇپ ئېلىپ ھارغىن كۆزلەرگە،
پەيدا بولار ئىدى ئوتلۇق يالتىراش.
ئېغىر كۈندە دىللارنى شات قىلغۇچى،
ئارزۇ كەبى گۈزەل بىر قىز ئىدى ئۇ.
گويا بۇلۇت قاپلاپ ئالغان كېچىدە،
چاقناپ تۇرغان يالغۇز يۇلتۇز ئىدى ئۇ.
شۇ قىز بىر كۈن بانا قىلىپ بىر ئىشنى،

كىرىپ كەلدى دۈكىنىغا مۇھسىننىڭ.
مۇھسىن خوشال بولۇپ ھەمدە تەنتىرەپ،
ھاجىتىنى ئىشلەپ بەردى بۇ قىزنىڭ،
ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدە شۇ كۈنى،
پەيدا بولدى نازۇك، سىرلىق قاراشلار.
شۇندىن باشلاپ ئۇچرىشىشنى كۆپەيدى،
بىر-بىرىنى سۆيۈپ قالدى بۇ ياشلار.
قىز مۇھسىننى بىلىپ تاغدەك يۆلەنچۈك،
پاك قەلبىنى كېلىپ ئىزھار ئېتەتتى.
يوقلاپ ئۇنى قايتقىنىدا دېڭىزدىن،
بېلىقلارنى تاشلاپ بېرىپ ئۆتەتتى.
پەرۋانىدەك بولۇپ ئاڭا مۇھسىنمۇ،
يانغان ئوتنىڭ ۋىسالىغا ئىنتىلدى.
قىلىپ بېرىپ ئېغىر-يېنىك ئىشلارنى،
قىزنىڭ قېرى ئاتىسىنىمۇ شات قىلدى.
يىگىت-قىزنى تەشنا باردى-كەلدىلەر،
كۈتكەن خۇشال تويى كۈنىگە ئەكەلدى.
مەھەللە خەلقى مېھمان بولدى بۇ تويدا،
قىز يىگىتنىڭ ئائىلىسىگە يۆتكەلدى.
ئويناپ-كۈلدۈق بىللە ئۆسكەن تەڭتۇشلار،
سۆيۈشكەنلەر بەختى ئۈچۈن شات ئىدۇق.
توي كارۋىنى ناغرا چېلىپ ئۆتكەندە،
چۇقان سېلىپ كوچىلارغا پاتمىدۇق.
خاتىرەمدە، ئىنگلىزلار شۇ كۈنى،
چۆچۈپ قېلىپ پىلىموتلار ئورناتتى.
ياشلىق، سۆيگۈ نامايىشى ئۇلاردا،



قورقۇنچ ۋە ئەنسىزچىلىك ئويغاتتى.
تويدىن كېيىن يىغىن تۆكۈپ قىش ئۆتتى،
باھار ئەلگە يايدى يەنە گىلەممۇ.
تۆكۈن-چېچىن بولۇپ مۆكۈلۈق كۆز ئۆتتى،
كۈلۈپ-يايراپ كەلدى يەنە كۆكلەممۇ.
ئاپپاق، پاخلان بىر قىز تۇغدى ئامىنە،
ئوماق، تاتلىق ئىدى ئۇنىڭ بوۋىقى.
تۇغۇلدىيۇ، جۇدالىققا دۇچ كەلدى،
بەش-ئالتە ئاي بولماي تۇرۇپ ئۇ تېخى.
ئېلىمىزگە چەتتىن كەلگەن كۆچمەنلەر،
تۇتۇش قىلدى ئەرەبلەرنى قىرىشقا.
مەملىكەتتە پارتلىدى توقۇنۇش،
مەھەللىمىزمۇ كىردى قانلىق ئۇرۇشقا.
شۇ ئۇرۇشنىڭ كەسكىن، قايناق پەيتىدە،
ئامىنەنى كۆردۈم، قېچىپ باراتتى.
قۇچىقىدا يۆگەكتىكى بوۋىقى،
ئارقىسىدىن بىر يەھۇدى قوغلايتتى.
مۇھسىن جەڭدە باتۇرلارچە ئۇرۇشۇپ،
ئۆلگەن بولسا كېرەك بەلكى قورادا.
تاش قىرغاقتا يېتىپ بېرىپ ياش ئايال،
دولقۇنلارغا غەرق بولدى نىدادا.
ئانا دېڭىز ئالدى ئۇنى باغرىغا،
قىرغاق ئۈزرە قالدى يېتىم بوۋىقى.
بوۋاققا تىغ كۆتەرگەندە يەھۇدى،
مىلتىغىمدىن ئۇچتى ئاڭا جەڭ ئوقى.
ئەجەل تېپىپ ۋەھشى نىيەت باسقۇنچى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاشلار ئارا چۈشتى شۇئان تىك ھۇلاق.
ۋە بوۋاقنى قۇتۇلدۇرۇپ كېچىسى،
كەتتۇق ئۆسكەن ئۆلكىلەردىن كۆپ يىراق...
ئەجەپلىنىپ باقما قىزىم مۇنچىلا،
كۆزلىرىڭدىن ياش ئەگمىدى نېمىشقا؟
سەن يىغلاشقا تۇغۇلمىغان دۇنياغا،
بۇلارنى سەن تېگىش بىلىپ ئېلىشقا.
نېمە كەچتى شۇدەم تۇيغۇن كۆڭلۈڭدىن؟
بىلسەڭ قىزىم سەن توغرىلىق سۆزلىدىم.
مەن ئۆلۈمگە بارماقتىمەن يېقىنلاپ،
ئۆتكەنلەرنى بىلىپ قالسۇن قىز، دېدىم.
پەقەت بېقىپ چوڭ قىلغۇچى بىر سېنى،
ياش تۆمۈرچى موھسىن — ئاتاڭ بولىدۇ.
مەغرۇر ئۆلۈم بىلەن ئۆلگەن ئانىمە،
دېڭىز قىزى — سېنىڭ ئاناڭ بولىدۇ...

× ×

تاغ بەللىرى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ،
ھاسىل قىلغان سانسىز جىرا-جىلغىنى.
سارىيەگە تاغ-تاشلارنىڭ ئىچىدە،
بىر كۈن بولدى ئوزۇق ئىزلەپ يۈرگىلى.
كۆز ئالدىدىن كەتمەي ئۇنىڭ قاسىمى،
ھەريان بېقىپ كېزىپ يۈردى ئالدىراش.
ئۇنى تامام ماغدىرىدىن كەتكۈزدى،
ئاچارچىلىق ھالسىزلىقى ۋە چارچاش.



ئۈمىتلىنىپ غەيرەت بېرىپ ئۆزىگە،
جىرالارنى ئارىلاپ چىقتى ئۇ چاققان.
كۆيلىگىنى يىرتىپ قالدى چاتقاللار،
پالتىرىدى پۇتلىرىدىن ئاققان قان.
ئارام ھەرمەي ئېغىرلاشقان جىسمىغا،
تاغدىن-تاققا، سايدىن-سايغا يۆتكەلدى.
ئۇ تاغلاردىن تاپالمىدى ھېچ نەرسە،
نە بىر مېۋە، ياكى يېلتىز دۇچ كەلدى.
تۇتۇپ قاراپ ھەرخىل گىيا-كوكاتنى،
كېزىپ يۈردى ئەتىگەندىن-شامغىچە.
گۈگۈم پەيتى ياندى ئاخىر ئۇھ تارتىپ،
لېكىن يولدا ئېزىپ قالدى ياڭغىچە.
يات چوققىلار تۇساپ ئالدى ئايالنى،
تۈن زۇلمىتى ئاداشتۇردى كۆزىنى.
ئۇ مېڭىشنى داۋام قىلدى تۈن بويى،
يول ئىزلىدى ھەريان ئۇرۇپ ئۆزىنى.
قاراڭغۇلۇق چىقىپ بولماس بىر چۆلدەك،
كۆز ئالدىدا يېيىلاتتى بىپايان.
كۆتىرىلگەن قارا ئىستەك چوققىلار،
غۇۋا كۆكتە تۇرۇشاتتى يانمۇ-يان.
يىراقلاردىن ئەنسىز بولۇپ كېلەتتى،
تۈلكىلەرنىڭ بىر-بىرىنى چىللىشى.
يۇتۇپ ئالغان ئىدى بارچە يوللارنى،
جىلغىلارنىڭ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشى.
ئەندىشىگە سالدى ھارغىن ئايالنى،
تۈن تاغلىرى، زۇلمەتنىڭ بۇ قىلمىشى.

ھالسىزلىنىپ يىقىلدى ئۇ ئاخىرى،
ۋۇجۇدىدىن كۆتىرىلدى ئەس - ھوشى.
ساردىيەنى، ھالسىز، بىھوش ئۇيقۇدىن،
سەھەردىكى مۇزدەك شامال ئويغاتتى.
ئۇ كۆزىنى ئېچىپ كۆردى: يىقىلىپ —
بىر جىرانىڭ گىرۋىكىدە ياتاتتى.
ئەسكە چۈشتى ئاداشقىنى ۋە قاسىم،
تەشۋىش بىلەن تۇرۇپ كەتتى ئالدىراپ.
ۋە نەزىرى چۈشتى ئۇنىڭ جىراغا،
قاراپ قالدى ھەيران بولۇپ، گاڭگىراپ.
قاقاس ئىدى كېزىپ ئۆتكەن تاغلىرى،
لېكىن مۇندا كۆردى يېشىل ئورمانلىق.
تاغ سۇلىرى شاقىرايتتى جىرادا،
جىرا ئىدى خۇش تەبىئەت ۋە جانلىق.
قۇيرۇغىنى يېيىپ تاشتا قىرغاۋۇل،
گۈللەپ تۇرغان يان باغىرغا قارايتتى.
ھەرخىل قۇشلار سۈرەن سېلىپ، شات بولۇپ،
ئورمان ئارا ئۇچاتتى ۋە سايرايتتى.
شۇنداق گۈزەل كۆرۈنەتتى ئۇلارنىڭ،
تاڭنىڭ كۈمۈش شولىسىدا پەرۋازى.
گىيالارنى ئويغىتاتتى ئۇيقۇدىن،
ھۆرلۈك - شاتلىق بىلەن تولغان ئاۋازى.
تاڭ سەلكىنى ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرنى،
ئەركىلىتىپ ئۆتەتتى ۋە قوزغايتتى.
ئايال كۆردى، بۇ گۈللەرنىڭ يۇرتىدا،
بىر تۈپ ئالما قەد كۆتىرىپ تۇراتتى.



ئېگىلىپ تۇرغان شاخلىرىدا مېۋىسى،
پاقىرايتتى قىزغۇچ بولۇپ تاۋلىنىپ.
ئاڭا بېقىپ ماڭدى ئايال ئىنتىزار،
چاقناپ كۆزى، ھالسىز تېنى جانلىنىپ.
گويا چۆلدە سۇسىز قالغان كارۋانغا،
ئۇچراپ قالدى قۇتقازغۇچى بىر بۇلاق.
ئالمىغا تېز يېتىپ باردى سارديە،
ۋە تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى ئۇ ئۇزاق.
قاراپ، قاراپ... كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ،
ئۇنىڭ ئەگرى شاخلىرىغا قويدى باش.
پىچىرلىدى، تۇمانلاشقان كۆزىدىن —
كۈز ئاسمىنى كەبى ئاستا تۆكۈپ ياش:
ئەي سەن ئالما، تاغنىڭ ياۋا مېۋىسى،
بوستان شاخلىق، كۈمۈش غول، كۆك ياپراقلىق.
كۆرۈپ سېنى يارىلانغان قەلبىمدە،
پەيدا بولدى، يىغا، ناخشا، ئامراقلىق.
ئېغىر دەمدە قالغىنىمدا دۈچ كەلدىڭ،
بېغىشلىدىڭ ماڭا ئۈمىت، ھاياتلىق.
قۇتۇلدۇردۇڭ ئاچارچىلىق دەشتىدىن،
ئېلىپ چىقتىڭ سومرۇغ بولۇپ قاناتلىق.
ئەي سەن ئالما، مەلىكىسى تاغلارنىڭ،
كۆرۈنىشىڭ شۇنچە گۈزەل سېنىڭكى.
مەن كۆردۈمكى ياشاش بەختى تېپىپسەن،
ئىكەن مۇندا توققۇزۇڭ تەل سېنىڭكى.
مېھىر قويۇپ ساڭا ئانا تەبىئەت،
جاي بېرىپتۇ كۆركەم، سالقىن ۋادىدىن.

تاغ ئورمىنى قاپتىلىدا گۈللەپ سەن،
ۋەتەن تېپىپ خىلۋەت تاغلار باغرىدىن.
جان بەرگۈچى، شوخ ۋە سۈزۈك ئېقىنلار،
ئۆتىدىكەن سېنى دائىم سۇغۇرۇپ.
مۇنبەت ئىكەن يىلتىز يايغان تۇپرىقىڭ،
كۆكىرىپسەن مۇندا ئەركىن ئۆلگۈيۈپ.
سەن بىلەن ھۆر جامالىنى بېزەپتۇ،
ئۆلمەس ياشلىق بىلەن ياشناپ جىرالار.
ئاسرايدىكەن سېنى مۇندا بورانلىدىن،
ئوراپ ئېلىپ دەل - دەرەخ ۋە قىيالار.
گۈزەل ياشاپ يىراق، تىنچ ماكاندا،
يارىتىپسەن مۇنچە نۇرغۇن ئۇزۇقلۇق.
لالە رەڭلىك شۇ مېۋەڭدىن كۆردۈم مەن،
شۇدەم مېھرى - مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغلۇق.
چۈنكى مېۋەڭ سېنىڭ نىجات بېرىدۇ،
ئاچلىق ئەجەل بولۇپ كەلگەن ھەرجانغا.
ئۇ ھەرقاچان شىرىن ئۇزۇق بولىدۇ،
كېيىكلەرگە، قۇشلارغا ۋە ئىنسانغا.
ھەممىتىڭدۇر سېنىڭ ئالغان دۇنيادىن،
زېمىن كۆركى بولۇپ ئۆسۈش ۋە گۈللەش.
قىممىتىڭدۇر يازنىڭ نۇرلۇق كۈنلىرى،
بىخلىرىڭدا شىرنە توپلاپ مېۋىلەش.
ماكان، تۇپراق، سۇلار — سېنىڭ ھاياتىڭ،
سەن شاخ يېيىپ ئۆسەلمەيسەن بۇلارسىز.
بولماس سەندە كۆكىرىش ۋە چېچەكلەش،
يورۇتقۇچى، ئىللىتقۇچى نۇرلارسىز.



ياشاش ئۈچۈن ئىمكان سەندە بولمايدۇ،
ئەگەر ماكان تېپىلمىسا دۇنيادا.
ئۆلۈپ قۇرۇق ئوتۇن بولۇپ قالسەن،
يەردىن ئۇزۇق ئالالمىساڭ مۇبادا.
سېنىڭ بىلەن تەقدىرىمىز بىر بىزنىڭ،
ۋەتەن دېگەن بۇ مۇقەددەس مەنىدە.
بىز ۋەتەننى قويدۇق ياۋغا تارتقۇزۇپ.
ۋەتىنىمىز بولغان ئىدى ئەسلىدە.
ئەلەم چەككەن قەلبىمىزدە قاينايدۇ،
ۋەتەن دەردى، كونا - يېڭى قىساسلار.
قۇتقۇزماقچى بولدۇق ئۇنى جەڭ بىلەن،
بولۇپ قىزغىن كۆرەشكۈچى، خالاسكار.
دىدى ئايال بۇ دەرەختىكە مۇڭ تۆكۈپ،
ۋە ئېتەككە ئۈزۈپ ئالدى ئالمىدىن.
كۈنگە بېقىپ يول ئىزلىدى قايتارغا،
كەلگەن يولى ئايان بولدى ئالدىدىن...

× ×

تاغۇ - تاشنى كېزىپ ئۇزاق ساردىيە،
يېتىپ كەلدى تاغ ئۆڭكۈرى ئالدىغا.
ئۇ ئاڭلىدى، تاغ ئۆڭكۈرى ئىچىدىن،
ياڭراپ چىققان ئىدى ئاچچىق بىر يىغا.
ئەكىس سادا بېرەر ئىدى تاغلاردا،
جەملەنىڭ دىلىنى ئېزەر پەرىيادى.
سەپداش - يارانلىرى بىلەن قاسىمنىڭ،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تولۇپ كەتكەن ئىدى ئىگىز تاغ ئالدى.
ئاپتوماتلىق پارتىزانلار ئۇ يەردە،
سوكۇت بىلەن تۇرۇشاتتى ھۆرمەتتە.
غەزەپ قاپلاپ ئالغان ھارغىن كۆزلىرى،
يالتىرايتتى ئىزتىراپتا ۋە دەرتتە.
سارىيەنى كۆردى ئۇلار، سەپ بولۇپ —
كۆك ئاسمانغا قاراپ بىردەك ئۈزدى ئوق.
بۇ قايغۇلۇق ھۆرمەت، ماتەم ئوقلىرى
كۆك قەھرىگە ئۇچۇپ چىقتى، بولدى يوق.
چىقىپ كەلدى شۇ ئان قىزى جەمىلە،
پەريات سېلىپ، يۈز - كۆزىنى تىرناقلاپ.
سارىيەنى گاڭگىراتتى بۇ ھالەت،
كەلگەن چاغدا يوللار كېزىپ، تاغ ئاتلاپ.
تۇرۇپ قالدى بىر دەم مۇڭلۇق ھەيكەلدەك،
تىلى سۆزگە كەلمەي دەرھال، بولۇپ لال.
قىزى كېلىپ ئېسىلغاندا چۈشەندى،
نىمە بولۇپ ئۆتكىنىنى بۇ ئايال.
توختىماستىن دادا! دەيتتى جەمىلە،
ئىچ - ئىچىدىن تىترەپ، ئۆكسۈپ ۋە يىغلاپ.
سارىيەنىڭ پۇت - قوللىرى بوشاشتى،
ئالمىلىرى چۈشتى يەرگە دومىلاپ.
بىر - بىرىنى قوغلىشىپ بۇ ئالمىلار،
ئېقىن سۇغا چۈشتى، بىللە يول ئالدى.
بۇ دۇنيادىن ئۆتكەن سانسىز ھاياتتەك،
ئاققان سۇلار بىلەن بىللە يوقالدى...



× ×

ماتەم تۈنى كېيدى تاغلار قاپ - قارا،
تۈن قاپلىدى جىلغىلارنى، جىرانى.
ئاينىڭ خىرە شولىلىرى يورۇتتى،
شىمال ياقتا كەتكەن چىغىر يوللارنى.
ئۇزۇن يىللار بىللە ئۆتكەن قەدىناس،
قۇچاغلىدى يىغلاپ يېڭى قەۋرىنى.
جۇدالىقنىڭ ئېغىر دەردى ئامبۇردەك،
قىسىپ ئالدى ئۇنىڭ غەمكىن قەلبىنى.
ئۇنى سوكۇت بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى،
ئەتراپىدا پارتىزانلار ۋە قىزى.
ياشقا تولغان كۆزلىرىنى سارىيە،
تىكتى كۆككە — پارلار قۇتۇپ يۇلتۇزى...
پارلايدۇ ئۇ شۇنچە گۈزەل، شۇنچە ئاق،
ۋە نۇرلىنار چەكسىز ئۇزاق - ئۇزاقتا.
ئايال ئاڭا باقار تەشنا تەلمۈرۈپ،
ئىختىيارسىز پىچىرلايدۇ ئۇ ئاستا:
ئەي، سەن يۇلتۇز، ئەي سەن قۇتۇپ يۇلتۇزى،
مەڭگۇ چاقناپ كەلدىڭ شۇنداق زۇلمەتتە.
باقتى ساڭا ئىشەنچ بىلەن سانسىزلار،
زۇلۇم چېكىپ قالغان چاغدا كۈلپەتتە.
ئىنسان بالىسى ياشاپ كەلدى سەن بىلەن،
نۇرسىز تۈندە سەندىن يورۇق نۇر تاپتى.
تالاي كارۋان ئۆتتى ساڭا سېغىنىپ،
قايغۇ - ئەلەم سەھراسىدىن يول تاپتى.
سەن ئاسماندا كۈلۈپ - پارلاپ تۇرمىساڭ،

چەكسىز ئالەم بولار ئىدى گۆرىستان.
تارتقان دەرتلەر بىلىنمەيدۇ سەن بىلەن،
دۇنيا سوغۇق، ئەمما كۆڭۈل گۈلىستان.
ئاپپاق سۈبھى گۈللىرىدەك ئېچىلىپ،
سەن ياشايسەن مەزلۇم خەلق قەلبىدە.
يورۇتىسەن تۇمان باسقان دىللارنى،
ياشاش زوقى ھاسىل قىلىپ ھەممىدە.
سېنىڭ ئۆلمەس چاقناشلىرىڭ ئەۋجىدىن
كۆپ دەرتمەنلەر قۇۋۋەت ئالدى، روھ ئالدى.
بۇ دۇنيادا خارلانغانلار تالاي رەت،
ئەرك - ئازاتلىق يوللىرىدا قوزغالدى.
بىر ئۆلمىسەك، ئانا ۋەتەن ئۆلمەيدۇ،
شېخى سۇنسا، كۆكلەپ چىقار يىلتىزى.
مۇقەددەس جەڭ يوللىرىنى يورۇتقىن،
ئەي سەن يۇلتۇز، ئەي سەن ئۈمىت يۇلتۇزى!...
— تۇرغىن ئانا! — دىدى ئاكا جەمىلە، —
يەنە تۈنلەپ يول يۈرىمىز بىر ئۇدا.
پارتىزانلار ساقلاپ قالدى، چېكىندۇق،
بازىلاردىن بولدۇق بۇندا بىر جۇدا.
قەدىم تاغلار ئارا چىغىر يول ئاچتۇق،
مەخپى يوللار سۈرىيەگە تۇتاشتى.
بىزدىن ئالدىن چېكىنگەنلەر ئۇ يەردە،
ئاراپاتنىڭ قىسمى بىلەن ئۇچراشتى.
قالدى ئاتام... جايى بولسۇن جەننەتتە!...
تۇر، ماڭايلى ئانا! — دىدى ئۇ يىغلاپ.
ھالسىز ئايال تۇردى ئاستا ئورنىدىن،
پارتىزانلار ئالدى ئۇنى قولتۇقلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 7 - باپ

## ئاھ، ئۇچقۇن!...

كۆك قارايدى ماتەمنى تۇتقاندەك،
قارا يىللار بىلەن ئېغىر كۈنلەرنىڭ.
دېڭىزلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن بۇلۇتلار،
تەقدىرىگە يىغلايدىكىن كىملەرنىڭ؟...
قاسىم ئۇچقۇن ھازا ئاچتى ھامىدلار،
سارىيەلەر يېتىپ كەلگەن ھامانلا.
كۆڭۈل سوراپ كەلدى گۈللۈك ھوجرىغا،
مۇساپىرلار، خولۇم - خوشنا، يارانلار.
سۈرىيىلىك بوۋاي قىلدى قىرائەت،
ئېچىپ قويۇپ ئالتۇن خەتلىك قۇرئاننى.
يىغىلغانلار سۈكۈت بىلەن ئاڭلىدى،
بۇ قەدىمىي ۋە مۇقەددەس زۇۋاننى.
يامغۇرسىراپ تۇرغان تۇتۇق ئاسماندەك
كۆپ كۆزلەردە يالتىرىدى سۈزۈك ياش.
غەمكىن ھامىد چۆكتى ئېغىر خىيالغا،
قىرائەتكە قۇلاق سېلىپ، ئېگىپ باش.

خىيالنى باشلاپ كەتتى تارىخقا،
قايغۇ بىلەن ياڭراۋاتقان بۇ زۇۋان.
كۆز ئالدىغا كەلدى ئۇنىڭ ئەرەپلەر،
ئالتۇن دەۋر ئاچقان ئۇزاق ئۇ زامان.
زەپەر تېپىپ لەپىلدىگەن قىتئەدە،
مۇھەممەتنىڭ ھىلال ئايلىق بايرىغى.
شۇ سادالار بىلەن يىراق تارقالغان،
ئەرەپلەرنىڭ كۈچلۈك روھى بايلىغى.
قۇدرەت تېپىپ ئەگرى قىلىچ، ئاق ئاتلار،
ئەرەپلەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئەككەن باش.
يۈرەكلەرنى ئېرىتكۈچى شۇ زۇۋان،
يات ئەللەرنى قىلغان ئىدى قېرىنداش.
بۇ ئۆزگەرمەس، ئاشنا سادا ناھاتكى،
بۈگۈن نۇقۇل ماتەم كۈيى بوپ قالسا؟
قەدىم مىللەت بۇ سادالار ئىچىدە،
بىلىپ - بىلمەي، تۇيۇپ - تۇيماي يوقالسا؟...
ئۆزگىلەرنىڭ يامراپ كۆچۈپ كېلىشى
بولۇپ قالسا بۇ خەلقنىڭ زاۋالى؟!
كونا جەڭچى چۆچۈپ چۈشتى خىيالدىن،
بەكمۇ يەڭگىل كەتكەن ئىدى سوئالى.
ئۇ ئويلىدى، بۇ خىيالنىڭ جىلۋىسى،
قايغۇ پەيدا قىلغان تەنتەك ھاياجان.
ئەرەپ خەلقى ئۇلۇغ خەلق يوقالماس،
پەلەستىنمۇ يوقالمايدۇ ھېچقاچان.
مۇساپىرلار يېتىلمەكتە كۆرەشتە،
ئويغاتقۇچى زەربىلەردىن تېپىپ ھۇش.



بورانلاردا قانات تاۋلار بۈركۈتلەر،
مەنزىلىگە يېتەر چوقۇم ئۇچقان قۇش!
ئۇنىڭ كۆزى چۈشتى شۇدەم ياشلارغا،
كۆز ئالدىدا ھازىر ئىدى زۇلپىقار.
ۋە جەمىلە... بولسىمۇ دەرت ئىچىدە،
بالقىپ تۇرار ئىدى ئۇنىدىن خۇش باھار.
يېتىلدۇردۇق ئەۋلادىنى كۆرەشنىڭ،
دەپ ئويلىدى ھامىد ئۆتكەن ھاياتتا.
ئۆسۈپ يەتتى قوراللانغان پەرزەنتلەر،
ئەل ئۈمىدى ئەمدى ئاشۇ ئەۋلاتتا!...

× ×

سۈكۈت بىلەن ئولتۇرۇشقان ياشلارنىڭ
بىر - بىرىگە چۈشتى شۇ دەم كۆزلىرى.
يەر ئاستىدىن ئاستا نەزەر سېلىشتى،
مۇسىبەتتە تۇرغاندىمۇ ئۆزلىرى.
داۋام قىلار ئىدى مۇڭلۇق قىرائەت —
يۈرەكلەرنى ئەزگەن ئېغىر بۇ سادا.
زۇلپىقارنىڭ قىران قەددى پالۋاندەك
ئايان بولدى جەمىلەنىڭ ئالدىدا.
قۇشۇما قاش ئىدى جۇشقۇن ياش يىگىت،
يەلكىلىرى كەڭرى ئىدى زىيادە.
ئەكس ئېتىپ تۇرار ئىدى كۆزىدىن
قەلب كۈچى بىلەن مەغرۇر ئىرادە...
خىيالىدىن كەچتى قىزنىڭ: بۇ يىگىت،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماڭا قوۇرداش ئۇغلى ئىكەن تاغامنىڭ.
بىر - بىردىمىزنى كۆرمەي مۇنچە چوڭ بوپتۇق،
يازمىشلىرى كەلگەچ شۇنداق زامانىنىڭ...
قىزغا نەزەر سېلىپ پىنھان زۇلپىقار،
شۈكرى سانا ئېيتتى دىلدىن تەڭرىگە.
قىزنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشى سۈرەتتەك
ئورناپ قالدى شۇئەم ئۇنىڭ قەلبىگە.
قەدىم بوۋىلار ئوقياسىغا ئوخشايتتى،
ئۇنىڭ ئەگىم - ئەگىم نازۇك قاشلىرى.
ئوراپ ئالغان يۈزىنى ۋە بوينىنى
توزغۇپ تۇرغان بۇدرە - بۇدرە چاچلىرى.
كۆكرىكىدىن يېيىلىپ تۇرىدۇ بۇ چاچلار،
ۋادىلارغا چۆككەن تۈندەك قاپ - قارا.
كۆرىنىدۇ پېشانىسىدىكى تارتۇغى،
ئوت يالقۇنى كۆرۈنگەندەك تۈن ئارا.
قىزىلىق رەڭگى بالقار ئۇنىڭ يۈزىدە،
قىزىرىپ پىشقان خورما كەبى سۈزۈلۈپ.
خىيال ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى
يۇلتۇز كەبى تۇرىدۇ چاقناپ كۆرىنىپ.
بۇ كۆزلەردە بەزەن جۇشقۇن بىر نىگاھ،
خەنجەر كەبى يالتىرايدۇ باقسا تىك.
بۇ كۆزلەردە جۇش ئۇرىدۇ روھى كۈچ،
جەڭ شىددىتى، ئىرادە ۋە گۈزەللىك...
قۇياش نۇرى ياقۇت كۆزگە چۈشكەندەك،
بىر دەقىقە كۆزلەر كۆزدە ئۇچراشتى.
تىكىلگەندە زۇلپىقارنىڭ نەزرى،



قىز كۆزىنى دەرھال ئۇندىن ئەپقاچتى.
قىز قىزاردى... ئۇنداق ھېسنى بېشىدىن
كەچۈرمىگەن ئىدى بۇرۇن ھېچقاچان...
بۇ دەقىقە. زۇلپىقارنىڭ كۆڭلىدە
پەيدا قىلدى دولقۇن كەبى ھاياجان....

× ×

جەمىلەنىڭ سەيداشلىرى بۇ يەردە،
ھامىدلارنىڭ قوشۇنىغا قاتناشتى.
قوللىرىغا ئالدى يەنە قورالنى،
ئۇلار ئۈچۈن پەقەت بازا ئالماشتى.
قېرىنداشلار قارشى ئالدى ئۇلارنى،
ھامىد ئىدى بۇندا ئەترەت باشلىغى.
پارتىزانلار تەشكىلاتى ئىشەنگەن —
ئاڭا، جەڭدە ئۆتكەچ پۈتۈن ياشلىغى.
زۇلپىقارنى، جەمىلەنى بىرلىكتە
ئۇ ئالدىغا چاقىرتتى بىر كۈنى.
غايەت خوشال قىلدى ئاتا — ھامىدنى،
بۇ ياشلارنى سەپتە بىللە كۆرگىنى.
— ئەي، قەدىردان باللىرىم! — دىدى ئۇ، —
مەن سىلەرگە تاپشۇرماقچى ۋەزىپە.
مۇشكۈل ئىشلار كۈتۈپ تۇرار سىلەرنى،
جەڭ ھاياتى ئۆتەر شۇنداق ھەمىشە.
بۇ زاماندا دۈشمەن بىلەن كۆرەشمەك
ئويلىغاندىن كۆرە يەنە مۇرەككەپ.

مەقسەت ئۈچۈن قىلماس تېخى كۆپايە،
ئۇدۇل جەڭلەر ۋە ئېلىشماق تارتىپ سەپ.
پەلەستىنىنىڭ بىر قانۇنى ھەمدادى،
تۇرماق كېرەك بۇنى ياۋغا ئەسلىتىپ.
تۇرسۇن دائىم ئۆزلىرىنى دۈشمەنلەر
قاراقچىدەك ۋە ئوغرىدەك ھېس ئېتىپ.
بەكدۇ ئەنسىز ۋە ئارامسىز بولىدۇ،
قاراقچىنىڭ كەيپى، روھى ھالىتى.
تۇرسا - قوپسا كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ،
جىنايەتتە بولغان مەشئۇم سائىتى.
ئەگەر بولسا تۈندە ئادەم ئۆلتۈرگەن،
كۆز ئالدىدا ئاقار ھامان قىزىل قان.
قىساس ئىزلەپ ھەلقۇمىدىن بوغىدۇ،
چۈشلىرىدە پەيدا بولۇپ ئۆلگەن جان.
ئالغان مېلى ئىگىسىنى ئەسلىتىپ،
دائىم خەۋپ ھېس قىلدۇرار ئوغرىغا.
تۈيۈلىدۇ گويا داردا سىرتماق
توغرىلانغان كەبى ئۇنىڭ بويىنىغا.
خۇددى شۇنداق پەلەستىندە كۆچمەنلەر،
يۈرسۇن دائىم دەسسىگەندەك يانتاققا.
ئۇندا يېڭى، پارتىزانچە زەربىلەر
ئۈيۈشتۈرماق لازىم بولدى "پاتاخ" قا.
ئىشغالىيەت ئاستىدىكى زېمىنگە،
ئەۋەتمەكچى بولدۇق مەخپى گۇرۇپپا.
ئەنسىزلىكتە قويۇپ غالجىر دۈشمەننى،
مەھكۇملارنى يېتەكلەيمىز يورۇققا.



سىلەرنىمۇ شۇ زەربىدار ھەركەتكە
ئەۋەتمەكنى قىلىپ قويدۇم مەن قارار.
سىز ھەم بىللە بېرىڭ قىزىم جەمىلە،
گۇرۇپپىغا باشلىق بولسۇن زۇلپىقار.

× ×

گۈزەل دېڭىز مەلىسىگە تۈن چۆككەن،
ئاي ئاسماندا كۆرۈنىدۇ يالتىراپ.
تەۋرەپ تۇرغان دولقۇنلىرى دېڭىزنىڭ،
قىرغاقلارغا ئۇرۇلىدۇ شاقىراپ.
ئولتۇرىدۇ جەمىلە ۋە زۇلپىقار،
دولقۇن سۆيۈپ تۇرغان تاشلىق قىرغاقتا.
ئۇلار جىمجىت كۆز تاشلايدۇ دېڭىزغا،
يالغۇز يەلكەن لەيلەپ يۈرەر ئۇزاقتا.
ئۇلار بىللە ئولتۇرىدۇ ئۇيقۇسىز،
بىر - بىرىگە مۆرە تىرەپ ۋە يانداش.
قىز خىيالىنىڭ يەلكىنىدە ئۈزىدۇ،
زۇلپىقارنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ باش.
يىگىت دولقۇن كەبى يۇمشاق پىچىرلاپ،
نىقاپلىنىش بولدى دەيدۇ ئوڭۇشلۇق.
ئەرەپلەرگە سىڭىپ كەتتى گۇرۇپپا،
يوشۇرۇنۇپ ئالدۇق بۇندا بىر تولۇق.
مەن — ئىشلەمچى، تېنەپ يۈرگەن سەرگەردان،
سىز — قىرغاقتا پارچە ۋىنو ساتقۇچى.
بېلىقچى ۋە ھامبال بولدى باشقىلار،

www.uyghurkitap.com

قولسىزغا ئۆتتى ياۋنىڭ ئاچقۇچى.
ئاۋال مۇشۇ مەھەللىدىن باشلايمىز،
تۈيۈقسىز ۋە قاخشاتقۇچى زەربىنى.
يەر تەۋرىگەن كەبى مۇجۇپ قويىمىز،
كۆچمەنلەرنىڭ تىنىپ قالغان قەلبىنى
چۈنكى بۇندا چىققان ئوقنىڭ ساداسى
ئەتىسلا ئاڭلىنىدۇ جاھانغا.
چەتئەللەردىن كېلىپ ـ كېتەر جانابلار،
بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كېتەر ھەريانغا.
دەم ئالغۇچى سەيياھلارنىڭ ئىچىدە
دوستلارمۇ بار ۋە بار بىزگە ئۆچمەنلەر.
ئەسلى ئەرەپ مۈلكى بولغان بۇ جايغا
نۇرغۇن داچا سېلىپ ئاپتۇ كۆچمەنلەر.
بۇ مەلىگە سىڭگەن كىندىك قېنىمىز،
ئايرىلغاندا ئۇندىن يىۋاق ئىككەنمىز.
چېكىنگەندە سىزنى ئېلان ئاغزىدىن
قاسىم تاغام ئېلىپ قاچقان ئىكەن تېز.
داچا سېپتۇ شازار دىگەن يەھۇدى،
ئەلى بوۋام ئۆتكەن قەدىم قورۇغا.
باي بولۇشۇپ ئاپتۇ بۇندا كۆچمەنلەر،
ئالدى بىلەن چېقىلمىز شۇلارغا.
ئاۋال پۇختا ھازىرلىنىپ ئالىمىز،
زەربىسى تېز، تەسىرى چوڭ بۇ ئىشقا.
داچىلارنى توپ ـ توز قىلىپ پارتلىتىپ،
كېيىن مەخپىي يۆتكىلىمىز قۇددۇسقا.
سىز ھەركەتتە بولۇڭ بۇندا خاتىرجەم،



گۇرۇپپىمىز قوغدار سىزنى ھەرقاچان.
مەن ئويلايمەن، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمايدۇ،
جەڭدە پىشقان بوستان چاچلىق قەھرىمان...

× ×

داچىسىدىن چىقىپ تاڭدا ھەر كۈنى،
قىرغاقلاردا ئايلىنىدۇ جىك. شازار.
دەم ئېلىشقا كەلگەن ئىدى قۇددۇستىن،
مەھكىمىدە كەڭرى دۇنيا بولۇپ تار.
پارتىزانلار سوققىلىرى تۈپەيلى،
ئىدى ئۇنىڭ ئەسەبلىرى چارچىغان.
كاردىن چىقىپ ئۇيقۇسى ۋە ئىشتىيى،
پۇت ـ قولىدا زادى ماغدۇر قالمىغان.
بۇندا ئارام تاپتى ئاجىز يەھۇدى،
شىپا بولدى دېڭىز سۈيى، ساپ ھاۋا.
كەچ سالقىنى بىلەن كۈندۈز ئاپتىۋى،
بولدى ئاڭا جان كىرگەرتكۈچ بىر داۋا.
غايىپ بولۇپ بۇندا روھى جىددىلىك،
قاخشىغان جان ئالدى ئەركىن نەپەسلەر.
يىدى، ئىچتى، ماغدۇرىغا كەپقالدى،
پەيدا بولدى ھەتتا كونا ھەۋەسلەر.
مېيىر خانىم سىمىز ئىدى چوشقىدەك،
تارتالمايتتى ئەمدى ئۇنىڭ مەيلىنى.
قېرى كۆڭۈل ئارزۇلايتتى كۈن ۋە تۈن،
باشقا غەيرى مەھبۇپلارنىڭ كەيپىنى.

ئۇيلار ئىدى، تاپسام ئەدىم بىر جانان،
دىل ئالغۇچى بولسا ئۆزى، بولسا ياش...
دىققىتىنى تارتتى بىر كۈن قىرغاقتا،
ۋىنو سىپتىپ يۈرگەن گۈزەل بوستان چاچ.
ھۆكۈم قىلدى شازار ئۇنى ئۆزىچە،
قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يۈرگەن كەپتەر، دەپ.
دان تاشلىساڭ، ئۆگەتسەڭلا بولغىنى،
مۇنداقلاردىن كەلمەيدۇ ھېچ خەتەر، دەپ.
كامان قاشلار ئۈستىدىكى تارتۇغى
ئاشا قاۋاق قىزلىرىنى ئەسلەتتى.
مۇنداقلارنى خورلاپ ئۇندا لۆكچەكلەر،
ئالدىشاتتى، ئۇرۇپ - چەيلەپ كېتەتتى...
ۋىنو سىپتىپ تۇرغان قىزنىڭ يېنىدىن
كېتەلمىدى شازار، قالدى ئايلىنىپ.
ۋىنو سىپتىپ ئالدى ئارقا - ئارقىدىن،
يانچۇقىدىن شاراقلىتىپ پۇل ئېلىپ.

× ×

ۋە ئاخىرى شازار قىزغا سۆز ئاچتى،
داچىسىغا تەكلىپ قىلىپ خىزمەتكە،
ۋەدە قىلدى خېلى نۇرغۇن ئىش ھەققى،
لايىق كۆردۈم دىدى ھۆرمەت - ئىززەتكە.
دىدى شازار: بىر ئېتىم بار داچامدا،
ئەرەپ ئېتى، ئېلىپ كەلگەن سىنايدىن.
بىراق ئۇ ئات ئۆزەلمىدى مېھرىنى،



ئۆزى ئۆسكەن، كۆنۈپ قالغان ئۇ جايدىن.
بۇ ئېتىمنىڭ بەكمۇ غەيرى خۇلقى بار،
ئۇنىڭ خۇلقى يوقالمىدى ھازىر ھەم.
خالىمايدۇ ئەرەپلەردىن باشقىنى،
باشقىلاردىن يىمەيدۇ ئۇ ئەسلا يەم.
ئەرەپلەردىن ياللىدىم كۆپ ئاتباقار،
ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ قالدى بىر - بىرلەپ.
قىلغان ئىدىم ئارزۇ چەچەن ئۇ ئاتنى،
سىزدەك گۈزەل ئەرەپ قىزى باقسۇن، دەپ...
مۇھىم شەخس ئىدى تۇرغان يەھۇدى،
جاۋاپ بېرەي دەپ ئېيتتى قىز ئويلىنىپ.
شۇ ئاخشىمى زۇلپىقارنى ئىزلىدى،
خادا تاشلىق قىرغاقلارغا يول ئېلىپ.

× ×

ئولتۇرىدۇ جەمىلە ۋە زۇلپىقار،
دولقۇن سۆيۈپ تۇرغان تاشلىق قىرغاقتا.
ئۇلار جىمجىت كۆز تاشلايدۇ دېڭىزغا،
يالغۇز يەلكەن لەيلەپ يۈرەر ئۇزاقتا.
دولقۇنلارنىڭ ئەللەيلىشى ئاستىدا،
شىرىن ئۇيقۇ بىلەن ئۇخلار بار ئەتراپ.
جەمىلەنىڭ چاچلىرىنى ئوينايدۇ،
يىگىت دولقۇن كەبى يۇمشاق پىچىرلاپ.
دەيدۇ: قۇيرۇق سايدا بىكار ياتمايدۇ،
بۇ تەكلىۋى چۈشىنىشلىك شازارنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاقىۋېتى بولار تامام باشقىچە،
بۇ توغرىلىق بىز چىقارغان قارارنىڭ.
كۈنلەر بولدى قىلدۇق ئۇنى رازۋېتكا،
كونا قاتىل ئىكەن جىنسى قان دېغى.
سانسىز ئەرەپ ياشلىرىنى قىرىپتۇ،
بۇ يەھۇدى ساقچىسىنىڭ باشلىقى.
خوجايىنى بولۇپ ئاپتۇ بۇ يەردە،
بىزگە تەۋە زېمىن بىلەن سۇلارنىڭ.
ئۆلگەن جانلار قىلار قانغا قان تەلەپ،
قىساسىنى ئالماق كېرەك شولارنىڭ.
بۇ قۇترىغان ۋە ھىلىگەر يەھۇدى
بولۇپ قاپتۇ سىزگە يامان نىيەتتە.
قېرىپ قالغان ئۇ يولۋاسنىڭ ئاغزىغا،
سىزنى يالغۇز تاشلىمايمىز ئەلبەتتە.
بىزنىڭكىلەر سىز ئىشلىگەن داچىنى
ھۇشيار بولۇپ كۆزىتىدۇ ھەر كۈنى.
مەنمۇ ئۇندىن سىزنى قوغداپ تۇرىمەن،
بۆلمىڭىزگە يوشۇرۇنۇپ ھەر تۈنى.
ئالداڭ ئۇنى، ئەپچىل قولغا كەلتۈرۈڭ،
ئۆچ ئېلىشنىڭ تەنتەنىلىك پەيتىنى.
ئالايلى بىز كۆرەشلىگەن جوھۇتتىن،
كونا - يېڭى قۇربانلارنىڭ ئەنتىنى.
يان قورالنى ساقلاڭ دائىم بەتلەگلىك،
دېدى ئاگا يەنە خەنجەر ئۇزاتتى.
يالاڭ تىغدا يالتىرىدى ئاي نۇرى،
چاقناپ خەنجەر ئەتراپقا نۇر تاراتتى.



دېدى يىگىت: بۇ پەلەستىن خەنجىرى،
ۋە بوۋامدىن قالغان ئەزگۈ يادىگار.
ئېلىڭ بۇنى، سىزگە لازىم بولىدۇ،
قاراڭ! ئۇندا قىساس نۇرى يالتىرار...

× ×

يات قورادا تېپچەكلەيدۇ ئاق بوز ئات،
بەستى ئاپپاق، يايلى قارا ئۇنىڭكى.
ماڭلىيىدا ئالتۇن قاشقا پارلايدۇ،
ۋە قۇيرىقى تالا - تالا ئۇنىڭكى.
ئۇنى ئۆزگە يېشىل كۆزلۈك كىشىلەر
تۆۋرۈكلەرگە زەنجىرلىگەن قاتمۇ - قات.
تېپىسىپ يېقىن كەلتۈرمەيدۇ ھېچكىمنى،
تۇتقۇنلۇققا كۆنەلمىگەن ئەركىن ئات.
ئامال بولسا ئىدى ئۈزسە زەنجىرنى،
ئەركىن، چەكسىز كەڭلىكلەردە ئۇچسا ئات.
بىلەر ئىدى شامال كەبى ئۇچۇشنى،
ئۇچار ئىدى چىقارغاندەك ئۇ قانات.
ئىسيان قىلار زەنجىرلەردە يۇلقۇنۇپ،
كۆپ ئەقىللىق بۇ مەخلۇقى ئالەمنىڭ.
ئۇنىڭ غەمكىن كىشنىشىنى ئاڭلىسا،
يۈرەكلىرى ئېزىلىدۇ ئادەمنىڭ.
پەيدا بولۇپ قالدى ئۇنىڭ يېنىدا،
بوستان چاچلىق ئەرەپ قىزى بىر كۈنى.
قىزنىڭ يېقىن تۈسى ئاگا ئەسلەتتى،

يىراقلاردا قالغان تونۇش ئۆلكىنى.
ئايان بولدى چەكسىز قۇملۇق، تونۇش چۆل،
چاقناپ تۇرغان چۆل قوياشى يالقۇنى.
جانغا ئارام بەرگۈچى ئۇ كەڭلىكلەر،
شاماللارنىڭ كەچكى راھەت سالقىنى.
كۆزلىرىگە كۆرۈنگەندەك تۇيۇلدى،
قۇملار ئارا كۆكەرگۈچى ئوتلاقلار.
سۈزۈك ئوخچۇپ چىللىغاندەك تۇيۇلدى،
چۆل باغرىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقلار.
ئوخشاتتىمۇ ئىگىسىنىڭ قىزىغا،
جەمىلەنى يېقىن كۆردى تۇتقۇن ئات.
مېھرىۋانلىق قىلدى ئاڭا جەمىلە،
ۋە يايلىنى تاراپ تىزدى ئۇ پات - پات.
ئۆزگىلەرنى تېپىپ، چىشلەپ تۇرغان ئات،
جەمىلەدىن مەمنۇن بولۇپ يىدى يەم.
بولۇپ قالدى ياشقىچىلا مۇلايىم،
قىز يېنىدا ھازىر بولۇپ تۇرغان دەم.
ياشاڭغىراپ ئاتنىڭ يوغان كۆزلىرى،
قىزنىڭ بوستان چاچلىرىنى پۇرايتتى.
يۇرتدىشىغا ئۇچراشقاندەك مۇساپىر،
ئاڭا گويا مۇڭ تۆكەتتى، يىغلايتتى...

× ×

بەكمۇ ئەلەم بولدى مېھىر خانىمغا،
تۆگەشكەندەك ھىس قىلدى ئۇ ئۆزىنى.



جىنك. شازارى ئېلىپ كىردى داچىغا،
تېڭەپ يۈرگەن ساياق ئەرەپ قىزىنى.
كىم بىلىپتۇ نەدىن كەلگەن بۇزۇق ئۇ،
ۋىدنو سېتىپ يۈرگەن ئىركەن سەييارە.
شازار تېخى ئۇنى خانىم ئالدىدا،
تاماشىپ تۇرۇپ ماختاپ بەردى ئاشكارە.
ئۇنىڭسىزمۇ ئېغىر ئىدى خانىمغا،
ئۇزۇن بولدى تاشلاپ قويدى جىنك. شازار.
يىللاپ - يىللاپ يولىمىدى يېنىغا.
بۇ قىلمىشتىن يەتتى ئاڭا كۆپ ئازار.
گويا ئاپەت بولدى ئاڭا سىمىزلىك،
ۋە يېشىمۇ ئەللىكلەردىن ھالقىغان.
لېكىن كۆڭلى قايناق ئىدى يەنىلا،
ياشلىقتىكى ھەۋەسلەردىن قالمىغان.
ۋەسۋەسىگە سالار ئىدى پات - پاتلا،
ياشلىقىدا ئۆگەنگەن ئۇ ھەۋەسلەر.
ئاغزى - بۇرنى ئەتراپىدىن كەتمەيتتى،
ھاراق پۇراپ تۇرغان ھەر خىل نەپەسلەر.
ئەركەك زاتى يولىمىدى داچىغا،
مۈشكۈل ئىدى تەشنالىقنى قاندۇرماق.
پەقەت بىرلا توكۇر ۋالتىر بار ئىدى،
بىراق قېرى گېرمان ئەمەس ئىدى ساق.
قولتۇق تاياق بىلەن ئىدى ئۇ گېرمان،
ياغاچ پۇتلۇق، ئۆڭكى خۇنۇك، يادائىغۇ.
بىر كۆزى بار، يەنە بىرسى يوق ئىدى،
ئۇرنى ئىدى ئوچۇق گۆردەك قارائىغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇمۇ ئادەم ئىدى، خانىمغا
تېخى ئۆزىچە ئىش - پەش تارتىپ يۈرەتتى.
لېكىن خانىم ياقتۇرمايتتى ھېچ ئۇنى،
خۇددى قېرى مايمۇن كەبى كۆرەتتى.
جىك. شازارنىڭ بەرگەن يېڭى ئازارى
بۇ خانىمدا قوزغىدى زور ئۆچمەنلىك.
قىساس ئالماق بولدى ئاسىي ئىردىن،
ئۆلۈم تاپسۇن دىدى بۇ خىل خۇپسەنلىك.
ھازىرلاندى بىر كۈن تاماق ئالدىدىن،
تېپىپ قويدى كۈچى ئۆتكۈر بىر ئوغا.
سالدى ئۇنى ھېچكىشگە كۆرسەتمەي،
شازار ئۆزى ئىچىدىغان ۋىنوغا.
ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى شۇ پەيتتە،
ھاراق ئىچىپ ئالغان ۋالتىر توكۇرلاپ.
ۋالاقلىدى ئۇ خانىمغا سۈركۈنۈپ،
مۇھەببەتتىن ۋە ھەۋەسدىن ئۇرۇپ لاپ.
ئالمان - ئالمان قول ئۇزاتتى ۋىنوغا،
ئىككى قەدەھ قۇيدى ئۇندىن دەرھاللا.
بىرنى ئىچتى، بىرنى تۇتتى خانىمغا،
ئاشخانىنى قاپلاپ كەتتى چۇقانلار.
گاراڭ بولۇپ تېنەپ قالغان خانىمغا،
ۋىنونىمۇ ئىچكۈزدى ئۇ ئاخىرى.
ھېچكىم ئۇندا بولالمىدى ئۇ كۈنى
بۇ ئاجايىپ پاجىئەنىڭ زاھىرى...



× ×

ئاي ئاسماندا ئۈزەر يالغۇز يەلكەندەك،
بولۇتلاردىن. چىقىپ كىرىپ بولۇتقا.
شازار قاراپ ماڭدى ئەرەپ قىزىنىڭ
بۆلمىسىدىن چۈشكەن ئاپپاق يورۇققا.
خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى جەمىلە،
شازار كېلىپ ئىشىگىنى چەككەندە.
ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى، سەسكەندى —
شازار ئاڭا قېرى بېشىنى ئەككەندە.
دىدى شازار: كۆردىڭىزمۇ بۇ ئىشنى،
بۈگۈن چۈشتە ئۆلۈپ قالدى ئايالىم.
ئاشخانىغا كىرسەم ئۆلۈك يېتىپتۇ،
قورقۇپ كەتتىم، قالمىدى ھېچ مادارىم.
بىزار بولۇپ قالغان ئىدىم ئۆزەمدۇ،
مەيلى ئۆلسە ئۆلۈۋەرسۇن ئۇ ئاخماق.
لېكىن ماڭا ئېغىر چۈشتى بولەكچە،
مەسلىھەتچى ۋالتىرنىمۇ يوقاتماق.
ئۇ ئەقىللىق ئادەم ئىدى، بىر ئۈچۈن —
تېخى لازىم ئىدى ئۇنىڭ كاللىسى.
ئۇنىڭ بىلەن قىلار ئىدىم ئىپتىخار،
ۋە قەلبىمنى تولدۇراتتى شان ھىسى...
مىكيانىسىز يۈرگەن يالغۇز خورازدەك،
قاراڭ ماڭا، قالدىم ئەمدى ئايالسىز.
لېكىن بىزگە باغرى كەڭرى دۇنيانىڭ،

بۇ توغرىلىق ئەمەسمەن ھېچ ئامالسىز.
قوچقار دېگەن ھامان قوچقار، بەربىر
قېرىسىمۇ يوقاتمايدۇ پەيلىنى.
تارتالىسام كۆپ بەختىيار بولاتتىم،
سىزدەك ئەرەپ گۈزەللىنىڭ مەيلىنى.
دېدى قىزغا شازار خۇنۈك ھېجىيىپ،
ۋە ئىنتىلدى ئاڭا ئېچىپ كەڭ قۇچاق.
چاچراپ تۇرۇپ تۇستى ئۇنى قىز دەرھال،
ۋە يۈزىگە سالدى ئاچچىق شاپىلاق.
بۇ شاپىلاق ئۇنىڭ سېرىق يۈزىگە
كېلىپ تەگدى چاقماق كەبى ۋە ئوتتەك.
شۇ دەقىقە، قىزنىڭ كۆزى ئالدىدا
بىر كۆرۈنۈش ئايان بولدى سۈرەتتەك:
شامال ئېلىپ كىلەر تۈرلۈك سادانى:
نالە - پەريات، يىغا - زارە ۋە قاغاش.
تانكىلارنىڭ گۈلدۈرلىشى، ئېتىشما،
بەزەن تۇتۇق، بەزەن ئېنىق پارتىلاش...
ئېلىپ كىلەر بەزەن ئاچچىق ھۆشقىتىپ،
ئوتتا كۆيگەن ئادەم ۋە قان ھىدىنى.
شامال بىلەن بېسىپ كېلەر ئەتراپنى،
يانغىنلارنىڭ تۈن رەڭگىدەك تۈتۈنى.
قارا چېچى شامال بىلەن چۇگۇلۇپ،
قېچىپ كېلەر ياش بىر ئەرەپ ئايالى.
قوللىرىدا بۇدرۇقىنا، قارا كۆز —
بوۋاق — ئۇنىڭ جان رىشتىسى، نىھالى.
بۆرىلەردىن قاچقان تەنھا كېيىكتەك،



قاچار ئايال، يېتىپ كىلەر قىرغاققا.
ئارقىسىدىن ئاپتوماتلىق يەھۇدى
قوغلاپ ئۇنى سۈرۈپ كېلەر بۇ ياققا..
خەنجىرىنى چىقاردى قىز غەزەپلىك،
ئۇنىڭ نۇرى كەتتى سوغۇق يالتىراپ.
بىر پارتىزان چىقىپ تۇستى ئىشكاپتىن،
قاچماق بولغان چاغدا شازار ئالدىراپ.
ئىككى ئۇۋچى قاپساپ ئالغان بۆرىدەك
قېرى جوھۇت قالدى ئاجىز تەنتىرەپ.
پەلەستىننىڭ تىغى تازا خەنجىرى
قىلار ئىدى شۇ دەم ئۇندىن قان تەلەپ.
ياش قاپلاندەك ئىرغىپ يېتىپ كەلدى قىز،
ۋە خەنجىرى پاتتى ياۋۇز يۈرەككە.
قان ئۇرغىغان بۇ جەسەتنى زۇلپىقار،
سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ قويدى يۆلەككە.
قايتىپ كىرىپ دېدى قىزغا: بىز بۇندا،
ھەممە يەرنى قويدۇق تامام مىنالاپ.
پارتىلىتىپ داچىلارنى، زاۋۇتنى،
چېكىنەيلى قىرغاقلارنى پانالاپ.
— ماقۇل! — دېدى كۈلۈپ ئاڭا جەمىلە،
تەس ئىش ئەمەس، ماڭا تونۇش مەشغۇلات!
تۇتقۇن ئاتنى بىللە ئېلىپ كېتەيلى،
بولار يولدا بىزگە ھەمرا ۋە قانات...

× ×

بەلگە بەردى يىراق دېڭىز سەتھىدىن،
قول چىرىغى يېنىپ يالغۇز يەلكەندە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سادا بەردى قۇدرەتلىك پارتىلاش،
زۇلپىقارلار تاش قىرغاققا كەلگەندە.
تاش - تۇپراقتەك ئۇچتى كۆككە بىر پەستە،
قىرغاق بويلاپ كەتكەن قاتار داچىلار.
كۆچمەنلەرنىڭ دوكانلىرى ۋە زاۋۇت،
پىرىستان ۋە ھەشەمەتلىك باغچىلار.
يىگىت ۋە قىز ئاق بوز ئاتقا مىنگەشكەن،
چىپىپ كېلەر چىقارغاندەك ئۇ قانات.
يايراپ - ياشناپ شامال كەبى ئۇچىدۇ،
زەنجىرلەردىن ئازات بولغان ئەركىن ئات.
قاراڭغۇلۇق باسقان بارچە ئەتراپنى،
چۈگىلەيدۇ ئىستەك زۇلمەت ئۇپقۇنى.
ئات تۇيىغى قىرلىق تاشقا تەككەندە،
چاچراپ چىقار ئۇندىن ئوتنىڭ ئۇچقۇنى...
ئاھ، سەن ئۇچقۇن! زۇلمەت تۈندە چاچرىغان،
ئالتۇن ئۇچقۇن، پەلەستىننىڭ ئۇچقۇنى.
چاچرايسەندە، ئۇرناپ شۇ ئان يۈرەككە.
ئوتقا ئوخشاش ياندۇرىسەن تۇيغۇنى.
ئاھ، سەن ئۇچقۇن، يانغان ئوتنىڭ ئۇچقۇنى،
ئۈمىت بولۇپ چاقناپ تۇرغان زۇلمەتتە.
مەڭگۈ كۆزنى قاماشتۇرۇپ ئۆتىسەن،
چاقماق نۇرى چاقنىغاندەك زۇمرەتتە.
سەن ھاياتنىڭ يورۇق نۇرى دۇنيادا،
سەن ھاياتسەن، قىلالمايدۇ ھېچكىم يوق.
چاقناشلىرىڭ سېنىڭ شۇنچە بىباھا،
سەن — ۋەتەنسەن، سەن — ئەركىسەن، سەن — ھوقۇق!...



## خاتىمە

پەلەستىنگە ئاتالغان بۇ داستاننى،
باشلىغانمەن يىگىرمە ئۈچ يېشىمدا.
ئون تۆت يىلدىن بۇيان شېئىرى ئوبرازلار،
شەكىللىنىپ كەلدى مېنىڭ بېشىمدا.
كۆيلىمەكنىڭ قايناق ئارزۇسى بىلەن
ئۆتتى ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بۇ ياشلىق.
بۇ تارىخى كۈرەشكە ئۇلارنىڭ،
قىلىپ كەلدىم ھامان قىزغىن ھەمداشلىق.
پەلەستىننىڭ باتۇر ئوغۇل - قىزلىرى،
داۋام قىلىپ كەلدى ھامان كۆرەشنى.
ئۇلار جاپا چەكسە مەنمۇ قايغۇردۇم،
خۇشال بولدۇم ئاڭلىغاندا ئۆرلەشنى.
ئازاپلاندىم، ئايالالار ۋە قېرىلار،
خاراپ بېيروت لاگېرىدا ئۆلگەندە.
خۇددى ئاتام ياكى ئانام ئۆلگەندەك،
ئۇزاق كۈنلەر بولدۇم روھى ماتەمدە.
قەشقەر خەلقى قۇربان ھېيتى نامىزىدا،
ھېيتىگاھدا قول كۆتەردى دۇئاغا.
پەلەستىنگە ئاتاپ قىلدى قىرائەت،

ياراتمىشتىن نىجات تىلەپ ئۇلارغا.
ئاتاپ ئەرەپ قۇربانلىرى روھىغا،
تۈمەن خەلق دۇئا قىلدى بىر تۇتاش.
مەنمۇ يازغان مىسرالىرىم ئۈستىدە،
كۆڭلى يۇمشاق خەلقىم كەبى تۆكتۈم ياش.
داستانىمنىڭ سەھىپىلىرى ئىچىدە،
تۆككەن ياشنىڭ قۇرۇپ قالغان دېغى بار.
داستانىمغۇ پۈتتى، ئۇلار توغرىلىق
يازىدىغان گەپ - سۆزلىرىم تېخى بار.
مەھسۇلدۇر مېنىڭ يازغان داستانىم،
نۇرغۇن يىللار بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ.
ئۇندا قايناق ياشلىقىمنىڭ ئەجرى بار،
ۋە ئۇيقۇسىز ئۆتكەن ئۇزاق تۈنلەرنىڭ.
پۈتتى مېھنەت، سادا بېرىپ توختىدى،
مەغرۇر كۆيدە جاراڭلىغان دىل سازىم.
يازغىنىمدىن مەمنۇن بولغان بولاتتىم،
ئاشۇلارغا يەتسە يۈرەك ئاۋازىم!...

1970 — 1976 - يىللار، كورلا.
1984 - يىل 6 -، 7 - ئاي، ئۈرۈمچى.



白头巾的神女（维吾尔文）
著者：库尔班·巴拉提　责任编辑：贺加克
新疆青年出版社出版
（乌鲁木齐建设路九号）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　21印张
1984年10月第1版　1984年12月第1次印刷
印数：1—20,200
统一书号：M10124·121　定价：1.10元